# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

# 吐鲁番学研究

# TURFANOLOGICAL RESEARCH

2

2013

吐鲁番学研究院 主办

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ نەشر ئەپكارى

吐鲁番学研究

تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

Turpanological Research

2013.2

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

(内部资料 免费交流)

吐鲁番学研究

主管单位：新疆吐鲁番研究院
主办单位：新疆吐鲁番学学会 吐鲁番学研究院
编辑：《吐鲁番学研究》编辑部
地址：乌鲁木齐市延安路711号（新疆伊斯兰教经文学院）3号楼2单元502房
印刷时间：2013年12月
印刷：乌鲁木齐大金马印务有限公司
邮政编码：830000 电话：0991-2566833 15276690963
新疆内部资料（刊形）准印证：0153W

تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسى
نەشر قىلغۇچى: «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ئۇيغۇر تەھرىراتى
ئادرېس: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 711-نومۇر «شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى» قوروسى 3-بىنا 2-ئىشىك 502-ئۆي
بېسىلغان ۋاقتى: 2013-يىلى 12-ئاي
باسقان ئورۇن: ئۈرۈمچى داجىنما باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
پوچتا نومۇرى: 830000 تېلېفون: 0991-2566833
ش ئۇ ئا ر ئىچكى ماتېرىيال (مەجمۇئە) لارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى 00153W
ئېلخەت: arkinqutluq@163.com

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇبخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net



# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

2013 ـ يىللىق 2 ـ سان (ئومۇمىي 28 ـ سان)

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: ئابلا قاسىم    مۇئاۋىن مۇدىرى: ئەركىن بارات  ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق
باش مۇھەررىرى: ئەركىن بارات    مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق
تەھرىر: ئابدۇكۇل ئابلىمىت   ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق   زۇلپىيە مۇھەممەت   تۇمەرجان ئابدۇقادىر

## بۇ ساندا

**تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى**

تۇرپان ئارخېئولوگىيەسى ۋە تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى ........................................ ئابلىم قېيىۋم ... 2
قوچو ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلى ......................... تيەن ۋېيجياڭ (ي) ... ئابلەت نۇردۇن(ت) ... 8

**تۇرپان مەدەنىيەت تەتقىقاتى**

تۇرپاندىن تېپىلغان فارفۇر چاقچۇق بۇيۇم پارچىلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە ................ ئابلەت ئابلا ... 24
تۇرپاندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ھەققىدە ......... زەيتۇنگۇل ئابدۇراھمان ... 30

**قوچو ئۇيغۇرمەدەنىيىتى تەتقىقاتى**

ئۇيغۇر پىچاقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ گۈل تاجى ــ يېڭىسار پىچاقچىلىقى توغرىسىدا ............ ئابدۇشۇكۇر راشىدىن ... 38
ئۇيغۇر يېگى ماتارىپىدىن يارقىن بىر ئۆرنەك ........................................ مەھمۇد زەيدى ... 44

**مەشھۇرشەخسلەر**

ئىدىقۇت ئوغلانى تاتا تۇڭا ھەققىدە ........................................ پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى ... 59
رادلوف ۋە ئۇنىڭ تۈركولوگىيە تەتقىقاتى ........................................ يۇسۇپجان ياسىن ... 62

**غەربىي يۇرت تىل تەتقىقاتى**

«بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» نىڭ ئۇيغۇر لۇغەتچىلىك تارىخىدىكى ئورنى ... قەدىردىن نۇرئەھمەد ... 82
ئۇيغۇر تىلى بىلەن تۈرك تىلىنىڭ فونېتىكىسى ئۈستىدە سېلىشتۇرمىلىق تەھلىل ... مېھرىگۈل خېلىل، گۈلنار مجىت ... 93
قارا دۆۋە يەرلىك تىلى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ............ ئابلاجان يۇسۇپ تەھۇر ... 102

**يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى**

ئىران تىلىدا يېزىلغان تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى رەتلىنىش ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ............................... ۋ. شۇدېمان(ي) .........ئىمىن تاجى تۇرگۇن(ت) ... 119
«ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ ۋارىيانتلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما ............................ ئەمەت دەرۋىش ... 127
كىرۋران نامى ۋە كىرۋران خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى توغرىلىق مۇھاكىمە ............ غالىب بارات ئەرك ...150

# تۇرپان ئارخېئولوگىيەسى ۋە تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى توغرىسىدا

ئابلىم قېيىيۇم

## تۇرپان ئارخېئولوگىيەسىنىڭ باشلىنىشى

مەن بۇ ماقالىنى يېزىشنى باشلاشتىن بۇرۇن تۇرپان ئارخېئولوگىيەسىنىڭ باشلانغان ۋاقتىغا مۇناسىۋەتلىك خېلى كۆپ ماتېرىياللارنى كۆردۈم ھەم ئالىم، مۇتەخەسسىسلەردىن ئۈچۈر ئىگىلىدىم. ئالىملارنىڭ ئۇچۇرىنى ئاساس قىلىپ «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئىلمي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى خەۋىرى» 1988 ـ يىلى 4 ـ سانىدىن، 1811 ـ يىلى چەتئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەر تۇرپاندا تۇنجى قېتىم ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتقا ئېرىشتىم①.

## تۇرپان ئارخېئولوگىيەسىنىڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

تۇرپان رايونىدا 1811 ـ يىلىدىن باشلاپ ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ ئۇزۇن بىر جەرياندا نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالدى. بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارىسىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلار بار ئىدى. بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ يېزىقى ۋە تىلى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، دۆلىتىمىز ۋە چەتئەللىك ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. چەتئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەر قېزىۋېلىنغان يازما يادىكارلىقلارنى ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ بېرىپ، بۇ يادىكارلىقلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغاندىن كېيىن بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات قىزغىنلىقى دۇنياۋىي خاراكتېرنى ئالدى.

تۇنجى قېتىم تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان كىشى رۇسىيەلىك فۇدىكشىيېۋ بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى 1811 ـ يىلى «سىبىرىيە خەۋىرى» ناملىق ژۇرنالدا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، يۇقىرى سەۋىيەدىكى مەدەنىيەت ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ھەقىقى چۈشىنىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات خەلقارادىكى ئىلىم ساھەسىنىڭ ئېتىۋار بېرىشىگە تېخىمۇ ئېرىشتى. بولۇپمۇ تۇرپاندىن تېپىلغان مىللىي تىل ـ يېزىقلاردا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار ھەققىدىكى تەتقىقات «تۇرپانشۇناسلىق» دەپ ئاتالغان ئىلمي تەتقىقات خىزمىتىگە مەركەزلەشتى. خەلقارادىكى ۋە دۆلىتىمىزدىكى ئىلىم ساھەسىنىڭ ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئېتىبار بىلەن قارايدىغان تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلاندى، «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» بىلەن بولغان ئارىلىقى بارغانسېرى يېقىنلاشتى.

## تۇرپان ئارخېئولوگىيەسى ۋە تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشى

1811 ـ يىلىدىن باشلاپ تۇرپاندا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش خىزمەتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن، تۇرپاندىكى قەدىمكى ئىز ـ خارابىلىرىدىن كەينى ـ كەينىدىن ھەرخىل يېزىقلاردا يېزىلغان قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلار بايقالدى. نۇرغۇن چەتئەللىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى جەريانىدا بايقىغان ۋە ئارخېئولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن تەڭ نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلارنى ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كېتىشتى. ئۇلار بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. چەتئەللىكلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

تەتقىقات ئېلىپ بارغان بۇ يازما يادىكارلىقلار تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ھەم تۇرپان رايونىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ تەتقىقاتنى خەلقارادىكى ئىلىم ئەھلى «تۇرپانشۇناسلىق» دەپ ئاتاشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» دەپ نام بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» تەتقىقات خىزمىتى خەلقارادىكى ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا ھەقىقى قىزغىنلىق بىلەن يۈكسەك ئورۇنغا قويۇلۇپ تەتقىق قىلىنىشقا باشلىدى. بۇلاردىن مەلۇم بولىدۇكى، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى تەتقىقاتى تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيەلىك خىزمەتلەرنىڭ نەتىجىسىدە ‹‹تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى ›› بارلىققا كەلدى. ئەگەر تۇرپاندا ئارخېئولوگىيەلىك خىزمەتلەر ئىشلەنمىگەن بولسا «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» نىڭ شەكىللىنىشى، خەلقارادىكى ئىلىم نۇپۇزلۇقلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيەلىك خىزمەتلەرنىڭ 1811 ـ يىلى رۇسىيەلىك فۇدىكشىيۋ تۇرپان رايونىدا ئىشلىگەن ئارخېئولوگىيەلىك خىزمەت نەتىجىلىرىنى دۆلىتىگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، «سىبىرىيە خەۋەرلىرى» دېگەن ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىش بىلەن باشلىنىپ جاھانغا تارالغان دېيىشكە بولىدۇ ②. 1879 ـ يىلى لىگار تۇرپانغا كېلىپ ئېلىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى جەريانىدىكى نەتىجىلىرىنى دۆلىتىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن پېتىربورگدا چىقىدىغان «جۇغراپىيە ئايلىق خەۋىرى» تېمىسىدىكى ژۇرنالدا ئېلان قىلغان③

1893 ـ يىلى لوپنوپىسكى ـ كىزنوپلار شۇ يىلى 12 ـ ئايدىن ياندۇرقى يىلى 10 ـ ئايغىچە تۇرپاندا ئىشلىگەن ئارخېئولوگىيەلىك خىزمەتلەر داۋامىدا قولغا چۈشۈرگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتاپ ۋە باشقا يېزىقلاردا يېزىلغان نوم قاتارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن . ئۇ شۇ قېتىم ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاساسىدا ‹‹ ئوتتۇرا ئاسىيا تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ مەشغۇلاتى›› ناملىق كىتابىنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان④.

1897 ـ يىلى كېلىلمىنتىسن «تۇرپان ۋە قەدىمي ئىزلار» تېمىسىدىكى ماقالىسىنى يېزىپ، تۇرپاندا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيەلىك خىزمەتلىرى داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن تام رەسىمى، ئويما ئابىدىلەر، خەنزۇچە، تىبەتچە، ئۇيغۇرچە يېزىقتا يېزىلغان كىتاپ، ۋەسىقە ۋە نوملارنى ئېلان قىلغان⑤.

1899 ـ يىلى ۋ.ۋ.رادلوف ئىتالىيەنىڭ رىم شەھىرىدە ئېچىلغان خەلقارا شەرقشۇناسلىق قۇرۇلتىيىدا روسىيە شەرىقشۇناسلىرىغا ۋاكالىتەن تەكلىپ بېرىپ، ‹‹ روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيانى تەتقىق قىلىش تەشكىلى›› نى قۇرغان ⑥.

1909 ـ يىلى ئۇلۇنبورگ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ، قەشقەر ئارقىلىق تۇرپانغا كېلىپ، تۇرپاندىن قەدىمكى پۇل، رەسىم، ئويما نەقىش، ھەرخىل كىتاپ ـ ۋەسىقىلەرنى ئېلىپ كەتكەن. شۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئېلان قىلغان خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا تۇرپاندىن تارتقان ھەرخىل فوتوسۈرەتلەرنىڭ لېنتىسىلا 8000 ئورامغا يەتكەن⑦.

شۇ چاغلاردا رۇسىيەدىن كەلگەن ۋالىن ئىلكوۋ، كىرۇپاتكىن قاتارلىقلار تۇرپانغا كېلىپ، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن ئىلگىرىكى بىرنەچچە پارچە تەزكىرىسىنىمۇ ئېلىپ كەتكەن⑧.

تۇرپانغا كەلگەن چەتئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەردىن ستەيىن تۇرپاندىن بىرقانچە قېتىمدا ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇ نەشىر قىلدۇرغان ئەسەرلىرىدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، خەنزۇ يېزىقىدىكى تاش پۈتۈكلەرنىڭ سانى 370 پارچىغا، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنىڭ سانى 500 پارچىغا يېتىدىكەن. بۇلاردىن باشقا يەنە خېلى كۆپ ساندا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى، ئورقۇن يېزىقىدىكى، تىبەت يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرمۇ بارىكەن ⑨.

1914 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ستەيىن تۇرپاندىكى بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى، قەدىمكى قەبرىلەردىن ھەم خەلق ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان

نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ شۇ چاغدا ئېلىپ كەتكەن ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 182 ساندۇقتا يەتكەن. ⑩

ستەيىن يېزىپ نەشىر قىلدۇرغان تۆت توملۇق، «ئاسىيانىڭ مەركىزى رايونىغا ساياھەت» دېگەن تېمىدىكى كىتابىدا، ئۇ ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمىنىسىلا ئېلان قىلىنغان. □

## تۇرپان ئارخېئولوگىيەسى ۋە تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى

تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيە خىزمەتلىرىنىڭ يىلسېرى راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ۋە ھەر خىل تىل - يېزىقلاردا پۈتۈلگەن ۋەسىقىلەرنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان دۆلەت ئىچىدىكى ۋە چەتئەللىك ئالىملار بارغانسېرى كۆپەيدى. مەسىلەن، گېرمانىيەلىك ئاننامارىيە ۋون گاباىن خانىمنىڭ «قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» دېگەن ئەسىرىدە، تۇرپان رايونىدىن بايقالغان يازما يادىكارلىقلار ھەققىدىكى خاس تەتقىقاتى مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان. گاباىن خانىمنىڭ تەتقىقاتىدا تەتقىقات تەپسىلاتلىرى مۇنداق بايان قىلىنغان.

Bizning ontuqumuz yuzlukumuz alimcimiz Derimcimiz aqamiz inimiz Kim Kim

(ئونلۇقىمىز، يۈزلۈكىمىز، ئالغۇچىمىز (بىزگە قەدرىنى بەرگۈچى)، بەرگۈچىمىز (بىزدىن قەرز ئالغۇچى)؛ ئاكىمىز، ئىنىمىز ۋە باشقىلار)

Aky biztep atmazn qatilmazunlar)

«بۇ بىزگە تېگىدۇ، ئالىمىز» دەپلا ئېلىۋالمىغاي) □

Bes altun yastuq «ئالتۇن پۇل» (بەش ئالتۇن ياستۇق) ، ياكى قىسقارتىلىپ altmis altun

(57 - 5) (ئاتمىش ئالتۇن) دېيىلىدۇ.

Taqiqu yumurtqa (توخو) Taqiqu (توخۇ تۇخۇمى) دېگەنگە ئوخشاش تەتقىقاتلار گاباىن خانىمدەك چەتئەللىك ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدۇر.

يەنە فرانسىيەنىڭ نوپوزلۇق ئالىمى جامىس ھامىلتون 1955 - يىلى «بەش پادىشالىق دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن كىتابىنى، قەدىمىي ئانا ماكانىمىز قوچودىكى ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا تېپىلغان يازما يادىكارلىقلارغا ئاساسەن يېزىپ چىقىپ نەشىر قىلدۇرغان.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، فرانسىيەلىك نوپوزلۇق تەتقىقاتچى پائول پېللىئوت تۇرپاندىن قېزىۋالغان يازما يادىكارلىقلار ئاساسىدا كەينى - كەينىدىن 7 توملۇق كىتاب نەشىر قىلدۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى 3 - تومى «ئىككى تېكىن ھېكايىسى» دېگەن تېمىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە قوليازما كىتاب ئىكەن.

يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىپ كۆرسەتكىنىمىزدەك تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش جەريانىدا يازما يادىكارلىقلارنىڭ بايقىلىشى، «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» نىڭ تەرەققىياتىنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈردى. دۆلەت ئىچىدىكى ۋە چەتئەللەردىكى «تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرىنى» تەتقىق قىلىۋاتقان ئالىملارنىڭ ھارماي - تالماي ئىزدىنىشى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئىشلىرىنى ھەقىقىي يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى. بۇ يەردە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، دۆلىتىمىزدىكى ۋە چەتئەللەردىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتى مۇناسىۋەتلىك ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خەلقئارادىكى جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ ناھايىتى زور قىزىقىشىنى قوزغىدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇنىڭدىن 200 يىللار ئىلگىرى كۆرگەن خەۋەرلىرىگە ئاساسەن، تۇرپان دىيارىغا كېلىپ، بۇ قەدىمىي ماكاننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېتىشنى ئارزۇلاپ يۈرگەن كىشىلەر بۇ ماكانغا قەدەم بېسىپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ كىشىلەر يۇرتىمىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنىلا ئەمەس بەلكىم خاس مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ كۆرمەكتە. مانا بۇ چەتئەللىكلەر بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى كىتابلاردىلا ئوقۇپ، ھەقىقىي كۆرۈش ئىستىكىدە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولغان بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۇلار تۇرپانغا كەلگەندىن كېيىنلا كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. چەتئەللىكلەر بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرۈپ، بۇ مەدەنىيەت ئىگىلىرىنىڭ بۇ قەدىمىي زېمىندا ياشاۋاتقانلىقىدىن تېڭىرقىدى، ھەقىقەتەن بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان كىشىلەر كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت شەكىللىرىنى ياراتقان كىشىلەرمىدۇ دەپ ئۇيغا پاتتى.

ئۇلار بۇ يەردە بايقىغان ھەم ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كېتىلگەن مەدەنىيەت قالدۇقلىرى، قەدىمكى تىل يېزىقلار ئۈستىدە قېترقىنىپ ئىزدەندى. ئاخىرى بۇ زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ مۇشۇ مەدەنىيەت شەكىللىرىنى ياراتقان كىشىلەر ئىكەنلىكىگە پۇتتى. بۇ خىل ئىشىنىش، شۇ ئىزدەنگۈچىلەردە زور دەرىجىدىكى ئىشىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى. نەتىجىدە تۇرپان ئارخېئولوگىيەسىدىكى ھەر خىل تەتقىقات خىزمەتلىرى، جۈملىدىن- ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقات، مەدەنىيەت يادىكارلىقى تەتقىقاتى، تارىخ تەتقىقاتى، جەمئىيەت تەتقىقاتى، ئىقتىساد تەتقىقاتى، يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى ، قەدىمكى تىللار تەتقىقاتى قاتارلىق «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئىلمى» غا تەۋە تەتقىقاتلار قانات يايدۇرۇلدى. تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» تەتقىقاتى خىزمىتىنىڭ ئاساسى پۇختىلىنىپ، تەتقىقات خىزمىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. دەۋرىمىزگە كەلگەندە «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» تەتقىقاتى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرلۈپ تەتقىق قىلىنماقتا.

2002- يىلى 8- سىنتەبىردىن 15 - سىنتەبىرگىچە گېرمانىيەنىڭ بېرلىن دۆلەتلىك ھىندى سەنئىتى مۇزېيىنىڭ خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىن زالىدا، «تۇرپانغا قايتا زىيارەت يىگى ئەسىردە يىپەك يولىنىڭ سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» تېمىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن چەتئەللىكلەرنىڭ ھازىرمۇ «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» تەتقىقاتى خىزمىتىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز .

تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى بىلەن تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىشىپ، 2001 - يىلى 8- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە تۇرپان شەھىرىدە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە ، تۇنجى قېتىملىق خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى.

2005- يىلى 8- ئايدا تۇرپاندا 2- قېتىملىق «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» تەتقىقاتى بويىچە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئېچىلدى.

2008- يىلى 9 - ئاينىڭ 19- كۈندىن 21- كۈنىگىچە تۇرپاندا «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» تەتقىقاتى ساھەسى بويىچە 3- قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى.

2010- يىلى 10- ئاينىڭ 22-كۈنى تۇرپاندا «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» تەتقىقاتى ساھەسىدە 4- قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى «غەربىي يۇرت قەدىمكى تىلشۇناسلىقى بويىچە ئالىي دەرىجىلىكلەر مۇھاكىمە يىغىنى» نى ئاچتى.

2012-يىلى تۇرپاندا تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 5- قېتىملىق «يىپەك يولى مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى يوللار ئۈستىدە تەتقىقات » خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى.

«تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» تەتقىقاتى ساھەسىدە بۇنىڭدىن كېيىن ئىلمىي ئىزدىنىشلەر ھەرگىزمۇ توختاپ قالمايدۇ. ھازىر دۆلىتىمىزدىمۇ ئىجتىمائى پەن تەتقىقاتى - ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» تەتقىقاتى ئىشلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىدۇ. تېخىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ.

تۇرپان ئارخېئولوگىيەسى ۋە تۇرپاندا تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى تۇرپان رايونىدا ئارخېئولوگىيەلىك خىزمەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىشلىنىشى نەتىجىسىدە، خەلقئارادىكى ئىلىم نوپوزلۇقلىرى ئورتاق ئېتىراپ قىلىشى نەتىجىسىدە «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» شەكىللەندى. بۇ ئىلىمنىڭ شەكىللىنىشى، خەلقئارا ئىجتىمائى پەن تەتقىقاتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. بۇ خىل تەرەققىيات، تۇرپان رايونىدا ، «تۇرپانشۇناسلىق

ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ قۇرۇلۇشىغا پۇختا ئاساس سالدى. نەتىجىدە 1988- يىلى 11- ئاينىڭ 22- كۈنى تۇرپاندا، «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى » قۇرۇلدى.

«تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ قۇرۇلۇشى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن پۇتكۇل تۇرپان رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى تەرەققىياتى بويىچە بەس مۇنازىرە قىزىپ كەتتى. پۇتكۇل تۇرپان رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ كەلگۈسى ئۇلۇغۋار پىلانلىرى ئۇستىدە لايىھىلەر ئىشلەندى. «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» نۆۋەتتە مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر تەرەپىدىن، «پۇتكۇل ئاپتونوم رايونىمىز ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى بىر ئۇستۇنلۇك» دەپ قارالماقتا. ھەقىقەتەنمۇ «دۇنخۇاڭشۇناسلىق بىلەن تۇرپانشۇناسلىق» تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدىكى تېمىلاردۇر.

تۇرپاندا تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى گەرچە 1988- يىلى قۇرۇلغان بولسىمۇ، «تۇرپاننى دۇنياغا تونۇتۇش» يولىدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەندى.

تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، تاكى ھازىرغىچە، ئاپتونوم رايونىمىز ھەم مەملىكىتىمىز دائىرىسىدە، كۆپ قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. بۇ يىغىنلار ئارقىلىق، تۇرپان رايونىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز، دۆلىتىمىز ئىچىدە شۇنداقلا خەلقئارادىكى مۇھىم ئورنىنى تونۇتتى.

2001 - يىلى 8- ئايدا تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، خەلقئارادىكى مۇھىم ئورنىنى قايتىدىن تىكلىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كىشىلەر ئېيتىۋاتقان، - «تۇرپان جۇڭگودا، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى چەتئەللەردە» دەيدىغان قاراشنى ئۆزگەرتتى. تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۇزۇل - كېسىل، قانۇنلۇق ئاساستا تۇرپانغا قايتىپ كەلدى.

تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتى» خىزمىتىنى داۋاملىق ئالغا يۇكسەلدۇرۇش ئۇچۇن، تېخىمۇ ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۇستىدە ئىزدىنىپ، تېخىمۇ ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۇزمەكتە.

قىسقىسى، ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» نىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتە شەكىللىنىپ، ئېتىراپ قىلىنىشىغا 200 يىلدىن ئاشتى. بۇ 200 يىل مابەينىدە «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» ئۇزلۇكسىز راۋاجلاندى. تۇرپاندا بۇ ئىش سەل كېچىكىپرەك ۋۇجۇتقا چىققان بولسىمۇ، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ۋە خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئەستايىدىل ئۆتەپ كەلدى. جەمئىيەت ئىنتىلگەنگە ئىنتىلدى. جەمئىيەت تەلەپ قىلغاننى ئۇلارغا بەردى. ھەقىقەتەن خەلقنىڭ تەلەپ قىلغىنىنى خەلققا ئاتا قىلالىدى.

«تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» بۇندىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» نىڭ يېڭى باھارى ئۇستىدە ئىزدىنىپ، تېخىمۇ يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشكۇسى.

## پايدىلانمىلار:


① شىنجاڭ پەلسەپە ئىجتىمائى پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى خەۋەرلىرى، 1988 - يىلى 4 - سان خەنزۇچە 4 - بەت.

②③④⑤ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ژۇرنىلى 2010 - يىلى 2 - سان 47 - بەت

⑥⑦⑧ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ژۇرنىلى 2010 - يىلى 2 - سان 48 - بەت

⑨⑩ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ژۇرنىلى 2010 - يىلى 2 - سان 47 - ، 48 - بەتلەر

⑪⑫ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ژۇرنىلى 2010 - يىلى 2 - سان 18 - بەت


(ئاپتور: تۇرپانشۇناسلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى)

تەھرىرلىگۇچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ماقالە قوبۇل قىلىش بىلدۈرگۈسى

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئۇزۇندىن بۇيان نەشر ئەپكارىمىز «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىمىزنى يېقىندىن قوللاپ كېلىۋاتقان مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەر، ئەزىز مۇئەللىپلەر، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۇرپانشۇناسلىق ئاكادېمىيەسى بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىلمىي نەشر ئەپكارى بولۇپ، بۇنىڭدا، تۇرپاننىڭ ئارخېئولوگىيەلىك يېڭى تېپىلمىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، تارىخى مەدەنىيىتى، دىن، ھەربىي ئىشلار، مىللەتشۇناسلىق، تىل-يېزىق، قەدىمكى ئېگىلىك، باغۋەنچىلىك، ئۈزۈمچىلىك، كارىزچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، كۇنۇك-ئادەت، شۇنداقلا، تۇرپانشۇناسلىققا دائىر تەتقىقات-ئىزدىنىشلەر، مۇلاھىزىلەر، قەدىمكى ئەسەرلەر، ۋەسىقە-ھۆججەتلەر تەتقىقاتى، چەتئەللەردىكى، تۇرپانشۇناسلىققا ۋە دۇنخۇاڭشۇناسلىققا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ماقالىلىرى ئاساس قىلىنغاندىن باشقا، شىنجاڭنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار ئىلمىي ماقالىلەرمۇ ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملارغا بەس مۇنازىرە مۇنبىرى ھازىرلاپ بېرىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ مۇشۇ ھەقتە يېزىلغان ماقالىلىرىنى ئەۋەتىپ خىزمەتلىرىمىزنى داۋاملىق قوللاپ ژۇرنىلىمىزنىڭ تەتقىقات سەۋىيەسىنى، ئىلمىي قىممىتىنى ئۆستۈرۈشكە ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرگە مۇۋاپىق ئۆلچەمدە قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ.

## ماقالە ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە:

1. ماقالە ئەۋەتكۈچىكەرنىڭ ئەۋەتمەكچى بولغان ماقالىسىنى «ئەلكاتىپ» (alkatip jornal) سىستېمىسىدا قوش ئىستونغا ئايرىپ بېسىپ ئېلېكترون نۇسخىسىدا ئەۋەتىشىنى؛

2. ئەۋەتمەكچى بولغان ماقالىنىڭ تېمىسىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ ئەۋەتىشىنى؛

3. ماقالە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ ئىسىم-فامىلىسى كىملىكتىكى ئىسىم-فامىلىسى (كىملىكتىكى خەنزۇچە خەت بويىچە يېزىلغان ئىسىم-فامىلىسىگە قوشۇپ) ، ئادرېس، پوچتا نومۇرى، تېلېفون نومۇرىنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىشىنى سورايمىز.

4. ماقالە ئەۋەتمەكچى ياكى ماتېرىيال ئالماشتۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلاردا ئالاقىلاشماقچى بولسىڭىز مەنزىلىمىز:

ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى يەنئەن يولى 711 ـ قورو، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتى ئائىلىكلەر قوروسى 3 ـ بىنا 2 ـ ئىشىك 502 ـ ئۆي (ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق)

پوچتا نومۇرى: 830002

ئېلخەت ئادرېس: arkinqutluq@163.com

تېلېفون: 15276690963

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ئۇيغۇر تەھرىراتى

## تيەن ۋېيجياڭ

# قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى مەزگىلى

تەرجىمان: ئابلەت نۇردۇن

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن لياۋ، سۇڭ سۇلالىرىغىچە قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا ئىنتايىن زىچ بولغان. بىراق، ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلارغا بولغان تونۇشى چەكلىك بولغان، بۇنداق بولۇشى ئەينى چاغدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلاردىكى ئۇيغۇر ھاكىمىيەتلىرى بۆلۈنمە ھالەتتە بولۇپ، ئىچكىرىدىكى سۇلالىلەر ئۇلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدىن بىخەۋەر قالغان، ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولماسلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىشىلەر تارىخ خاتىرىلىگەندە، گەپ يورغىلىتىشقا ئۇستا بولۇپ، بۇ خىل ئۇسلۇپ كېيىنكىلەرنىڭ تەتقىقاتىغىمۇ تونۇش جەھەتتە بەزى سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلگەن، مەسىلەن، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى مەڭلىكتېكىن «ۋارىسى» نىڭ غەربكە كۆچۈش جەريانىدا «گەنجۇدا ماكانلىشىش» مەسىلىسى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدا «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانمىلار» دىكى «مەڭلىكتېكىن ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ، گەنجۇ، شاجۇ، قوچونى ئىگىلەپ روناق تاپقان» دەپ بېيىتىلغان. بىراق، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ بۇ خاتىرىلەش شەكلى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىزگە ياردەم بېرىدۇ، مەسىلەن، كۇسەن ئۇيغۇرلىرى بىلەن قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئالىدىغان بولساق، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ماتېرىياللاردا «كۇسەن دۆلىتى» نىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرگە ئولپان تاپشۇرغانلىقىغا ئائىت خاتىرىلەر، كېيىنكى بەزى ئالىملار كۇسەن دۆلىتىنىڭ ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، كۇسەن ئۇيغۇرلىرى بىلەن قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قوش خانلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىدەك كۆزقاراشنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان. ئەمەلىيەتتە، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدىبلەر بۇنى ئېنىق ئايرىغان، « سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانمىلار» دا «كۇسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى، خانى ئۆزىنى ئارسلانخان دەپ ئاتايدۇ. . . غەربتە ئەرەب دۆلىتىگە ئىككى ئايلىق، شەرقتە شياجۇغا ئۈچ ئايلىق يول، قوچو ئۇيغۇرلىرى، قوچو كۇسەنمۇ دېيىلىدۇ، يەنە كۇسەن ئۇيغۇرلىرىمۇ دېيىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ھەممىسى بىر دەپ خاتىرىلەنگەن . ئېنىقكى، ئىككىلىسى ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولۇپ، نامى پەرقلىنىدۇ، دەرىجە مۇناسىۋىتى يوق. يەنە مەسىلەن، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچو تەزكىرىسى» دە سۇڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى غەربىي يۇرت ئۇيغۇرلىرى قۇرغان بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى توغرا بايان قىلىنىپ: «ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، قەبىلە، قوۋملىرى پىتىراپ كەتتى، گەنجۇدىمۇ، قوچودىمۇ، شىنفۇجۇدىمۇ قاغان بار بولدى، ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى»② دېيىلگەن. بۇ خاتىرىلەر شەك ـ شۈبھىسىزكى، تاڭ، سۇڭ دەۋرلىرىدىكى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئۇيغۇر ھاكىمىيەتلىرىنىڭ بۆلۈنۈش سىياسىي ۋەزىيىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com



بەرگەن. يۇقىرىقى بىر نەچچە دەلىل ـ ئىسپاتلاردىن لياۋ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىيىنچىلىقلارنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىش بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ بىر مۇھىم ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ.

## قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن خىتانلارنىڭ مۇناسىۋىتى

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن خىتانلار قۇرغان لياۋ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئوخشاش ئاساسلىقى ئىقتىسادى ئالاقە بىلەنلا چەكلەنمىگەن، بەلكى مەلۇم سىياسىي تەۋەلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان، بۇ بىز سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا چوڭقۇر ھېس قىلغان نۇقتا. بۇنىڭدىكى تۈپكى سەۋەب شۇكى، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتانلار ئوخشاشلا ياپلاقتا ياشىغان بولۇپ، «سۇ، ئوت قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىش» دەك ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇش شەكلى ۋە مەزمۇنىغا ئىگە، ئەنئەنە جەھەتتىمۇ مۇئەييەن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە، ئۇنىڭدىن باشقا لياۋ سۇلالىسى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ياپلاقتا باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى يول قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تۇتاش بولۇپ، ئالاقە، باردى ـ كەلدىسىگە نىسبەتەن قۇلايلىق بولغان، ھالبۇكى قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش راۋان ئەمەس ئىدى، ئەينى چاغدا ئىككىلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى باشتا شاجۇدىكى بەيئەتچىلەر قوشۇنى ئايرىپ تۇرغان، كېيىن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئايرىپ تۇرغان، ئالاقىگە قۇلايسىز بولۇپ قالغان. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تەيپىڭ شىڭگو يىللىرى ۋاڭ يەندېنىڭ قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىپ قايتىش سەپىرىگە ئىككى يىل ۋاقىت كەتكەنلىكى قاتناشنىڭ راۋان بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن خىتانلارنىڭ سىياسىي ئالاقىسى لياۋ سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردىلا باشلانغان. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. ئەللەر رويىخىتى» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، لياۋ تەيزۇ ئاپاگىنىڭ 1 ـ يىلى (907 ـ يىلى) «خېجۇ ئۇيغۇرلىرى ئولپان تاپشۇرغىلى كەلگەن». بۇ يەردىكى «خېجۇ ئۇيغۇرلىرى» ئۇيغۇر تىلىدىكى «قوچو ئۇيغۇرلىرى» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى يەنى «قوچو ئۇيغۇرلىرى» دۇر. كېيىن ئولپان ئەلچىلىرىنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمىگەن. لياۋ تەيزۇنىڭ تيەنزەن 3 ـ يىلى (924 ـ يىلى) غا كەلگەندە، خىتان قوشۇنلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ياپلاققا يۈرۈش قىلغان، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا لياۋ تەيزۇ «قوشۇن ئەۋەتىپ قۇملۇقنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم قىلغان، قاغانبۇت شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، غەربتىكى قەۋملارنى تەسەررۇپ قىلغان»□. «قاغانبۇت شەھىرى»، ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تىگجۇ يەنى «باشبالىق» دۇر. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ياپلاقتىن جەنۇبقا مېڭىپ قۇملۇقتىن ئۆتكەندە باشبالىققا كەلگىلى بولىدۇ، بۇ ئىككى جاينىڭ خېلى يىللار بۇرۇنلا ئالاقىسى بار ئىدى، بۇ تارىختىن بېرى شىمالىي ياپلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ جەنۇبقا سۈرۈلۈپ غەربىي يۇرتقا كىرىشىدىكى ئۆتەر يول ئىدى؛ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئۇيغۇر يولى» مۇشۇ يولنى كۆرسىتەتتى. شۇڭا، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، تيەنزەننىڭ 3 ـ يىلىغا كەلگەندە، باشبالىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوچودىكى شەھەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ لياۋ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانلىقى قىل سىغماس رېئاللىق بولۇپ قالغان. لياۋ تەيزۇغا ئەگىشىپ غەربكە يۈرۈش قىلغان.⑤؟؟؟. لياۋ سۇلالىسى قوچو ئۇيغۇرلىرىنى لياۋ سۇلالىسى سانغۇنى ياللۇغ شۇشىچىنىڭ ئۆز تەرجىمىھالىدا ئېلىنى «ئۆز يوسۇنى بويىچە باشقۇرۇش» ئارقىلىق ئىدارە قىلىپ ئۇنى قارام ئەل قاتارىدا كۆرگەن. ئەمما پادىشاھنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا رۇخسەت قىلغان. ھەمدە «قوچو ئېلى نويان مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، بۇ

جايىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغان، بۇ ئەمەل لياۋ سۇلالىسىنىڭ «شىمال تەرەپتىكى بېقىندى ئەللىرىنىڭ نائىپى» غا تەڭداش ئىدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى«      »[6] ئىدى. ئۇيغۇر خانى يىلمۇ - يىل ئۇزۇلدۇرمەي ئولپان تاپشۇرغان ھەمدە شەرق - غەرب سودا- ئالاقە پائالىيىتىدە ئىزچىل مۇھىم رول ئوينىغان، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. ئوزۇق - تۈلۈك، مال - مۈلۈك تەزكىرىسى» دە «شۇڭجۇ، قوچو، بوخەيلەردە سودا بازىرى تەسىس قىلىنىپ جەنۇبىي سۇڭ ئېلى، غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى قوۋملار ۋە كورىيەنىڭ ماللىرى ئوبوروت قىلىندى»[7] دېيىلگەن. مىلادىيە 981- يىلىدىن كېيىنكى، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق خەنزۇچە تارىخى ماتېرىياللاردا ئۇچرايدىغان لياۋ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇرغىلى كەلگەن «ئارسلان»، «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى»، «ئارسلان ئېلى»، «ئارسلان دۆلىتى» قاتارلىقلار چوقۇم قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكى ياكى كارۋانلارنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تەيپىڭ شىڭگو 6- يىلى (981- يىلى) «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دا قوچو ئۇيغۇرلىرى خانى «ئۆزىنى قوچونىڭ جىيەن ئارسلان خانى دەپ ئاتايدۇ» دېگەن خاتىرە پەيدا بولغان، «ئارسلان» تۈرك تىلىدا «شىر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى[8].

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، قوچو ئۇيغۇر خانى مىلادىيە 10- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا لياۋ، سۇڭ سۇلالىلىرىگە نىسبەتەن قوش يۆنىلىشلىك، باراۋەر ئارىلىق ساقلاشتىن ئىبارەت دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويغان، تەيپىڭ شىڭگو يىللىرىدا ۋاڭ يەندې قوچودا تۇرغان مەزگىلى خىتان ئەلچىلىرىنىڭمۇ بۇ شەھەردىكى ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالغان، بۇ قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ لياۋ سۇلالىسىدىن يىراقلىشىۋاتقانلىقى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە نىسپىي ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. كەيتەينىڭ 1- يىلى (1012- يىلى) لياۋ سۇلالىسى سانغۇنى يوللۇغ خۇاگى غەربكە يۈرۈش قىلغاندا ئۆتكەندە قوچو ئۇيغۇرلىرىنى بۇلاڭ- تالاڭ قىلىپ، ئىككى جاي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەن، بۇ ئىش «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. يالّۇغ خۇاگىنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق بايان قىلىنغان: «كەيتەينىڭ تۇنجى يىلى (1012 - يىلى)، (خۇاگى) زۇبۇغا ھەربىي يۈرۈش قىلدى، زۇبۇ ھەربىي لازىمەتلىكلەردىن كېچىپ قاچتى، (ئۇ) ناھايىتى كۆپ غەنىيمەت ئالدى. پادىشاھ ئۇنى ماختاپ، ئۇنىڭغا بىن ۋاڭ (بېگى) لىقنى ئوتتۇغات قىلدى. كېيىن قۇرۇل بېگى خۇاگى كەتكەندىن كېيىن ئوزۇق - تۈلۈك يېتىشمەي، ئاتلار ئورۇقلاپ كەتكەچكە، چېگرا قورۇلنى ساقلاشقا كۆچ يەتمىدى، خۇاگى غەربىي يۇرتنى ساقلاشقا قايتا ئەۋەتىلسە دەپ مەلۇمات يوللىدى. خۇاگى بىلەن چېگرا سانغۇنلىرى يېقىنلاشتى. خۇاگى قارام قوۋملارنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىپ، يىجى (ئېرتىش) دەرياسى بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ئىشىتىپ قوشۇن تارتتى. ياۋنىڭ مەغلۇب بولۇپ قاچقانلىقىنى كۆزىتىپ، قوي، ئات ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئولجا ئالدى. يولدا بايبالىقتىن ئۆتۈپ، ئارسلان ئۇيغۇرلىرىنى ئۇچرىتىپ، ئۇلارنى بۇلىدى، باش نازىر نياۋلى يېتىپ كېلىپ، خۇاگىغا ئېيتتى: «جانابلىرى خاتالاشتىلا، بۇ قەبىلە ۋاپادارلاردىن ئىدى. خۇاگى خەۋەر تېپىپ تۇرۇپمۇ ئۇنى ئەسىر ئالدى. قوۋملەر شۇڭا ئىنتائەتتىن باش تارتتى. (شۇنىڭ بىلەن) ئەلچى ئەۋەتىپ دېلو تۇرغۇزۇلۇپ، (ئۇنىڭ) ۋاڭلىق مەرتىۋىسى ئېلىپ تاشلاندى»[9].

بۇ يازمىدىن قارىغاندا، يالّۇغ خۇاگى «غەربكە يۈرۈش قىلغاندا» «يات قوۋملەر» يۇرتىدا «ئىرتىش دەرياسى» دېگەن دەريانىڭ بارلىقىنى بىلگەن، ئادەتتە بۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىرتىش دەرياسى دەپ قارىلىدۇ، بۇ ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئىرتىش دەرياسىدۇر. «بايبالىق» تۈرك تىلىدىكى سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «بىر بالىق» دۇر، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەر بارىكۆل دەپ ئاتالغان، بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى مۇرى ناھىيەسى ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا توغرا

www.uyghurkitap.com

كېلىدۇ[10]. جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياللوغ خۇاگى بۇ جايدا كۆرگەن «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى» نىڭ قوچو ئۇيغۇرلىرى بولۇش مۇمكىنچىلىكى زور[11]. لياۋ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى بۇ ئۇيغۇرلارنى «ساداقەتمەنلەر»، يەنى بەيئەت قىلغۇچىلار دەپ ئاتىغان، بۇمۇ ئەينى چاغدىكى ۋاڭ يەندېنىڭ غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسىدە ئەكس ئەتكەن قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن لياۋ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋەت ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. مېتروپولىيەنىڭ قارام ئەللەرگە «تالان - تاراج» ۋاستىسىنى قوللىنىشى ئەلۋەتتە ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ياللوغ خۇاگى شۇ سەۋەبتىن ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، «خانلىق مەرتىۋىسى بىكار قىلىنغان» بولسىمۇ، بىراق يەنىلا بۇ ئىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان «قارام قوۋم (قوچو ئۇيغۇرلىرى) نىڭ مۇشۇ سەۋەبتىن ئىتائەت قىلماسلىقى) دەك زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش مۇمكىن بولمىغان.

گەرچە مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەن بولسىمۇ، قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن لياۋ سۇلالىسىنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدە زور ئۆزگىرىش بولمىغان؛ چۈنكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن كىشىلەر خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللاردىن يەنىلا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ لياۋ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرغانلىقىغا ئائىت خاتىرىلەرنى ئاندا ـ ساندا ئۇچراتقان، ئۇلار ياكى ئۇيغۇرلار ياكى ئارسلان ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان. ئەڭ ئېنىق بولغىنى، لياۋ سۇلالىسىنىڭ چوڭشى 18 ـ يىلى (1049 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا «قوچو دۆلىتىنىڭ ئەلچىسى ئولپان تاپشۇرغىلى كەلگەن»[11]. 22 ـ يىلى «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دا يەنە «ئۇيغۇر ئېلى تەگرىقۇت مەھكىمىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ نائىب ئەلچىسىنى خىتانلاردىن تەيىنلەشكە يارلىق قىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنداق ئولپان تاپشۇرۇش مۇناسىۋىتى تاكى لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدىكى تيەنچىڭنىڭ 2 ـ يىلى (1112 ـ يىلى) غىچە داۋاملاشقان، شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «قوچو ئۇيغۇرلىرى ئولپان تاپشۇرغىلى كەلگەن»[12]. قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن لياۋ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل زىچ مۇناسىۋەت ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىن ياللوغ تاشىن قۇرغان غەربىي لياۋ هاكىمىيىتىگە بېقىنىشىغا يول ئاچقان.

قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن لياۋ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەت خىتانلارغىمۇ زور مەنپەئەت يەتكۈزگەن. ئىككى جاينىڭ سودا پائالىيىتى ئىنتايىن جانلانغان، لياۋ سۇلالىسى مەخسۇس بۇنىڭ ئۈچۈن سودا شەھىرى تەسىس قىلغان، « ». لياۋ سۇلالىسىنىڭ « يۇقىرى ئاستانىسى ». ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن مەھسۇلاتلىرى لياۋ سۇلالىسىگە كىرگەن، «خىتان دۆلىتى تەزكىرىسى» دە خۇ جياۋنىڭ «شيەنبېي تەزكىرىسى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «يوقىرى ئاستانىنىڭ شەرقىدىن 40 چاقىرىم ماڭسا مەرۋايىت قەلئەسىگە بارغىلى بولىدۇ. غەربكە قارىسا نەچچە ئون چاقىرىملىق قارىغايزارلىق سوزۇلۇپ ياتىدۇ. تۈزلەڭگە چىقسا، پاتقال كۆرۈنىدۇ، تاۋۇز يېگىلى بولىدۇ. ئېيتىشلارچە خىتانلار ئۇيغۇرلارنى تارمار قىلغاندىن كېيىن مۇشۇ خىل مېۋىنى تېرىيدىغان بولغانىكەن، كالا قىغى بىلەن ئوغۇتلاپ تېرىغاچقا، جۇڭگو تەكىيە كاۋىسىدەك يوغان ھەم تەملىك پىشىدىكەن، لافۇئېرنىڭ قارىشىچە بۇ بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار قوچو ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ››. دېگەن[13].

مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار خىتانلارنىڭ ئۇستازى ئىدى؛ تارىخى خاتىرىلەرگە ئاساسلاندا، خىتان كىچىك يېزىقى ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئۆزگەرگەن. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. خانلار تىزىملىكى» دە « خىتانكىچىك يېزىقى » دەپ خاتىرىلەنگەن. كېيىن غەربىي لياۋ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پادىشاھ گۇرخان قوچو ئۇيغۇرلىرىدىن قارا ياغاچ بۇيرۇقنى پايتەخت بالاساغۇنغا كېلىپ شاھزادىلەرگە دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىپ، مەخسۇس ئۇيغۇر يېزىقى

ئۆگەتكەن. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ خىتان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم رولىنى بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## شىمالى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك تارىخى ماتېرىياللار ئۈستىدە تەھلىل

«قوچو ئۇيغۇرلىرى» بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قوچو ئۇيغۇرلىرى تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەركىبى قىسمى. ئىلگىرىكى ئالىملار بۇ ھەقتە نۇرغۇن نەتىجىلەرنى مەيدانغا چىقارغان بولسىمۇ، بىراق، ئىلمى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە يەنىلا چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

1) قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن شىمالى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى

تارىخى ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن شىمالي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى جيەنلوڭنىڭ 1- يىلى (962- يىلى) «قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇتۇقى قاتارلىق 42 كىشىنىڭ ئولپان تاپشۇرۇشى» بىلەن باشلانغان. ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلاردىكى «تۇتۇق» دېگەن ئەمەل نامى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىدىن كەلگەن ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، چيەندىنىڭ 3- يىلى (965- يىلى) يەنە «قوچو ئۇيغۇر قاغانى راھىبلارنى ئەۋەتىپ، بۇددا چىشى، سىر بېرىلگەن ئەسۋابلار، كەھرىۋا قەدەھلەرنى ئىنئام قىلغان»⑭. تەيپىڭ شىڭگو 1- يىلى (976) 5- ئايغا كەلگەندە «قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەلچىسى ئىنان بىلەن بىرەھمەن پارىس ئولپان تاپشۇرغىلى كەلگەن.» يۇقىرىقى بايانلاردىن مەلۇمكى، قوچو ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئالاقە ئورناتقان، شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى جاينىڭ ئالاقىسى باشلانغان، تەيپىڭ شىڭگو 6- يىلى (981) 3- ئاينىڭ 4- كۈنى «قوچو خانى ئارسلانخان ئۆزىنى قوچونىڭ جيەن ئارسلانخانى دەپ ئاتاپ تۇتۇق مەيسۇۋېننى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تاپشۇرغان»⑮. بۇ ئىككى جاي مۇناسىۋىتىنىڭ زىچ بولغانلىقى، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىغا قاراتقان سىياسىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەڭشىگەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئۇ ئىككى جاي مۇناسىۋەت تەرەققىياتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنى ئاچقان. بۇ ماتېرىياللارغا نىسبەتەن، بەزى ئالىملار تەكىتلىگەندەك، بۇ بىر- بىرىگە زىت كېلىدىغان ھەم ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيالدۇر. ئۇنىڭدىكى زىتلىق باش ۋە ئاخىرىدىكى ئەمەل ناملىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدۇر، «ئارسلانخان»نىڭ تۈرك تىلىدىكى مەنىسى «شىردەك پادىشاھ» دېگەنلىكتۇر، بۇ يەردە ئارىلاشتۇرۇپ ئاتاپ، مۇجىمەللىك پەيدا قىلىپ قويغان. بىراق، بىز بۇنداق قارىمايمىز، بۇ يەردىكى ئاچقۇچ، ماتېرىياللاردا بايان قىلىنغان ئىككى مۇناسىۋەتنى توغرا چۈشىنىش كېرەك، بىرى، باشقىلارنىڭ ئاتىشى، خەنزۇچە تارىخى ۋەسىقىلەرنىڭ ئاپتورلىرى قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ ئاقساقىلىنى «قوچو خانى ئارسلانخان» دەپ ئاتىغان؛ يەنە بىرى، ئۆزىنىڭ ئاتىشى، قوچو ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاقساقىلى «ئۆزىنى قوچونىڭ جيەن ئارسلانخانى» دەپ ئاتىغان، نۇقتىئىنەزەر ئوخشىمىغاچقا، ئاتاشمۇ تەبئىي ھالدا پەرقلەنگەن. قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى خانىنىڭ ئۆزىنى «جيەن» دەپ ئاتىشى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى قۇدىلىق مۇناسىۋىتىنى مەنبە قىلغان، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاۋۋال تاڭ سۇلالىسى ئۆز مەلىكىسىنى ياتلىق قىلغانلىقتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تەخت ۋارىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىنى تاغا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالە مىننەتدارلىق يارلىقىدا (ئۇيغۇر قاغانىنى) جيەن، دەپ ئاتىغان، بەش دەۋردىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق ئاتىلىشى دەل مۇشۇ

سەۋەبتىندۇر»⑯. بۇ يەردە بۇ ئىشنىڭ قايتا تىلغا ئېلىنىشى، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر پادىشاھنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن بولغان سىياسىي مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەقەززاسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ يەردىكى «باشلاپ» دېگەن سۆز ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئىككى جاينىڭ سىياسىي بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكىنىڭ روشەن بەلگىسىدۇر. يەنى شۇ يىلى 5 ـ ئايدا «قوچو ئېلى ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوردىغا ئولپان تاپشۇرغان، (سۇڭ) تەيزۇڭ يىراقتىن كەلگەن ئەلچىگە كۆڭۈلدىكىنى ئېيتماق بولۇپ، (ۋاڭ) يەندېنى پەرمان بويىچە ئوردا ئالدىغا تۆھپە بايان قىلىشقا ئەۋەتكەن،... قوچوغا ئەلچىلىككە چىققان»⑰. ۋاڭ يەندىنىڭ قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىگە ئەلچىلىككە چىقىشى ئىككى تەرەپنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساس سالغان، بۇ يەردە ۋاڭ يەندېنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە خاتىرىلەنگەن ئۇنىڭ ئۇيغۇر خانىنىڭ تاغىسى ئادويۇ بىلەن قوچودا قىلىشقان سۆھبىتىنى مىسال قىلىنىدۇ: بۇنىڭدىن بۇرۇن، قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى گەرچە سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسىنى «ئىززەت ـ ئېكرام بىلەن قارشى ئالغان»⑱، بىراق، شەرق تەرەپتىكى ئىككى كۈچلۈك قوشنا سۇڭ سۇلالىسى بىلەن لياۋ سۇلالىسىگە جانلىق دىپلوماتىيە سىياسىتى يولغا قويۇپ، سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىش بىلەن بىر چاغدا خىتانلارنىڭ ئەلچىسىگىمۇ كاتتا ئىلتىپات كۆرسەتكەن. ۋاڭ يەندى قوچودىكى مەزگىلدە «خىتان ئەلچىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئىشىتىپ، قاغانغا: ‹قوچو بىزنىڭ زېمىنىمىز، خەنزۇ ئەلچىسى كۆزىتىپ، سۈيۈرۈغال قىلغان، باشقىچە غەرەزدە بولساڭلار، پادىشاھ تەكشۈرىدۇ›، دېگەن، ۋاڭ يەندېنىڭ بۇ سۆزلەرنى قىلىشتىكى مۇددىئاسى قاغانغا: ‹خىتانلار جۇڭگو بىلەن سىغىشالمايدۇ، بۈگۈن ئارىنى بۇزسا، مەن ئۆلتۈرۈۋېتىمەن›، دېگەنلىك بولۇپ، قاغان نەسىھەت قىلىپ توسۇپ قويغان.»». ۋاڭ يەندىنىڭ بۇ گېپى ئىككى مەنىگە ئىگە: بىرى، خىتان ئەلچىسى تەھدىت سالغان؛ يەنە بىرى، قوچو ئۇيغۇر خانىنىڭ لياۋ سۇلالىسى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش يولىنى ئۈزۈۋەتكەن. گەرچە ۋاڭ يەندىنىڭ خىتان ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئۇيغۇر خانى نەسىھەت قىلىپ توسقان بولسىمۇ، بىراق سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پوزىتسىيەسى ئۇيغۇر خانىنى قورقۇتىۋەتكەن. ۋاڭ يەندى يوقشىنىڭ 1 ـ يىلى (984) 4 ـ ئايدا «كونا يولنى بويلاپ قايتقان». «(قوچونىڭ) مىننەتدارلىق ئەلچىلىرىدىن 100 چە كىشى» ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن⑲، بۇ قوچو ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى بىلەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ۋاڭ يەندىنىڭ غەربكە ئەلچىلىككە بېرىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئىككى جاينىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەرگەن. «قوچو قاغانلىرىنىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ، ئېسىل قاشتاش، ئېسىل ئات، تۆگە، چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي، مەستىكى رۇمى قاتارلىق بۇيۇملارنى ئولپان قىلىپ تاپشۇرغان»⑳. قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى سۇڭ سۇلالىسىگە ئۈزۈلدۈرمەي ئەلچى ئەۋەتىپ تۇرغان.

بىراق، ئومۇمىيۈزلۈك مۇلاھىزە قىلغاندا، قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا بىرخىل ئىقتىساد سودا مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولغان، خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىكى بۇنىڭغا ئائىت نۇرغۇن خاتىرىلەر بۇنىڭ دەلىلى، بىراق، سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، خىتانلار قۇرغان لياۋ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتەك زىچ مۇناسىۋەت ئورناتمىغان.

2) قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى

قوچو ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى بىلەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى خاتىرىلەنگەن خەنزۇچە كىتابلار ئىچىدە مەيلى «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» بولسۇن ياكى «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانمىلار» دا بولسۇن، ۋاڭ

يەندي ئەلچىلىككە بېرىپ شەرققە قايتىپ كەلگەن يوڭشىنىڭ 1 ـ يىلى (984) دىن كېيىنكى ئىشلار خاتىرىلەنمىگەن. جىڭدېنىڭ 1 ـ يىلى (1004) 6 ـ ئايدا يۇقىرىقى ئىككى كىتابتا «قوچو ئۇيغۇرلىرى ئەلچى جىن يەنفۇنى ئەۋەتىپ ئېسىل قاشتاش، تۇلپار، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تاپشۇردى»(21)دەپ خاتىرىلەنگەندىن باشقا، مەخسۇس قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ نامىدا ئولپان تاپشۇرۇشقا ئائىت خاتىرىلەر يوق. ياكى «كۇسەن ئېلى» نىڭ ئولپان تاپشۇرغۇچى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلغان، لېكىن پەقەت ئىككى قېتىملا شۇنداق بولغان. بىرى تەيپىڭ شىڭگونىڭ 9 ـ يىلى (984 ـ يىل) يەنە بىرى، جىڭدېنىڭ تۇنجى يىلى (1004)، شۇنىڭدەك، بىز يەنە خەنزۇچە تارىخنامىلەردە كۇسەن ئېلىنىڭ نامىدا سۇڭ سۇلالىسىگە تاپشۇرۇشقا ئائىت كۆپلىگەن خاتىرىلەرنى ئۇچراتتۇق. شۇڭا، چىڭ سۇلۇ ئەپەندى بۇ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ «قوش خانلىق تۈزۈمى» نى يولغا قويغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، دەپ قارايدۇ(22). مېنىڭچە، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، سۇڭ، يۈەن دەۋرلىرىگىچە كۇسەن رايونى ئىزچىل قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىگە تەۋە بولغان، بۇنىڭ گۇمانلانغۇدەك يېرى يوق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋاڭ يەندىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى مەركىزى قوچو يەنى تۇرپان رايونى ئىدى. ئەگەر «باشبالىق رايونى» ئۇنىڭ «يازلىق ئاستانىسى بولغان» دېسەك بۇنىڭ بىر ئاز ئاساسى بار؛ كۇسەن قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ يەنە بىر پايتەختى ئىدى دېگەن قاراش تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللار ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا مۇھتاج. خەنزۇچە تارىخى ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن كۇسەن ئېلىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرۇش ئىشىنى جەزمەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش لازىم. مەسىلەن، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» ھەم «سۇڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانمىلار» دا يوڭشىنىڭ تۇنجى يىلى 5 ـ ئايدا ۋاڭ يەندي ئەلچىلىككە بېرىپ، شەرققە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوخشاش ۋاقىتتا «قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن براھمان ۋە پارس يات تەلىماتىدىكى ئاليان ئوردىغا تاپشۇردى، ئىنئاملاردا پەرق بار بولۇپ، كۈتۈم مەھكىمىسىگە جايلاشتى. قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارتۇق ئەلچىسى ھەممىدە ئۆز ئېلىنىڭ نامى، كىيىم ـ كېچەكى، ئادىتى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرى، بالىغ ـ قەلئەلىرى، يۇرتلىرى توغرىسىدا توختالدى، خۇددى كۇسەن ئېلىدەكلا»، دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى بايقىدۇق. روشەنكى، بۇ يەردىكى «قوچونىڭ ئىسلام بېگى» جەزمەن ۋاڭ يەندى بىلەن بىللە ئاستانىگە كەلگەن قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ «مىنەتدار ئەلچىسى» دۇر. شۇنىڭدىن كېيىن، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچو تەزكىرىسى» ھەم «سۇڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانمىلار» دا «قوچو ئۇيغۇرلىرى» دېگەن نامدا سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇرغۇچى ئەلچىلەر ھەققىدە خاتىرە كۆرۈلمىگەن. پەقەت جىڭدىنىڭ 1 ـ يىلى بىر قېتىملا، بىز «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانمىلار. يات قوۋملەر تۆت» دە «كۇسەن ئەلچىسى جىن يەنفۇ كەلدى» (23) دېگەن خاتىرىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ يەردە ئېنىقكى، ئىككىسى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانمىلار. يات قوۋملەر» دە «قوچو كۆسەن ئۇيغۇرلىرىدىن بايۋەن ئولپان تاپشۇرغىلى كەلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. 3 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مەزكۇر كىتابتا يەنە «بايۋەنگەر سۈيىنگىل ئەمىر نامى بېرىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بىراق، ‹‹ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەرنىڭ داۋامى» دا ئوخشاش يىل، ئاي، كۈندىكى ئەھۋال «قوچو ئۇيغۇرلىرى ئەلچىسىنى ئولپان بېرىشكە ئەۋەتتى» (24) دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇمۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنىڭ بىر مىسالى. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. كۇسەن تەزكىرىسى» دە قوچو

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى «كۇسەن دۆلىتىنىڭكىگە ئوخشايدۇ» دەپ خاتىرىلىنىشى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان كۇسەن دۆلىتى ئەمەلىيەتتە قوچو ئۇيغۇر هاكىمىيىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. باشقا مۇناسىۋەتلىك دەلىل - ئىسپاتلارمۇ بار، مەسىلەن، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچو تەزكىرىسى» دە سۇڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى غەربىي يۇرت ئۇيغۇرلىرى قۇرغان بارچە هاكىمىيەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ئېنىق بايان قىلىنغان: « قاغان خان ». بۇ يەردىكى «قاغا خان»، «قاغان» دېگەنلەر ئەمەلىيەتتە «پادىشاھ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «قاغان» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. بىراق، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئوخشاش بولمىغان خەنزۇچە خەت ئارقىلىق ئوخشىمىغان رايونلارغا تارقالغان ئۇيغۇرلار ئىپادىلەنگەن، «قاغان خان» قوچو ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسەتكەن. مۇشۇ بويىچە كۇسەنگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقساق، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ «قاغان خان» ئارقىلىق ئىپادىلەنگەنلىكىنى بايقايمىز:

1. «شيەنپىڭ 4 - يىلى (1001) 2 - ئايدا، ئۇلۇغ ئۇيغۇر كۇسەن ئېلى ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تەگرىقۇت قوشۇنىنىڭ قاغانى لۇشىڭ ساۋۋەتتۇگنى ئەۋەتىپ كالىندار، قاشتاش ئىگەر، تۇلپار تاپشۇردى»(25).

2. «شيەنپىڭ 4 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۇيغۇر قاغانى لۇشىڭ ئەلچى ساۋۋەتتۇگنى ئەۋەتىپ، قاشتاش ئىگەر تۇلپار تاپشۇردى»(26).

3. داجۇڭ شياڭفۇنىڭ 6 - يىلى (1022) 11 - ئايدا «(كۇسەن) قاغان خانى لى يەنچىڭ قاتارلىق 36 ئادەمنى ئۇردىغا سالامغا ئەۋەتتى»(27).

4. تيەنشىنىڭ 4 - يىلى (1020) 4 - ئايدا، «قاغان خان جىقاي ئەلچى جاڭ فۇيەننى ئەۋەتىپ، قاشتاش، ئات، خۇشپۇراق دورا تاپشۇردى»(28).

5. تيەنشىنىڭ 4 - يىلى 12 - ئايدا «قاغان ئارسلانخان جىقاي ئۇردىغا سالامغا كېلىپ، چوڭ قۇيرۇقلۇق ئاق قوي تاپشۇردى»(29).

6. تيەنشىڭنىڭ 2 - يىلى (1023 - يىلى) 3 - ئايدا، «كۇسەن ئېلىنىڭ خانى جىقاي قاتارلىقلار تاق لوكىلىق تۆگە، يۇمغاقسۈت، مىلىچمال تاپشۇردى»(30).

7. تيەنشېڭنىڭ 2 - يىلى 4 - ئايدا، «1023 - يىلى) 3 - ئايدا، «كۇسەن ئېلىنىڭ خانى جىقاي قاتارلىقلا تاق لوكىلىق تۆگە، يۇمغاقسۈت، مىلىچمال تاپشۇردى»(31).

ئۇيغۇر تېۋىنغۇچى، تام رەسىمى، كۇچا ناھىيەسىدىكى قۇمتۇرا مىڭئۆيىدىكى 79 - غار، تېۋىنغۇچىنىڭ ئالدىدىكى تامدا قەدىمكى ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچەبېغىشلىما بار.

يۇقىرىقى بايان قىلىنغان قانۇنىيەت بويىچە، 1 -، 2 -، 3 - ماتېرىيالدا بايان قىلىنغىنىنىڭ قوچو ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقى شۈبھىسىز، 2 -، 6 -، 7 - ماتېرىيالدىكى «كۇسەن خانى جىقاي» ئەمەلىيەتتە قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاقساقىلىنى كۆرسىتىدۇ. جىقاينىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلايدىغان يەنە ئىككى يانداش پاكىت بار، بىرى «قاغان خان» يەنى «قاغان» نىڭ ئۆزگىرىشى، يەنە بىرى، يۇقىرىقى بايانلاردىن بىلگىلى بولىدۇكى، تەيپىڭ شىڭگونىڭ 6 - يىلى (981) «ئۇ يغۇر (قوچو) خانى ئۆزىنى جىيەن ئارسلانخان دەپ ئاتاشقا باشلىغان» دىن كېيىن مەزگىلدىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە كۆرۈلگەن «شىرخان»، «ئارسلانخان» دېگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى قوچو ئۇيغۇر هاكىمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ(32). بۇ نۇقتا «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دا ئىنتايىن ئېنىق ئەكس ئەتكەن. شۇڭا، جىقاي قوچو ئۇيغۇر هاكىمىيىتىنىڭ قاغانى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئادەمگە غەلىتىلىك ھېس قىلدۇرىدىغىنى شۇكى، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارتتېكىننىڭ تەرجىمىھالى» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار قوچودا ماكانلىشىپ « 170 يىل ئۆتۈپ بارچۇق ئارتتېكىننىڭ زامانىسىغا كەلگەندە ختان (غەربىي لياۋ) لارغا بېقىنغان». بۇنى ئىلگىرىكى ماتېرىياللار بىلەن باغلاپ خۇلاسە چىقارغاندا، بۇ

يىلنامە جىقاي تەختتە ئولتۇرغان ۋاقىتقا يېقىن كېلىدۇ. يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خان جەمەتى نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خانلىق نەسەبنامىسىنى جىقايغا تۇتاشتۇرىدۇ؟ بۇمۇ يېشىش قىيىن بولغان بىر سىر. بۇ يەردە ئادەمنى ئەڭ قايمۇقتۇرىدىغىنى بىرىنچى ماتېرىيالدىكى لۇشېڭ. ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىدىكى بىر قاتار ئۇزۇن ئۇنۋانلار كىشىنى ئاسانلا ئۇ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ياكى كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى ئىكەن دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ(33)،بىراق، باشقا ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئۇنىۋېرسال تەھلىل يۈرگۈزسەك، بۇ خىل كۆز قاراشنى تېزدىن تۈزىتىشكە تېگىشلىكلىكىنى بايقاش تەس ئەمەس. چۈنكى، ماتېرىياللارنى تەپسىلىي ئوقۇغاندا، بۇ ماتېرىياللاردا يەنىلا قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن تاڭغۇتلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگىنىنى بايقىغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنى «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت خاتىرىلەردىن تاللانمىلار. يات قوۋملەر» دە ئەڭ تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن: 2 - ئايدا، بۈيۈك ئۇيغۇر كۇسەن ئېلىنىڭ ئەنشى ئايمىقىنىڭ ئۇلۇغ تۇتۇقى تەڭرىقۇت قاغان خان لۇشېڭ ساۋ ۋەنتۇڭنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، مەلۇماتنامىگە ئاساسەن قاشتېشى، ئىگەر، ئېسىل ئات، ئاق لوكىلىق تۆگە، شەمشەر، تۆمۈر ساۋۇت، سىر بېرىلگەن ئەسۋاب، قاشتاش لوڭقىلارنى ئولپان تەرىقىسىدە تاپشۇردى. ۋەنتۇڭ ئۆزىنى ئۇ ئەلنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقلۇق ئەلچىسى، دەپ بۇ ئەلنىڭ زېمىنىنى شەرقتە خۇاڭخې (سېرىق ئۆگۈز)، غەربتە قارلىق تاغقا تۇتىشىدۇ، كىچىك ئايماقلىرى 100 گە يېتىدۇ، قالقان، ئاتلىق قوشۇنلىرى ناھايىتى سەرخىل، ئوردىنىڭ باش چېرىكچى ئەۋەتىپ، (ئاخىرى بار)....

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» غا بۇ ماتېرىيال كىرگۈزۈلگەن ۋاقىتتا ئالدىغا ئۇنۋانى ئېنىق يېزىلمىغان بولمىسىمۇ، بىراق بۇ ماتېرىيال «كۇسەن تەزكىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەچكە ئاپتورنىڭ مۇددىئاسى ئايدىڭلاشقان. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەرگە تولۇقلىما» دا شۇ يىلىدىكى خاتىرىدە: «قوچو ئۇيغۇر قاغانى لۇشېڭ ئەلچى شاۋۋەنتۇڭنى ئەۋەتىپ قاشتاش ئىگەر، تۇلپار، جاۋاھىراتلارنى تاپشۇردى» (34) دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەمما «كىتابلار ھەققىدە مۇبالىغە» دە: «4 - ئاينىڭ بىڭچېن كۈنى، قوچو ئۇيغۇر قاغانى لۇشېڭ ئەلچى ساۋۋەنتۇڭنى ئەۋەتىپ قاشتاش ئىگەر، تۇلپار، جاۋاھىراتلارنى تاپشۇردى» (35) دېيىلگەن. كېيىن دەي يىجاڭ تۈزگەن «تاڭغىتلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ بۇ ئىش تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن: «ياز 4 - ئايدا، ئۇيغۇر قاغانى لۇشېڭ سۇڭ سۇلالىسىگە مەلۇمات يوللاپ، غەربكە يۈرۈش قىلىش (داۋاملىق كۆچۈش) قا قوشۇن چىقىرىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ھالاك بولغاندىن كېيىن، گەنجۇ، لياڭجۇ، گۇاجۇ، شاجۇلارغا تارقاق ماكانلاشتى. ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا سەردار تىكلەپ چېدىر تىكلەپ تىرىكچىلىك قىلغان ئىدى. مانا ئەمدى جىشىچىغا سۈرۈلۈپ كېلىپ، غەربتە تىبەتلەرنىڭ ئاتلىرىنى بۇلىدى، شىمالدا ئۇيغۇرلارنىڭ سەرخىل قوشۇنىنى قوشۇۋېلىپ، جەنۇبتىكى يايلاقتا ئىچكىرىلەپ كىردى، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى لۇشېڭ ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى سېزىپ قېلىپ، زوراغا بېگى ساۋۋەنتۇڭنى ئەۋەتىپ قاشتاش، ئىگەرلىك تۇلپار، ئاق لوكىلىق تۆگە، ساۋۇت - دۇبۇلغا كەھرىۋا تاپشۇرۇپ، قوچو ئېلىنىڭ زېمىنى شەرقتە سېرىق ئۆگۈزگە، غەربتە قارلىقتاغقا تۇتىشىدۇ، نەچچە يۈز كىچىك ئايمىقى بار، ئاتلىرى ئويناق، قوشۇنى سەرخىل، ئوردىنىڭ يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ داۋاملىق سىلجىشىنى توسۇشنى سورايمىز دېدى».

يۇقىرىقى بايانلاردىن «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن تاللانمىلار» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمى ئۈرنەكلەرگە تولۇقلىما» نىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئەڭ بۇرۇن، قىممىتى بار، لېكىن بۇ قېتىمقى ئەلچىلىكنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com



خاتىرىلىنىشىدە زور پەرقلەر بار. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق كىتابلاردىكى بۇ قېتىمقى ئەلچىلىككە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار يۇقىرىقى ئىككى كىتابتىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇنىڭ تەسىرگە ئۇچراشتىن مۇستەسنا بولالمىغان. شۇنداق بولسىمۇ، مەزكۇر ماقالىدە لۇشېڭ قوچو ئۇيغۇر قاغانىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن كۆز قاراشقا مايىلمىز.

سۇڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن كۇسەن ئۇيغۇرلىرىغا ئائىت خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسە ئارىلىشىپ كېتىشىنىڭ مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك سەۋەبى بار. بىرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا سۇڭ، لياۋ، جىن ھاكىمىيەتلىرى تەپرىقچىلىك ھالىتىدە تۇرغان، قوچو ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى بىلەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى نۇرغۇن ھاكىمىيەتلەر ئايرىپ تۇرغاچقا، ئالاقە قۇلايسىز بولغان، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت قاتارلىق جايلار توغرىسىدىكى ئۇچۇرلىرى كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ كەتكەن. ئىككىنچىسى، ئەينى چاغدا بۇ رايونلاردا غەربىي يۇرتلۇق سودىگەرلەر ئەڭ جانلىق پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر غەربىي يۇرتنىڭ ئەلچىلىرىگە كاتتا ئىلتىپات كۆرسەتكەن، ئەينى چاغدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئالاقە قىلغان ئۇيغۇر ئەلچىلەر ئۆمەكلىرىنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ بولغان، نۇرغۇن ئۇيغۇر سودىگەرلەرمۇ «ئەلچى نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، كاتتا ئىلتىپاتقا سازاۋەر بولغان» ھەتتا «نوم بىتىك، ئالتۇن، پىلچىشى قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلىشنى تەلەپ قىلغان»(36). ئۇنىڭدىن باشقا بەزى سودىگەرلەر «ئۇلپان تاپشۇرۇش نامى بىلەن شەنشىنىڭ ئايماقلىرىغا تارقىلىپ، سودا قىلىپ، ئۆزۈنغىچە قايتماي تۇرۇپ قالغاچقا، ئوردا ئۇلارنىڭ چېگرا ئىشلىرىنى بىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرىپ - كېلىشتە تاڭغۇتلار ئېلى (شيا) دىن ئۆتىدىغانلىقىنى، ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسە قولايسىز بولىدىغانلىقىنى ئويلىشىپ، قانۇن تۈزۈپ چەكلىگەن»(37). شۇڭا، بەزى سودىگەرلەرنىڭ قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى ياكى كۇسەن دۆلىتىنىڭ نامىدا سوۋغا - سالاملارنى تاپشۇرۇش ئىنئام قوبۇل قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاقلى بولمايدۇ. ئەڭ ئاخىرقى بىر سەۋەب شۇكى، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىنكى كىشىلەر قوچو ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ تارىخىنى بايان قىلىشتا، كۆپىنچە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن، يەنى ئەنشى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن باشلىغان، بۇ مۇقەررەركى، ئالدىنقىلارنىڭكىنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت بىر خىل خايىشنىڭ تەسىرىدۇر، ئەلۋەتتە، ئەينى چاغدا كۇسەن ئەلچىلىرى ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا بېرىش مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاقلى بولمايدۇ. بىراق، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىلەر ئەينى چاغدىمۇ شۇنى تونۇپ يەتكەن: «كۇسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى، ئۇنىڭ پادىشاھى ئۆزىنى ئارسلانخان دەپ ئاتايدۇ... ئۇلار ياكى قوچو ئۇيغۇرلىرى ياكى قوچو كۇسەن دېيىلىدۇ ۋە ياكى كۇسەن ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ھەممىسى بىر.»(38)

**« قوچو ئۇيغۇرلىرى » نىڭ تېررىتورىيە دائىرىسى ھەققىدە**

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋاڭ يەندېنىڭ ئەلچىلىك دوكلاتىدا يەنە بۇ مەزگىلدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېررىتورىيە دائىرىسى بايان قىلىنغان بولۇپ، بىرىنچى قول ماتېرىيال سۈپىتىدە ئۇ بىزنى تاڭ، سۇڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە قوچو ئۇيغۇرلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلارنىڭ دائىرىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ: قوچو دېمەك، غەربىي ئايماق دېمەكتۇر، زېمىنى جەنۇبتا خوتەن بىلەن، غەربىي جەنۇبتا ئەرەبلەر، پېرسىيە بىلەن، غەربتە ھىندىستاننىڭ بىشاۋۇر، قارلىقتاغ، پامىر بىلەن تۇتىشىدۇ، نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ.

يۇقىرىقى باياندا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ

تېررىتورىيە دائىرىسى خاتىرىلەنگەن، بۇ يەردە جەنۇبى قىسمىدىن باشقا، مەيلى غەربىي جەنۇب تەرىپى بولسۇن، ياكى غەربىدىكى رايونلار بولسۇن، پەقەت ئومۇمىي دائىرىنى تەخمىنەن كۆرسەتكەن بولۇپ، كونكرېت كۆرسەتمىگەن. غەربىي جەنۇبى ئەرەبلەر(39)، ئىران (پىرسىيە) بىلەن چېگرىلانغان، غەربى ھىندىستان، بۇگۈنكى پاكىستاندىكى پىشاۋۇر (بۇلۇسا يەنى «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان بۇلۇشابۇلۇ) بىلەن تۇتاشقان. ئۇيغۇر بۆگۈ(بۇقا) جەمەتىنىڭ ئىدارە قىلغان دائىرىسى بۇنداق كەڭ بولمىغان. بۇ يەردە بايان قىلىنغان قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېررىتورىيەسى، ئوخشاش دەۋردىكى غەربتىكى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ غەبىي جەنۇبى ياكى غەربىي چېگراسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ۋاڭ يەندى بۇ ئىككى جايدىكى ئۇيغۇرلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ قاراپ، ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلار پائالىيەت قىلغان رايونلارنى قوشۇپ كۆرسىتىپ بەرگەن. بىراق، ئۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى گەپ مەزمۇن تەرتىپى بويىچە ئالدىنقى مەزمۇنلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، كىشىنى بۇ يەردە دېيىلگىنى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربىي تېررىتورىيەسى بىلەن بولسا كېرەك دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. مىلادىيە 925- يىلى پۈتۈلگەن ئۇدۇن تىل- يېزىقىدىكى ھۆججەت «ستايول خالستەيىن پۈتۈكى ھەققىدە مۇھاكىمە» بۇ مەزگىلدىكى قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تېررىتورىيە دائىرىسىگە ئائىت ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئودۇننىڭ قوچوغا بارغان ئەلچىسى يازغان بۇ يازمىدا قوچو رايونىدىكى شەھەر- بازارلاردىن ئۈرغول (jcu kamtha)، لاپچۇق شەھىرى (dapaci)، پىچان شەھىرى (phucama kamt ha)، قۇتەيبە شەھىرى (kau tanai kamtha)، قوچو شەھىرى (secumistaka-mtha)، باشبالىق شەھىرى (pamia-kamtha)، جانبالىق شەھىرى ( kamtha arginva)، ئاگنى شەھىرى (camaida badaika nama (bias kamtha) قاتارلىقلارنىڭ نامى ئۇچرايدۇ(40).

بۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە ئىرانلىق نامەلۇم ئەدىب تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخى كىتاب «ھۇدۇدۇلئالەم» (دۇنيانىڭ چېگرا - پاسىللىرى» دىنمۇ ياردەمگە ئېرىشەلەيمىز. مۇئەللىپ «توققۇز ئوغۇز ئېلى» دېگەن مەزمۇندا مۇنداق يازغان: بۇ يەر (توققۇز ئوغۇز دۆلىتى) نىڭ شەرقىدە جۇڭگو، جەنۇبىدا تىبەتنىڭ بىر قىسىم جايلىرى ۋە قارلۇق زېمىنى، غەربىدە قىرغىزلارنىڭ بىر قىسىم جايلىرى بار، شىمالىدىمۇ قىرغىزلار بولۇپ، ئۇلار توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پۈتكۈل زېمىنىغا جايلاشقان... ئۇلار كېلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ يايلاق بويلاپ كۆچۈپ يۈرىدۇ(41).

«ھۇددۇدۇلئالەم» نىڭ مۇئەللىپى يەنە توققۇز ئوغۇز دۆلىتىدىكى بەزى مۇھىم شەھەرلەرنى خاتىرىلىگەن: جىناكەنت (JinanJkath, chinanjkath)، بۇ توققۇز ئوغۇز دۆلىتىنىڭ ئاستانىسى، تەتقىقاتلار ئارقىلىق بۇ يەرنىڭ قوچو رايونى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان؛ يەنە باشبالىق (pan Jikthپەنجىكەنت)، يارغول (S. That)، قومۇل (K. H. mud)، ئىلى قاتارلىقلار. «ھۇددۇدۇلئالەم» مىلادىيە 982—983- يىللىرى ئارىلىقىدا يېزىلغان، بۇ ۋاڭ يەندىنىڭ ئەلچىلىككە بارغان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. مىلادىيە 13- ئەسىردىكى ياقۇتنىڭ ئەسىرى بالدۇرقى ئىسلام جۇغراپىيە ئەسەرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر مەلۇماتلار توپلىمى. كىتابتىكى «توققۇز ئوغۇز» ( توققۇز غۇزلار) يەنى توققۇز ئۇيغۇرلار قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ، بەزى ئالىملار غەربنىڭ «توققۇز ئوغۇزلار» نى (توققۇز غۇز) ھەقىقىي بىلىشى 9- ئەسىردە ئۇيغۇرلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن غەربكە كۆچۈپ، غەربىي يۇرتقا كەلگەندىن كېيىنكى ئىش، دەپ قارايدۇ. «توققۇز ئوغۇزلار» ئەمەلىيەتتە خەنزۇچە تارىخى ھۆججەتلەردىكى «توققۇز تېلىلار» نى كۆرسىتىدۇ، پارسچە ياكى تۈركچە ۋەسىقىلەردە «ئون ئۇيغۇر»، «توققۇز تېلى» دېگەنناملار ئۇچرايدۇ، ئالدىنقىسى ئون ئۇيغۇر On Uyghur ، كېيىنكىسى توققۇز ئوغۇزدۇر toguz Oghuz. غەرب

دۇنياسى كېيىن پەقەت «توققۇز ئوغۇز» لارنىلا بىلىپ، ئۇيغۇرلارنى بىلمىگەن، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا توققۇز تىلىلارنىڭ مەلۇم قەبىلىسى ئورنى ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى «ياغلاقار جەمەتى» نىڭ ئورنىنى «تارتىۋالغان» بولغاچقا «توققۇز تىلى (توققۇز ئوغۇز)» لار ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ ئورنىنى ئېلىپ غەرب دۇنياسىغا مەلۇم بولغان(42). بۇ خىل قىياسنىڭ ئاساسى بار دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن ھاكىمىيەت تۇتقان ئاشىنا جەمەتى بىلەن بۇگۇ جەمەتى تىلى قەبىلىسىگە مەنسۇپ. شۇڭا، مۇنداق بىرخىل غەلىتە ھادىسە كېلىپ چىققان: شەرقتە تىلى قەبىلىلىرى ئىچىدە ھاكىمىيەت ئىگىلىگەن قوۋم «ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان، غەربلىكلەر بۇ ئۇيغۇرلارنى «تىلى(توققۇز ئوغۇز)» دەپ ئاتىغان.

«ھۇددۇدۇلئالەم» دىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېررىتورىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك بايانلار بىلەن ۋاڭ يەندىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنىڭ ئوخشاش يەرلىرى بار، مەسىلەن، ئۇنىڭدىكى «شەرقتىكى چىن» دېگىنى شاجۇنى يەنى ئەينى چاغدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ نائىب ئەمەلدارى، شاجۇ بەيئەتچىلەر قوشۇنى ھىراۋۇلى جاڭ يىچاۋنىڭ كونتروللۇقىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ. جەنۇبى تەرىپى تۈبۈتلەر بولۇپ، تۈبۈتلەرنىڭ تېررىتورىيەسى ئۇدۇن بىلەن تۇتاشقان، غەرب، شىمال تەرەپلەردە خاككاسلار پائالىيەت قىلغان، مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خاككاسلار ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن، تاڭ سۇلالىسى خۈيچاڭنىڭ 2 ـ يىلى (842) نىڭ ئالدى ـ كەينىدە خاككاسلار ئۈزلۈكسىز تۈردە تەڭرىتاغنىڭ شەرق ـ غەربىدىكى رايونلارغا كىرگەن، تۈرلۈك ۋەسىقىلەردە بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر بار. بۇ مەزگىلدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېررىتورىيەسىنى تەتقىق قىلىشتا، يىل دەۋرى

مىلادىيە 947 ـ يىلغا تەئەللۇق دەپ قارالغان يەنە بىر ئۇيغۇرچە تارىشا پۈتۈكتىكى خاتىرىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ:

1. بەخت ـ سائادەتلىك k i ئوت، بەخت ـ سائادەتلىك قوي يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى (بىزنىڭ) خانىمىز، ئاي تەڭرىدىن بولمىش يورۇق.

2. مى msi ornan ardamin alpin, Š ئۆگە، بولمىش ئارسلان، قۇتلۇق، چۇر، بىلگە، تەڭرىخان تەختتە ئىدى، شەرقتە شاجۇدىن

3. غەربتە نۇچبارسخان N u (Barsxan) غىچە بولغان دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا ... خان، تەڭرىخان، ئېل ئۆگەسى، تۇتۇق.

4. ئۆگە بەخت ـ سائادەتلىك قوچو ئېلىنى ئىدارە قىلغاندا، مەن ساپ دىلىم بىلەن...(43).

ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ۋەسىقىدىكى نۇچ پارسخاندىكى نۇچ يەنى «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دىكى «نۇجكەنت ئېلى» بولۇپ، «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» نىڭ ئىرانغا ئائىت قىسمىدا «نۇچ شەھىرى يەنە يېڭى شەھەرمۇ دېيىلىدۇ»(44) دېيىلگەن. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ يەردىكى «نۇجكەنت»، «نۇج» يەنى «نۇجنى كۆرسىتىدۇ» سوغدى تىلىدا «يېڭى شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ تەخمىنەن ئورنى بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىدە (يەنە بىر خىل كۆز قاراشتا تاشكەنتتىكى خانئاباد) دەپ قارايدۇ. «بارسخان» تارىخى خاتىرىلەردە يۇقىرىقى بارسخان (ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىدە)، تۆۋەنكى بارسخان (بۈگۈنكى جامبۇل شەھىرى) دېگەن خاتىرىلەر بار. ئېنىقكى، بۇ يەردىكى «بارسخان» يۇقىرىقى بارسخاننى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىمۇ ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىدە. بۇ ھەقتە «ھۇددۇلئالەم» دە مۇنداق خاتىرە بار: بارسخان... ئىسسىقكۆلنىڭ بويىدىكى بىر شەھەر باي ـ باياشات ھەم ئاۋات بىر جاي، خانى قارلۇقلاردىن، لېكىن خەلقى توققۇز ئوغۇز خانىغا ساداقەتمەن. ئەنگلىيەلىك ئالىم v. مىنورىسكىي بۇ جاينىڭ ئورنىنى ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىي

قىرغىنىدا، دەپ يېزىلغان(45).

مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىكى يەنە بىر مۇسۇلمان يازغۇچى گۇداما ئۆزىنىڭ «باج قوللانمىسى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: «تۈركلەرنىڭ بارلىق زېمىنلىرى ئىچىدە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ زېمىنى تۈركلەر زېمىنىنىڭ ئەڭ چوڭ بىر قىسمى، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ زېمىنى چىن، تۈبۆت، قارلۇق، قىماقلار بىلەن تۇتىشىدۇ». ئىبنى خورداذبىھمۇ «ئۇستۈنكى نۈجىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى شەھەردىن توققۇز غۇز قاغانىنىڭ (ئوردىسىغىچە) ئۈچ ئايلىق يول»(46) دەپ يازغان. قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېرىتورىيەسىنى تەتقىق قىلىشتا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۈجىنىڭ «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارمۇ پاكىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. غەربىي لياۋ دەۋرىدىن كېيىن قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنى خىتانلارغا تەۋە بولۇپ، كېيىن موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان، شۇڭا، يۈجى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېررىتورىيەسى تاڭ، سۇڭ دەۋرلىرىدىكى تېررىتورىيە دائىرىسىنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ كىتابىدا: «(ئۇيغۇرلار) شىمالدا ئاشۇ دەرياسىغا، جەنۇبتا جيۇچۈەن(مەيبۇلاق)گە تۇتىشىدۇ، شەرقتە ئۇدۇنشىغارغا، غەربتە غەربىي تىبەتكە تۇتىشىدۇ»(47) دېيىلگەن. كېيىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىلەر تەرىپىدىن تۈزىتىلگەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارتتېكىننىڭ تەرجىمىھالى» دىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى يۈجىنىڭ كىتابىنى ئاساس قىلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇجىنىڭ دەلىللىشىچە، ئاشۇ دەرياسى بۈگۈنكى جىمسار ناھىيىسىگە يېقىن جايدا ئىكەن، ئۇدۇنشىغار بۈگۈنكى قومۇلنىڭ شەرقىدىكى ئۇناگىش كۆلى ئىكەن، بۇ يەردىكى «غەربىي تۈبۆتلەر» تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدىكەن(48). ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغىنى، يۈجى بۇ يەردە نەقىل ئالغان تەرەپ كۆرسىتىش جەنزۇ تىلىدىن باشقا ماتېرىياللاردا دائىم كۆرۈلىدىغان ئوڭ تەرەپ شىمال، سول تەرەپ جەنۇب، ئالدى تەرەپ شەرق، كەينى تەرەپ غەرب دەيدىغان ئادەتلەنگەن ئاتاشتىن ئىبارەت. قەدىمكى تۈركى تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئادەتتىكى تەرەپ كۆرسىتىش شەكلىدە يەنى شىمال دېگىنى جەنۇبنى، شەرق دېگىنى شىمالنى، خەنۇب دېگىنى شەرقنى، غەرب دېگىنى جەنۇبنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ بويىچە بولغاندا، يۈجىنىڭ بۇ يازمىسىنى چۈشىنىش خېلى ئاسانغا توختايدۇ، ئۇنىڭ يازمىسىدىكى «شىمالى ئاشۇ دەرياسىغىچە» دېگىنى جەنۇبىنىڭ ئامۇ دەرياسىغىچە ئىكەنلىكىنى، «جەنۇبى جيۇچۈەنگىچە» دېگىنى بۈگۈنكى خېشى كارىدورىدىكى جيۇچۈەننى كۆرسىتىدۇ، «شەرقىي ئودۇنشىغار» دېگىنى يۈجىنىڭ كىتانىدا خاتا كۆرسىتىلگەن، چۈنكى، «ۋۇدۇن (ئودۇن)»، «شىخار (قەشقەر)» قانداقسىگە باشبالىقنىڭ شىمالى ياكى «شەرقى» دە بولۇپ قالىدۇ؟(49) «غەربى غەربىي تىبەتكىچە» دېگىنى يەنى شىزاڭ رايونىغا تۇتىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ بۇ خاتىرىسى ۋاڭ يەندى قاتارلىقلارنىڭ تەسۋىرى بىلەن زور دەرىجىدە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

## قىتانلارغا بەيئەت قىلىش

«خۇڭخۇنىڭ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى» سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوڭ خاۋ دېگەن كىشىنىڭ ئالتۇن خانلىقىغا ئەلچىلىككە بارغاندىن كېيىن يازغان ئەمەلىي تەكشۈرۈش دوكلاتى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بىر بۆلەك خاتىرىدە مىلادىيە 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى تارقىلىشى ھەم كۆللىنىش ـ زەئىپلىشىش ئۆزگىرىشلىرى خاتىرىلەنگەن:

«ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا زاۋاللىققا يۈزلەندى. سۇلالىمىز قۇدرەت تاپقاندا، جىنچۈەن (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى)گە بىر قىسمى كېلىپ ماكانلاشتى. جۇرجىتلار شەنشىتۇنكى يەنشەن (خېبېي

ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمى) نى ئىشغال قىلدى. لياڭجۇ، گەنجۇ، گۇاجۇ، شاجۇلاردا، بۇرۇندىلا ئۇيغۇرلار بار ئىدى، كېيىن ئۇلار تاڭغۇتلارغا بېقىندى. پەقەتلا يۇقىرىقى تۆت ئايماقنىڭ سىرتىدىكىلەر ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇپ، پادىشاھ تىكلەپ، سەلتەنەت سۇردى»(50).

قوچو ئۇيغۇرلىرى بۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇ «تۆت ئايماقنىڭ سىرتىدىكى، ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇپ پادىشاھ تىكلەپ، سەلتەنەت سۇرگەن» قىسمى ئىدى. بىراق، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئۇ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن بولۇپمۇ،خىتانلار قۇرغان لياۋ سۇلالىسى بىلەن مۇئەييەن بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن. بۇ خىل مۇناسىۋەت غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن. شۇنداق دېيىش كېرەككى، غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىن باشلاپ تاكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا قوچو خان جەمەتى شەرقتىكى يۇڭچاڭغا كۆچكىچە، قوچو ئۇيغۇرلىرى ھەقىقىي رەۋىشتە باشقا سۇلالە ياكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان.

تاشىن قوشۇن باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلغان چاغدىن باشلانغان، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. تيەن زۇدىنىڭ تەرجىھىمالى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى 1028 ـ يىلى غەربىي شيا تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان، يۇقىرىقى ھۆججەتتە باشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بىۋاسىتە تىلغا ئېلىنغان، شۇڭلاشقا تېكىستتىكى ئۇيغۇر خانى بىلگە («ئەقىل ـ پاراسەت» دېگەن مەنىدە) قوچو ئۇيغۇر قاغانى دەپ قارالغان. شۇ يىلى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ خىتانلارغا بەيئەت قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىدۇ(51). لېكىن بۇ ماتېرىيالدىكى خاتىرىلەر قالايمىقان بولغاچقا، ئالىملارنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ، ئۇنىڭدا ئۈچ خىل زىددىيەتلىك جاي بار: بىرى، ياللوغ تاشىنىڭ تىلى ئاستىدا ئۇيغۇر خانى لياۋ سۇلالىسىنىڭ خانىغا «دۆلەت دىنى قايتىدىن قۇرغىلى ئون نەچچە ئەۋلاد ئۆتتى» دېگەن. مۇنداقلا ھېسابلىساق بۇ يەردىكى مەلۇماتتا خاتالىق بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، ئۇ چاغدا تېخى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ئىككىنچىسى، ياللوغ تاشىنىڭ غەربكە سەپەر قىلىش لىنىيەسى ئېنىقكى تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، خاتۇنبالىق شەھىرى تارىختا ئىككى يەرنى كۆرسەتكەن: يەنى، بۈگۈنكى تۇغلا دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنىنىڭ جەنۇبىدىكى لياۋجىن ئايمىقىدىكى خاتۇنبالىق شەھىرى ۋە بۈگۈنكى ئېرگىنە دەرياسى بويىدىكى خاتۇنبالىق شەھىرى. ياللوغ تاشىن غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، زادى قايسى يول بىلەن ماڭغانلىقى بۈگۈنگىچە ئېنىق ئەمەس. ئۈنىڭدا تىلغا ئېلىنغان باشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى توغرىسىدىمۇ كىشىلەرنىڭ تالاش ـ تارتىشى كۆپ: برېتشنېيدېر، دىڭ جيەن، لياڭ دوگيۈەن، خاندا تورو، جيەن نىڭنىڭ قاتارلىق كىشىلەر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى باشبالىق دەپ قارايدۇ؛ ۋىتفوگىل، فىڭ جياشېڭ قاتارلىق كىشىلەر باشبالىق قەدىمكى ھۇن(يۇچۇن تۈركلىرى)لار تەڭرىقۇتىنىڭ ئوردىسىنىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى، دەپ قارايدۇ؛ تاڭ چاڭرۇ، ئابې تاكېئو ئەمەلىيەتتە «ئەنشى ـ باشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» نىڭ خاتا ئېيتىلىشى دەپ قارايدۇ؛ چېن دېجى ئەپەندىمۇ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» نى تۈزگۈچىلەر خاتا خاتىرىلەپ قويغان، دېگەن قاراشنى ياقىلايدۇ(52). ئۇنىڭدىن باشقا، ياللوغ تاشىن بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىستىلاھ قىلغۇچى بىلەن ئىستىلاھ قىلىنغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى بولغان ئىكەن، ئۇ ئۇلارغا قانداقسىگە ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسىتىدۇ؟ بۇ ياللوغ تاشىنىڭ سالاھىيىتىگە ماس كەلمەيدۇ. قىسقىسى، بارتولد، ئابې تاكېئو قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى ئالىملار «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دىكى بۇ خاتىرىلەر توغرا ئەمەس، ئۇلار بەلكىم ياللوغ تاشىن تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ(53).

گەرچە يۇقىرىقىدەك تۈرلۈك گۇمانلىق نۇقتىلار بار بولسىمۇ، ئۇلارنى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەر بىلەن باغلاشتۇرۇپ قارىساق، ھەم ئىران تارىخچىسى راشىددىنىنىڭ كىتابىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردىن پايدىلانساق، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. تيەن زۇدىنىڭ تەرجىمىھالىدىكى بۇ ماتېرىيال ئىشەنچىلىكلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە 1130 ـ يىلى ياللوغ تاشى غەربكە يۈرۈش قىلىپ قوچو ئۇيغۇرلىرى ئېلىدىن ئۆتكەندە، پادىشاھ بىلگە «نەۋرىسىنى ئۇنىڭغا بارىمتايلىققا بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن».

ئالدى بىلەن بىزنىڭ دىققەت قىلىدىغىنىمىز، يەنە باۋدانىڭ 4 ـ يىلى ياللوغ تاشىن: «كۆك تالا، ئاق ئات سويۇپ ئەجدادلارغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ بېرىپ، قوشۇننى رەتلەپ، غەربكە يۈرۈش قىلغان» ۋاقىتتا «تاڭغىت تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جيەنيەن 4 ـ يىلى (1130) «خىجۇ» «جىن سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇڭ ھەققىدە قىسسە» دا ياندۇرقى يىلى (1131) « خىجۇ». بۇ يەردىكى «خىجۇ» شەكسىزكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. 1130ـ يىلى قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن ياللوغ تاشىن ئالاقە قىلغانلىقتىن، ئالتۇن خانلىقىنىڭ ئەلچىسى ئاتالمىش «ياللۇغ تاشىن قوچودا تۇرۇۋېتىپتۇ، تاڭغۇتلار بىلەن بىرلىشىپ سۇيىقەست پىلانلىۋېتىپتۇ» دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتقان، 1131ـ يىلى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەلچىسى خىتانلارنىڭ بىر بۆلۈك ئادىمىنى تۇتۇپ ئالتۇن خانلىقىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئىككىنچىدىن، پارسچە ئەسەر «تارىخى جاھان كۇشاي» دا خاتىرىلىنىشىچە، «كۆپ ئۆتمەي ئۇ (ياللوغ تاشىن) قاڭلىنى ھۆكۇمرانلىقىغا ئالغان، بىر تۈركۈم قوشۇننى قەشقەر ۋە خوتەنگە ئەۋەتىپ بۇ جايلارنى بويسۇندۇرغان. ئۇ يەنە بىر تارماق قوشۇننى خاكاسلارنىڭ يۇرتىغا ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن بۇرۇنقى خورلۇقنىڭ قىساسىنى ئالغان» ئۇ يەنە باشبالىقنى ئىشغال قىلدى، ئاندىن ئۇ يەردىن پەرغانە ۋە ماۋارەئۇننەھرگە قوشۇن تارتتى» (54). راشىددىن «جامىئۇل تاۋارىخ» دا مۇنداق خاتىرىلىگەن: ياللوغ تاشىن «. . .خاكاس(قىرغىز)، ئۇيغۇر ۋە تۈركىستان رايونلىرىغا باردى. ئۇ بىر ئەقىللىق ھەم قابىلىيەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ بۇ جايلاردىكى قوشۇنلارنى ئەتراپىغا توپلاپ، پۈتكۈل تۈركىستان رايونىنى ئىگىلەپ، گۇرخان يەنى ئۇلۇغ ھۆكۇمران دېگەن نامغا ئېرىشتى». «جىن سۇلالىسى تارىخى» دىن بىز يەنە جىن سۇلالىسىنىڭ خۋاڭتوڭ 4 ـ يىلى (1144) «» بىلىمىز، مىلادىيە 1036ـ يىلى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن مۇنقەرىز قىلىنغانلىقىنى ئويلاشقاندا، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار شەك ـ شۈبھىسىزكى، قوچو ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىقى قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن خىتانلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئالاقىسىگە ئائىت تۈرلۈك ماتېرىياللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، «تيەن زۇدىنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى بۇ بايانلارنىڭ ياللوغ تاشىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بىلگىسىگە قىلغان گېپىدىكى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئاقىسىنى سەمىگە سالغانلىقىغا ئائىت پارچىنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، بۇ بايانىنىڭ باشقا قىسىملىرىنىڭ ئىنتايىن زور قىممىتى بار. كېيىنكىلەر تارىخنامە تۈزگەندىمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەزمۇنلارنىڭ توقۇلما ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان، مەسىلەن، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەرنىڭ تولۇقلىمىسى» دا مۇنداق ئۆزگەرتىلگەن: ياللۇغ تاشىن ئۇيغۇر خانى بىلگىگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ: «بىز ئىككى ئەلنىڭ دوستلۇقى تۈنۈگۈن ـ بۈگۈن باشلانغان ئەمەس، كەمىنە ئەرەبلەر زېمىنىغا بارماقچى، ئېلىڭىزلاردىن ئۆتۈۋالسام، ئارتۇقچە شۈبھە قىلمىغايلا» دېگەن مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلدى، بىلگە مەكتۇبنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئىستىقبالغا چىقىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى، ئۈچ كۈن زىياپەت بەردى. (تاشىن) يولغا چىققاندا قوي، ئات، تۆگە ھەدىيە قىلدى،

نەۋرىسىنى بارىمتايلىقا ئەۋەتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، چېگرا سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى» (56).

يۇقىرىقى بايانلاردىن مەلۇمكى، گەرچە قوچو ئۇيغۇرلىرى ياللۇغ تاشىن غەربكە كۆچكەندە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالتۇن خانلىقى، تاڭغۇتلار بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالغان، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن جىن سۇلالىسى تيەنخۈينىڭ 9 ـ يىلى ئۇيغۇر ئەلچىسى جىن سۇلالىسىگە ياللۇغ تاشىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزۈشى، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى تەكشۈرۈشى بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ. سۇڭ سۇلالىسى جاۋشىڭنىڭ 23 ـ يىلى (1153) ئەتىيازدا ئۇيغۇرلارنىڭ «تاڭغۇت خانلىقىنىڭ قۇدرەت تاپقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تاپشۇردى»(57) مۇ بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئەينى چاغدا قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن غەربىي خىتانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئانچە يېقىن ئەمەسلىكىنى بەلكى، بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆججەت ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ قوچو ئۇيغۇرلىرىنى كونترول قىلىشى ئاخىرقى مەزگىللەردىلا كۈچەيگەن، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. قارا تاغاچ بۇيرۇقىنىڭ تەرجىمىھالى» دا : قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىقۇتى ئېسەن تۆمۈرنىڭ « ......گۇرخان......»دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردىكى «گۇرخان» پارسچە ۋەسىقىلەردە «چۇرۇق» دېيىلگەن بولۇپ، ئۇ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ، نازارەت قىلىشقا كەلگەن ئەلچىسى «شاۋكېم» ياكى «دۆلەت نازارەتچىسى شاۋكىم» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان.

**ئىزاھلار:**

① چىڭ سۇلو: «قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى ئىدىقۇتلىرىنىڭ نەسەبنامىسى»، «غەربىي شىمال تارىخ ـ جۇغراپىيەسى»، 1983 ـ يىل، 4 ـ سان.

② خۇڭ چاۋ: «خۇڭ خاۋنىڭ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى» (ئەلمىساقتىن تارىختا خاتىرىلەنمىگەن نۇسخا)

③ جۇۋەينى: «تارىخى جاھانكۇشاي» خەنزۇچە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، ئىچكى موڭغۇل نەشرىياتى 1987 ـ يىل، 418 ـ بەت.

④«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەرنىڭ تولۇقلىمىسى» سۇڭ سۇلالىسى قىسمى، 95 ـ جىلد. «تاڭغۇت دۆلىتى قىسسى» 24 ـ جىلد.

**(تەرجىمان: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى)**

**تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
*Abdulcelil Turan Kütüphanesi*
www.uyghurweb.net

# تۇرپاندىن تېپىلغان فارفۇر چاقچۇق بۇيۇم پارچىلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە

ئابلەت ئابلا

فارفۇر چاقچۇق بۇيۇملار ئىلىمىز ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئەقىل پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. شۇنداقلا ئىلىمىزنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت غەزىنىسىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنىڭ بىرى.

مەملىكىتىمىزدە فارفۇر بۇيۇملارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا ساپال بۇيۇملارنى ياساشنى ئۆگەنگەن. ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمەلىيەت جەريانىدا ساپال بۇيۇملارنى ياساشتىن تەدرىجىي ھالدا فارفۇر چىنە قاچىلارنى ياساشقا يۈزلەنگەن. ئۈزلۈكسىز ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق، فارفۇر بۇيۇملارنى ياساشتا شەكىل ، ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە بېزەش جەھەتتە يۈكسەك كامالەتكە يەتكەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەن. جىڭ دېجېن"景德镇" خۇمدانى شۇ ۋاقىتتا ئىلىمىزدىكى ئەڭ داڭلىق فارفۇر چاقچۇق بۇيۇم پۇشۇرۇدىغان داڭلىق خۇمدانغا ئايلانغان. ئۇنىڭ نامى پۈتۈن دۇنياغا تارىلىپ ‹‹جۇڭگونىڭ فارفۇر بۇيۇم پايتەختى ›› دەپ نام ئالغان. جۇڭگونىڭ فارفۇر بۇيۇملىرى قۇرۇقلۇق يىپەك يولى ۋە دېڭىز يىپەك يولى ئارقىلىق پۈتۈن ئاسىيا، ياۋروپا دۆلەتلىرىگە كۆپلەپ توشۇلغان.

مىڭ سۇلالىسى (1368 ـ 1644 ـ يىللار) 276 يىل ھاكىمىيەت يۈرگەزگەن. بۇ دەۋردە جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار سودا ـ سېتىق، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يۈكسەك تەرەققىي قىلغان بولۇپ، فارفۇر بۇيۇملار جۇڭگو قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، جۇڭگونىڭ فارفۇر بۇيۇملىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارىلىپ، ئىسىل بۇيۇم سۈپىتىدە ساقلانغان. فارفۇر بۇيۇملارنى كۆك سىردا سىرلاپ، نەقىش بېزىپ، فارفۇر بۇيۇملارنى ياساشتا گۈللەنگەن دەۋرنى بەرپا قىلغان. بۇ دەۋردە داڭلىق كۆك گۈللۈك چاقچۇق (青花瓷)، پارسىي كۆك گۈللۈك چاقچۇق (波斯青花瓷)، بەش خىل رەڭلىك چاقچۇق (五彩瓷)، خانلىق خۇمدانىدا ياسالغان كۆزنى قاماشتۇرىدىغان چاقچۇق (斗彩瓷) قاتارلىق فارفۇر بۇيۇملار بارئىدى.

مىڭ سۇلالىسى چاقچۇقلىرى ئىچىدە چېڭخۋا يىللىرى (1464 ـ 1487 ـ يىللىرى)، خان مىڭ شۆەنزۇڭ (1447 ـ 1487) يىللىرىدا ياسالغان كۆك گۈللۈك چاقچۇق (青花瓷)، بەش خىل رەڭلىك چاقچۇق (五彩瓷)، خانلىق خۇمدانىدا ياسالغان كۆزنى قاماشتۇردىغان چاقچۇق (斗彩瓷) قاتارلىقلار داڭلىقتۇر.

مەن 2011 ـ يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ 15 كىلومېتىر غەربىدىكى سايدىن مىڭ سۇلالىسىگە ئائىت نۇرغۇن چاقچۇق بۇيۇملار پارچىسىنى يىغىۋالدىم. بۇنىڭ ئىچىدە مۇئەييەن مىقتاردا رەڭلىك چاقچۇق بۇيۇم پارچىلىرى بولۇپ، رەڭلىرى كۆركەم، گۈللىرى چىرايلىق، تامغىسى ئۈچۈق، مۇئەييەن دەۋر، مەدەنىيەت، ھۈنەر سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، مەن بۇنىڭ ئىچىدىن بەش خىل رەڭلىك چاقچۇق بۇيۇم پارچىسى(五彩瓷片)، خانلىق خۇمدانىدا ياسالغان كۆزنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قاماشتۇرىدىغان چاقچۇق بۇيۇم پارچىسى(斗彩瓷片) نىڭ بىر قىسمىلىرىنى تاللاپ تونۇشتۇرۇپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

A0001 ـ نومۇرلۇق چاقچۇق بۇيۇم پارچىسى.
مەزكۇر بۇيۇمنىڭ رەڭگى ئاق، سىلىق، ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلىقى 6.2 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4.4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.4 سانتىمېتىر بولۇپ، بىردانە تەخسىنىڭ ئاستى قىسىم پارچىسى. بۇ بۇيۇمنىڭ ئالدى تەرىپى سىيدام ئاق رەڭدە، كەينى تەرەپىدە قوش كۆك رەڭلىك چەمبىرەك ئىچىگە ئىشلەنگەن كۆك رەڭلىك تامغا بار، تامغىدا ئوڭ تەرەپتىن باشلانغان، ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ يېزىلغان ئىككى قۇر خەت بولۇپ،« دا خۇا نيەن (大化年)» قاتارلىق ئۈچ دانە خېتىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، خەت سەل ئىنچىكە كەيشۇ (楷书) نۇسخىسىدا يېزىلغان، خەت كۆركەم چىرايلىق بولۇپ، ئىنتايىن ئۆلچەملىك.

بۇ تامغىدىكى خەت ۋە خەتنىڭ ئالاھىدىكىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ تامغىدىكى بارلىق خەنزۇچە خەت «دا مىڭ چېڭ خۇا نيەن جى (大明成化年制) » بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا ياسالدى دېگەنلىك. يان تەرەپىدە ھالقىسىمان بىر قارا سىزىق ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ تەخسىنىڭ مىڭ سۇلالىسى چېڭ خۇا يىللىرىدىكى بەش خىل رەڭلىك (五彩瓷) فارفور تەخسە ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. بۇ چاقچۇق پارچىسىنىڭ ئومۇمى ھالىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ فارفور چاقچۇق بۇيۇم پارچىسى ئەگەر پۈتۈن ھالىتىدە بولسا تەخسىنىڭ دىيامېتىرى 10 ـ 12 سانتىمېتىرغىچە، ئېگىزلىكى 2 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىشى مۇمكىن.

بۇ چاقچۇق پارچىسىغا چۈشۈرۈلگەن تامغا، چاقچۇق گۈل رەڭگى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، ياسىلىشىنىڭ نېپىزلىكى، سىپتىلىقى، شەكىل تۈزۈلۈشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەرقايسى ئالاھىدىلىكلىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا ياسالغان بۇيۇم ئالاھىدىلىكى بىلەن بىردەك بولۇپ، بۇ تەخسىنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا خانلىق قۇمداندا پۈشۈرۈلگەنلىكى مەلۇم.

A0002 ـ نومۇرلۇق چاقچۇق بۇيۇم پارچىسى.
مەزكۇر بۇيۇمنىڭ رەڭگى ئاق، سىلىق، ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلىقى 6.8 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 3.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.6 سانتىمېتىر بولۇپ، بىردانە پىيالىنىڭ ئاستى قىسىم پارچىسى. بۇ بۇيۇمنىڭ ئالدى تەرىپى سىيدام ئاق رەڭدە، كەينى تەرەپىدە قوش كۆك رەڭلىك چەمبىرەك ئىچىگە ئىشلەنگەن كۆك رەڭلىك تامغا بار، تامغىدا ئوڭ تەرەپتىن باشلانغان، ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ يېزىلغان ئىككى قۇر خەت بولۇپ،« خۇا نيەن (化年)» قاتارلىق ئىككى دانە خېتىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، خەت سەل توم كەيشۇ (楷书) نۇسخىسىدا يېزىلغان، خەت كۆركەم چىرايلىق.

بۇ تامغىدىكى خەت ۋە خەتنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ تامغىدىكى بارلىق خەنزۇچە خەت «دا مىڭ چېڭ خۇا نيەن جى (大明成化年制) » بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا ياسالدى دېگەنلىك. بۇ چاقچۇق پارچىسىنىڭ ئومۇمى ھالىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ فارفور چاقچۇق بۇيۇم پارچىسى ئەگەر پۈتۈن ھالەتتە بولسا پىيالىنىڭ دىيامېتىرى 10سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 6 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىشى مۇمكىن.

بۇ چاقچۇق پارچىسىغا چۈشۈرۈلگەن تامغا، چوڭ ـ كىچىكلىكى، ياسىلىشىنىڭ نېپىزلىكى، سىپتىلىقى، شەكىل تۈزۈلۈشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەرقايسى ئالاھىدىلىكلىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا ياسالغان بۇيۇم ئالاھىدىلىكى

بىلەن بىردەك بولۇپ، بۇ پىيالىنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا خانلىق خۇمدانىدا پۇشۇرۇلغانلىقى مەلۇم.

A0003 - نومۇرلۇق چاقچۇق بۇيۇم پارچىسى. مەزكۇر بۇيۇمنىڭ رەڭگى ئاق، سىلىق، ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتىر بولۇپ، بىردانە پىيالىنىڭ ئاستى قىسىم پارچىسى. بۇ بۇيۇمنىڭ ئالدى تەرپى سىيدام ئاق رەڭدە، كەينى تەرەپىدە قوش كۆك رەڭلىك چەمبىرەك ئىچىگە ئېلىنغان كۆك رەڭلىك تامغا بار، تامغىدا ئوڭ تەرەپتىن باشلانغان، ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ يېزىلغان ئىككى قۇر خەت بولۇپ، « دا خۇا (大化)» قاتارلىق ئىككى دانە خېتىلا ساقلىنىپ قالغان ، خەت سەل ئىنچىكە كەيشۇ (楷书) نۇسخىسىدا يېزىلغان، خەت كۆركەم چىرايلىق.

بۇ تامغىدىكى خەت ۋە خەتنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ تامغىدىكى بارلىق خەنزۇچە خەت «دا مىڭ چېڭ خۇا نىيەن جى (大明成化年制) » بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا ياسالدى دېگەنلىك. يان تەرەپىدە ھالقىسىمان ئىككى قارا سىزىق چەمبىرەك بولۇپ، ئاستىغا جوخۇا گۈل يۇپۇرمىقى شەكلىدىكى قارا رەڭلىك گۈل چۈشۈرۈلگەن، چەمبىرەك سىرتىدا ئازاراق قارا رەڭلىك گۈل نۇسخىسىنىڭ قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ پىيالىنىڭ مىڭ سۇلالىسى چېڭ خۇا يىللىرىدىكى بەش خىل رەڭلىك (五彩瓷) فارفۇر پىيالە ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. بۇ چاقچۇق پارچىسىنىڭ ئومۇمى ھالىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ فارفۇر چاقچۇق بۇيۇم پارچىسى ئەگەر پۈتۈن ھالەتتە بولسا پىيالىنىڭ دىيامېتىرى 12 سانتىمېتىرغىچە، ئېگىزلىكى 6 سانتىمېتىر ئەتىراپىدا بولىشى مۇمكىن.

بۇ چاقچۇق پارچىسىغا چۈشۈرۈلگەن تامغا، چاقچۇق گۈل رەڭگى، چوڭ - كىچىكلىكى، ياسىلىشىنىڭ نېپىزلىكى، سىپتىلىقى، شەكىل تۈزۈلۈشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەرقايسى ئالاھىدىلىكلىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا ياسالغان بۇيۇم ئالاھىدىلىكى بىلەن بىردەك بولۇپ، بۇ تەخسىنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا خانلىق خۇمدانىدا پۇشۇرۇلغانلىقى مەلۇم.

A0004 - نومۇرلۇق چاقچۇق بۇيۇم پارچىسى. مەزكۇر بۇيۇمنىڭ رەڭگى ئاق، سىلىق، ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.2 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4.2 سانتىمېتىر، چاقچۇق پارچىسىنىڭ ئەڭ نېپىز قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 0.2 سانتىمېتىر بولۇپ، بىردانە پىيالىنىڭ ئاستى قىسىم پارچىسى. بۇ بۇيۇمنىڭ ئالدى تەرپى سىيدام ئاق رەڭدە، كەينى تەرەپىدە قوش كۆك رەڭلىك چەمبىرەك ئىچىگە ئېلىنغان كۆك رەڭلىك تامغا بار، تامغىدا ئوڭ تەرەپتىن باشلانغان، ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ يېزىلغان ئىككى قۇر خەت بولۇپ، « چېڭ ژى (成制) » قاتارلىق ئىككى دانە خېتىلا ساقلىنىپ قالغان ، خەت سەل ئىنچىكە كەيشۇ (楷书) نۇسخىسىدا يېزىلغان، خەت كۆركەم چىرايلىق.

بۇ تامغىدىكى خەت ۋە خەتنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تامغىدىكى بارلىق خەنزۇچە خەت «دا مىڭ چېڭ خۇا نىيەن جى (大明成化年制) » بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا ياسالدى دېگەنلىك. پىيالە پارچىسىنىڭ سىرتقى يان تەرەپىدە چىلان پوستى قىزىل رەڭدە (枣皮红) گۈل سىزىلغان بولۇپ، جۇ خۇا گۈلى يۇپۇرمىقى نۇسخىسى سىزىلغان، ئارىسىغا تېخمۇ قېنىق قىزىل رەڭدە سىزىق سىزىلىپ گۈل بەرگىلىرى ئايرىلغان، بۇ پىيالىنىڭ مىڭ سۇلالىسى چېڭ خۇا

يىللىرىدىكى بەش خىل رەڭلىك (五彩瓷) فارفۇر پىيالە ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. بۇ چاقچۇق پارچىسىنىڭ ئومۇمى ھالىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ فارفۇر چاقچۇق بۇيۇم پارچىسى ئەگەر پۈتۈن ھالىتىدە بولسا پىيالىنىڭ دىيامېتىرى 7 سانتىمېتىرغىچە، ئېگىزلىكى 4 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن.

بۇ چاقچۇق پارچىسىغا چۈشۈرۈلگەن تامغا، چاقچۇق گۈل رەڭگى، چوڭ ـكىچىكلىكى، ياسىلىشىنىڭ نېپىزلىكى، سىپتىلىقى، شەكىل تۈزۈلىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەرقايسى ئالاھىدىلىكلىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا ياسالغان بۇيۇم ئالاھىدىلىكى بىلەن بىردەك بولۇپ، بۇ تەخسىنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا خانلىق خۇمدانىدا پۈشۈرۈلگانلىقى مەلۇم.

A0005 ـ نومۇرلۇق چاقچۇق بۇيۇم پارچىسى. مەزكور بۇيۇمنىڭ رەڭگى ئاق، سىلىق، گۈلنىڭ رەڭگى چىلان پوستى قىزىل رەڭدە (枣皮红) قىزىل، قېنىق قىزىل، يېشىل، سېرىق، ئاچ يېشىل، ئاچ قىزىل قاتارلىق ئالتە خىل رەڭدىن تەركىپ تاپقان، ياسىلىشى ئىنتايىن سىپتا، ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلىقى 5.6 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4.2 سانتىمېتىر، چاقچۇق پارچىسىنىڭ ئەڭ نېپىز قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 0.2 سانتىمېتىر بولۇپ، بىردانە پىيالىنىڭ يان قىسمى پارچىسى.

چىلان پوستى قىزىل (枣皮红) ، قېنىق قىزىل، يېشىل، سېرىق، ئاچ يېشىل، ئاچ قىزىل قاتارلىق ئالتە خىل رەڭدە گۈل سىزىلغان، چىلان پوستى قىزىل (枣皮红) رەڭدە جۇ خۇا گۈل بەرگى سىزىلغان، ئارىسىغا تېخىمۇ قىزىل رەڭ سىزىق سىزىلىپ گۈل بەرگى ئايرىلغان، جۇ خۇا گۈلنىڭ يۇقىرىسىغا پالەكلىك گۈل سىزىلغان بولۇپ، گۈلنىڭ غولى، گۈل بەرگى، گۈل قاتارلىقلارغا يېشىل، ئاچ يېشىل، سېرىق رەڭلەر بېرىلگەن، گۈل سىزىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن قارا رەڭلىك ئىنچىكە سىزىقچە بىلەن گۈلنىڭ شەكلى سىزىۋېلىنغان، ئاندىن كېيىن رەڭ بېرىلىپ يېزىلغان. گۈل بەرگىگە بېرىلگەن سېرىق رەڭ سىر ئۈستىگە سىزىلغان بولۇپ، قىزىل رەڭ سىر ئاستىغا سىزىلغان، بۇ قاچىنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ داڭلىق بەش خىل رەڭلىك (五彩瓷) فارفۇر قاچا سىستېمىسىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان چاقچۇق بۇيۇم (斗 彩 瓷) ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. بۇ فارفۇر چاقچۇق بۇيۇم پارچىسى ئەگەر پۈتۈن ھالەتتە بولسا پىيالىنىڭ دىيامېتىرى 10 سانتىمېتىرغىچە، ئېگىزلىكى 6 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن.

بۇ چاقچۇق پارچىسىغا چۈشۈرۈلگەن گۈل رەڭگى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، چاقچۇق لېيىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ياسىلىشىنىڭ نېپىزلىكى، سىپتىلىقى، شەكىل تۈزۈلىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەرقايسى ئالاھىدىلىكلىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا ياسالغان بۇيۇم ئالاھىدىلىكى بىلەن بىردەك بولۇپ، بۇ تەخسىنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا خانلىق خۇمدانىدا پۈشۈرۈلگانلىقى مەلۇم.

A0006 ـ نومۇرلۇق چاقچۇق بۇيۇم پارچىسى. مەزكور بۇيۇمنىڭ رەڭگى ئاق، سىلىق، گۈلنىڭ رەڭگى قىزىل ،قارا قاتارلىق ئىككى خىل رەڭگى ساقلىنىپ قالغان، باشقا رەڭلىرى ئۆچۈپ كەتكەن. ياسىلىشى ئىنتايىن سىپتا، ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلىقى 4.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4.7 سانتىمېتىر، چاقچۇق پارچىسىنىڭ ئەڭ نېپىز قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 0.2 سانتىمېتىر بولۇپ، بىردانە پىيالىنىڭ يان گىرۋەك قىسمى پارچىسى.

چاقچۇق پارچىسىنىڭ ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ ئىككى ھالقىسىمان قارا چەمبىرەك، ئىككى

ھالقىسىمان چەمبىرەك ئوتتۇرىسىدىن ھالقىغا پاراللېل قىلىپ ئارىلىقى 0.7 سانتىمېتىر بولغان چېكىتلىك ھالقىسىمان چەمبىرەك چۈشۈرۈلگەن، قارا ھالقىسىمان چەمبىرەكنىڭ ئاستىدىن ئۈچ قىزىل ھالقىسىمان چەمبىرەك سىزىلغان، قىزىل ھالقىسىمان شەكىلدە خۇي ۋېن（回文）شەكىل چۈشۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئاستىغا قارا، قىزىل رەڭدە مودەن（牡丹）گۈل سىزىلغان، گۈل، غول ۋە يوپۇرمىقىغا بېرىلگەن رەڭلەر ئۆچۈپ كەتكەن، پەقەت گۈل چۆرىسىگە سىزىلغان قارا سىزىقلار قالغان. بۇ قاچىنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ داڭلىق بەش خىل رەڭلىك（五彩瓷）فارفۇر قاچا ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. بۇ فارفۇر چاقچۇق بۇيۇم پارچىسى ئەگەر پۈتۈن ھالەتتە بولسا پىيالىنىڭ دىيامېتىرى 10 سانتىمېتىرغىچە، ئېگىزلىكى 6 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن.

بۇ چاقچۇق پارچىسىغا چۈشۈرۈلگەن گۈل رەڭگى، چوڭ - كىچىكلىكى، چاقچۇق لېيىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ياسىلىشىنىڭ نېپىزلىكى (نېپىزلىكىدىن قول بارمىقىنىمۇ كۆرگۈلى بولىدۇ)، سىپتىلىقى، شەكىل تۈزۈلۈشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەرقايسى ئالاھىدىلىكلىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا ياسالغان بۇيۇم ئالاھىدىلىكى بىلەن بىردەك بولۇپ، بۇ تەخسىنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا خانلىق خۇمداندا پۈشۈرۈلغانلىقى مەلۇم.

A0007 - نومۇرلۇق چاقچۇق بۇيۇم پارچىسى. مەزكۇر بۇيۇمنىڭ رەڭگى ئاق، كۆك، قىزىل قاتارلىق ئىككى خىل رەڭدىن تەركىب تاپقان، ياسىلىشى ئىنتايىن سىپتا، ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلىقى 5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4.9 سانتىمېتىر، چاقچۇق پارچىسىنىڭ ئەڭ نېپىز قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 0.2 سانتىمېتىر بولۇپ، بىردانە پىيالىنىڭ يان قىسمى پارچىسى.

چاقچۇق پارچىسىنىڭ ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ گىرۋەك تەرەپكە ھالقىسىمان كۆك رەڭلىك خۇي ۋېن（回文）شەكىلدە گۈل سىزىلغان. ئاستى قىسمىدا بىر كۆك رەڭلىك ھالقىسىمان چەمبىرەك بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمىدا بىر قىزىل يوپۇرماقنىڭ ئۇچى ساقلىنىپ قالغان، ئاستىغا كۆك رەڭلىك جۇ خۇا گۈلى ياپراقچىسى يېزىلغان، كۆك رەڭ روشەن ھالدا قولغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. قىزىل رەڭ سىلىق، كۆك رەڭ سىر ئۈستىگە سىزىلغان، قىزىل رەڭ سىر ئاستىغا سىزىلغان. بۇ قاچىنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ داڭلىق بەش خىل رەڭلىك（五彩瓷）فارفۇر قاچا سىستېمىسىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان چاقچۇق بۇيۇم（斗彩瓷）ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. بۇ فارفۇر چاقچۇق بۇيۇم پارچىسى ئەگەر پۈتۈن ھالەتتە بولسا پىيالىنىڭ دىيامېتىرى 6 سانتىمېتىرغىچە، ئېگىزلىكى 6 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن.

بۇ چاقچۇق پارچىسىغا چۈشۈرۈلگەن گۈل رەڭگى، چوڭ-كىچىكلىكى، چاقچۇق لېيىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ياسىلىشىنىڭ نېپىزلىكى ( نېپىزلىكىدىن قول بارمىقىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ)، سىپتىلىقى، شەكىل تۈزۈلۈشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەرقايسى ئالاھىدىلىكلىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا ياسالغان بۇيۇم ئالاھىدىلىكى بىلەن بىردەك بولۇپ، بۇ تەخسىنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا خانلىق خۇمداندا پۈشۈرۈلغانلىقى مەلۇم.

A0010 - نومۇرلۇق چاقچۇق بۇيۇم پارچىسى. مەزكۇر بۇيۇمنىڭ رەڭگى ئاق، سىلىق، ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلىقى 5.8 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4.5 سانتىمېتىر، چاقچۇق پارچىسىنىڭ ئەڭ نېپىز قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 0.6 سانتىمېتىر بولۇپ، بىردانە پىيالىنىڭ ئاستى قىسىم پارچىسى. بۇ بۇيۇمنىڭ ئالدى تەرىپى سىيدام ئاق رەڭدە، كەينى تەرەپىدە قوش كۆك رەڭلىك چەمبىرەك ئىچىگە ئېلىنغان كۆك رەڭلىك

www.uyghurkitap.com



تامغا بار، تامغىدا ئوڭ تەرەپتىن باشلانغان، ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ يېزىلغان ئىككى قۇر خەت بولۇپ، «دا مىڭ چېڭ ژى (大明成制)» قاتارلىق تۆت تال خېتىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، خەت سەل ئىنچىكە كەيشۇ (楷书) نۇسخىسىدا يېزىلغان، خەت كۆركەم چىرايلىق.

بۇ تامغىدىكى خەت ۋە خەتنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تامغىدىكى بارلىق خەنزۇچە خەت «دا مىڭ چېڭ خۇا نيەن جى (大明成化年制) » بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا ياسالدى دېگەنلىك. پىيالە پارچىسىنىڭ سىرتقى يان تەرەپىدە قارا رەڭلىك جۇ خۇا گۈلى يوپۇرمىقى نۇسخىسىنىڭ گۈل بەرگىنى ئايرىپ تۇرىدىغان سىزىقچە قالغان، بىرلىگەن رەڭ ئۇچۇرلۇپ كەتكەن. بۇ پىيالىنىڭ مىڭ سۇلالىسى چېڭ خۇا يىللىرىدىكى بەش خىل رەڭلىك (五彩瓷) فارفۇر پىيالە ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. بۇ چاقچۇق پارچىسىنىڭ ئومۇمى ھالىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ فارفۇر چاقچۇق بۇيۇم پارچىسى ئەگەر پۈتۈن ھالەت بولسا پىيالىنىڭ دىيامېتىرى 10 سانتىمېتىرغىچە، ئېگىزلىكى 6 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن.

بۇ چاقچۇق پارچىسىغا چۈشۈرۈلگەن تامغا، چاقچۇق گۈل رەڭگى، چوڭ - كىچىكلىكى، ياسىلىشىنىڭ نېپىزلىكى، سىپتىلىقى، شەكىل تۈزۈلىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەرقايسى ئالاھىدىلىكلىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا ياسالغان بۇيۇم ئالاھىدىلىكى بىلەن بىردەك بولۇپ، بۇ تەخسىنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭ خۇا يىللىرىدا خانلىق خۇمدانىدا پۈشۈرۈلغانلىقى مەلۇم.

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي رايون بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ①بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ سودا-سېتىق ئىشلىرىنىڭ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانلىقى، يىپەك يولىدىن يەنىلا تولۇق پايدىلىنىپ، داۋاملىق تۈردە ئۆز يۇرتلىرىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاپىرىپ كۆپ مىقداردىكى يىپەك بۇيۇم، ئالتۇن كۈمۈش ۋە فارفۇر قاچا قۇمۇچلارغا ئالماشتۇرغانلىقىنى، پەقەت خان ۋە ئوردا ئەھلى ئىشلىتىدىغان ئىسىل فارفۇر بۇيۇملارنىڭ تۇرپان رايونىدا بىرقەدەر كۆپ بايقىلىشى بۇنى ئىسپاتلايدۇ .

**ئىزاھات:**

① سوڭ بۇيىن «جۇڭگونىڭ قەدىمكى ساپال فافۇر بۇيۇملىرى ماقالىلار توپلىمى» مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى. 1982-يىلى 12-ئاي 128-بەت.

(ئاپتور: تۇرپان شەھەرلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# تۇرپاندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ھەققىدە

زەيتۇنگۈل ئابدىراخمان

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر داۋامىدا، ئۆزگىچە مىللىي سەنئەت ئېڭى ۋە تەبىئىي شارائىتقا ماس ھالدا كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنى ياراتقان. كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىستېتىك قارىشى، مەدەنىيەتى، تۇرمۇشى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرۈپ - ئادىتى قاتارلىقلارنى ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش سەۋىيەسى بىلەن تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. بۇلۇپمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە خانلىق ھەرقايسى تەرەپتىن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان. ئۇلار ئۇ چاغدا ئاساسەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شوغۇللانغان. جۈملىدىن قول ھۈنەرۋەنچىلىكى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. شۇ زامانلاردا ئۇلار چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن ھەر خىل بۇيۇملارنى ياسىغان. ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا كىيىم - كېچەككە كېرەكلىك بولغان رەخت، تۇقۇلمىلار، كۆن - خۇرۇملارنى ئىشلەپچىقارغان. ھەممە مۇشۇ بۇيۇملاردىن پايدىلىنىپ تەن قۇرلۇشىغا مۇناسىپ كەلگەن، سىپتا، چىرايلىق، دەۋرگە ماسلاشقان، كۆركەم كىيىملارنى تىكىپ كىيگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە تارىخىي ۋە جۇغراپىيەلىك شارائىت جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، قەدىمدىن تارتىپ ئەر ۋە ئاياللارنىڭ كېيىم - كېچەكلىرىدە روشەن پەرقلەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئەرلىرى ئادەتتە ياز كۈنلىرى ھەر خىل سىدام ۋە يوللۇق رەختلەردىن (كۆپرەك ئاق، قارا، قارا كۆك، ئاتباغرى (جىگەر رەڭ) تىزىنى بېسىپ تۇرىدىغان ئالدى ئۇچۇق نىمچا كۆڭلەك ياكى ئەستەرلىك پەشمەت چاپان ، ئۇزۇن ئىشتان، بىلىگە ھەر خىل رەختلەردىن تىكىلگەن بەلباغ (پوتا) باغلاپ، بېشىغا (ياش قۇرامىغا قاراپ) ھەر خىل گۈللۈك بۆك - دوپپا، پۇتىغا كۆن - خۇرۇمدىن تىكىلگەن، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك ياكى مەيسە - كالاچ، كېپىشلەرنى كىيىدۇ؛ قىش كۈنلىرى ئاشلانغان ھەر خىل ئېسىل تېرىلەردىن تۇماق، تۆپە، قۇلاقچە، ، قالپاق، تەقى، قاتارلىقلارنى كىيىدۇ. ئۈستىگە ئالدى ئۇچۇق، ئۇزۇن پاختىلىق چاپان، قوش ئەستەرلىك ئۇزۇن چاپانلارنى كىيىدۇ، سوغۇق رايوندىكىلەر ئاشلانغان ھەرخىل تېرىلەردىن تىكىلگەن ياقىلىق ھەم تاشلانغان ئۇزۇن جۇۋىلارنى، پاختىلىق ياكى تېرىدىن تىكىلگەن تېرە ئىشتان، پۇتىغا يوڭدىن ئېتىلگەن ئۇزۇن قونچلۇق كۆن - خۇرۇم، كىگىز ئۆتۈك، بىلىگە ھەر خىل يوڭلاردىن يىپ ئىگىرىپ توقۇلغان، كاشا (تۆگە يۇڭىدا قېلىن توقۇلغان مەخسۇس بەلباغ) ياكى باشقا رەختلەردىن پوتا باغلاپ، سول يېنىغا كۆن غىلاپقا سېلىنغان ھەرخىل پىچاقلارنى ئاسىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىك تەلىپى ۋە پىسخولوگىيەلىك ھالىتى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن گۈللۈك ۋە رەڭدار يىپەك، پاختا رەختلەردىن

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى


ئۇزۇن كۆكلەك ۋە ئۇشۇقىنى يىپىپ تۇرىدىغان ئىشتان، كۆكلەك، ئۇستىگە تىك ياقىلىق جىلىتكە ياكى تاۋار جىلىتكە، ئىزمىلىك كەمزۇل چاپان قاتارلىق كىيىملەرنى كىيىشكە ئادەتلەنگەن. ئاياللار بېشىغا چىرايلىق تىكىلگەن گىلەم دوپپا، ئۇنچە دوپپا، گۈللۈك ۋە زەر باسقان دوپپىلارنى، پۈتىغا كۆن-خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن ئۆتۈك، مەيسە - كالاچ، خۇرۇمدىن گۈل چىقىرىپ تىكىلگەن كېپىشلەرنى كىيىدۇ. ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلاردا تېپىلغان ئەمەلىي بۇيۇملار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەردى. تۆۋەندە مەن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلاردا تېپىلغان ئەمەلىي بۇيۇملارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

ياغخىي (يانقىر) قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن غۇزلار دەۋرىگە تەۋە يۇڭدا تىكىلگەن ئالدى ئوچۇق پەشمەت قېزىۋېلىنغان. بۇ پەشمەتنىڭ بويىنىڭ ئۇزۇنلىقى 112 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 95.5 سانتىمېتىر، ئىككى يېڭىنىڭ ئۇزۇنلىقى 147 سانتىمېتىر، ئىككى پارچىسى تۈز سىزىقنى ئاساس قىلىپ توقۇلغان. يۇڭ توقۇلمىنى چېتىش ئارقىلىق ئالدى - ئارقا ئىككى تەرەپ شەكىللەنگەن. ئارقا تەرەپ ئىككىسى ئۆزئارا تىكىۋېتىلگەن، ئالدىدىكىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەڭ قادالغان. يەڭ ئايرىم توقۇلغان يۇڭ توقۇلمىغا چېتىلغان. كىيىمنىڭ مورە، كۆكرەك، دۈمبە ۋە يەڭلىرىدە كاتەكچە ۋە قاتلىما نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. كاتەكچىلەرنىڭ چۆرىسىگە ھەرە چىشى ۋە قىيپاش رومبا سىزىقچىلىرى چۈشۈرۈلگەن. بۇ پەشمەت تېپىلغان ۋاقىتتا ئوڭ ۋە سول ئىككى تەرىپى ئاجراپ كەتكەن. ئىككى قىسمىنىڭ ساقلىنىشى ئوخشىمايدۇ، كەڭلىكىمۇ ئوخشىمايدۇ. نەقىشلەرنىڭمۇ پەرقى بار، سول يېرىم قىسمىغا قىزىل، كۆك رەڭلىك ئۇزۇن كاتەكچە نەقىش ۋە قاتلىما نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. ئوڭ يېرىم قىسمىغا كۆك رەڭلىك كەڭ كاتەكچە ۋە قاتلىما نەقىشلەر رەختكە تىكىۋېتىلگەن. يەڭنىڭ ئۈچى قىسمىغا كۆك، ئاق رەڭلىك ھەرە چىشى نەقىش چۈشۈرۈلگەن. رەڭلەر جايىدا تەڭشەلگەن، نەقىشلەر ھېسسىي تۇيغۇغا ئىگە. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز گۈزەللىككە ئەھمىيەت بەرگەن، بۇ خىل ئارقاق ۋە ئۆرۈش يىپلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ رەخت توقۇش ئۇسۇلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ، كېيىن يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان.

ياغخىي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن غۇزلار دەۋرىگە تەۋە قىزىل-كۆك رەڭلىك يول-يول نۇسخىلىق كىيىم قېزىۋېلىنغان. ئەينى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىز يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنى ئاساسى ماتېرىيال قىلىپ كىيىم تىكىپ كىيگەن، ئۇلار قوي يۇڭىنى يىپ ئىگىرىپ، ئاندىن تىكىدىغان كىيىمنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن يۇڭ رەخت توقىغان. مۇشۇ يۇڭ يىپ ۋە رەختلەرنى ھەر خىل چىرايلىق رەڭلەردە بوياپ گۈللۈك نەقىشلىك يۇڭ رەختلەرنى توقىغان. بۇ قىزىل كۆك رەڭلىك كاتەكچە نەقىشلىك يۇڭ رەخت ئاستى - ئۈستى تۈز سىزىقلاردىن پايدىلىنىپ توقۇلغان، بۇ كىيىمنىڭ ئەڭ چوڭ پارچىسىنىڭ ئۇزۇنلىقى 36 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 26 سانتىمېتىر. قىزىل، كۆك، سېرىق ئۈچ خىل ئارقاق يىپ بىلەن قىزىل، كۆك، سېرىق ئۈچ خىل ئۆرۈش يىپى گىرەلەشكەن. قىزىل، كۆك كاتەكچە ئىچىگە قىزىل كاتەكچە نەقىشلەنگەن، گېئومېتىرىيەلىك شەكىل چىقىرىلغان بولۇپ، چىرايلىق نەپىس توقۇلغان.

ياغخىي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن غۇزلار دەۋرىگە تەۋە قوڭۇر، قىزىل، سېرىق رەڭلىك يانتۇ نۇسخىلىق تىگى يېشىل يۇڭ كىيىم قېزىۋېلىنغان. ئەينى دەۋرلەردىكى ئەجدادلىرىمىز ئاستى - ئۈستى تۈز نەقىشلىك توقۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ھەرخىل رەڭلىك يۇڭ رەختلەرنى توقۇيالا قالماي، يەنە قىيپاش نەقىشلىك توقۇش ئۇسۇلى بىلەنمۇ قىيپاش نەقىشلىك يۇڭ توقۇلمىلارنى توقۇغان. بۇ يۇڭ كىيىمنىڭ

ئۇزۇنلىقى 83 سانتىمېتىر، ئاتباغىرى ، قىزىل، سېرىق ئۈچ خىل رەڭ، ئۈرۈش يىپى كۆك رەڭ ئارقاق يىپى قىلىنغان . ئاستى - ئۈستى قىيپاش توقۇش ئۇسۇلى گىرەلىشىپ گېئومېتىرىك نەقىشلىك رەخت توقۇلغان، رەختلەرنىڭ يۈزىدە ئاتباغىرى ، قىزىل، سېرىق رەڭلىك كاتەكچە نەقىش شەكىللەنگەن بولۇپ، نەقىشلەر ناھايىتى چىرايلىق گېئومېتىرىك شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن.

2004 ـ يىلى تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن ئايالچە قىزىل شايىدا تىكىلگەن پاختىلىق جىلتىكە قېزىۋېلىنغان. ئۇنىڭ كۆكرەك قىسمى ۋە دۈمبە قىسمىغا ئايرىم - ئايرىم كەشتە تىكىلگەن. كۆكرەك قىسمىدىكى كەشتىلەنگەن ئىلاھى قۇشنىڭ ئۇزۇنلىقى 38 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 26 سانتىمېتىر، تىگى قىزىل رەڭلىك شايى بولۇپ، سېرىق، قارا، كۆك، يېشىل رەڭلىك يىپەك يىپ ئىشلىتىلىپ، يىڭنە بىلەن كەشتىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق گۈل - گىيالارنىڭ سۈرىتى نەقىشلەنگەن. گۈل نەقىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى باشلىق بىر تەنلىك سوپسوپىيانغا ئوخشايدىغان ئىلاھى ھايۋان بار. ئۈستىدە بىر رەت تاغ شەكىلگە ئوخشاپ كېتىدىغان نەقىش بار. نەقىش ناھايىتى سىپتا، جانلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ كىيىمنىڭ دەۋرى مىلادىيە 440 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. 1500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. بۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان يىپەك تاۋار بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى يىپەك توقۇش تېخنىكىسىنى، نەقىش تۈرىنىڭ كۆپلىكىنى ۋە چىرايلىقلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

پىچان ياڭخي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن غۇزلار دەۋرىگە تەۋە بىر دانە رەڭلىك يۇڭ ئىشتان قېزىۋېلىنغان بولۇپ، بۇ ئىشتاننىڭ قالدۇق ئۇزۇنلۇقى 81 سانتىمېتىر، بەل ئايلانمىسى 124 سانتىمېتىر. تۈز نەقىشلىك توقۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، سۇس سېرىق رەڭلىك يۇڭدىن توقۇلغان. قېلىن ھەم ئېغىر، ئىنتايىن سىپتا توقۇلغان. ھازىر تۇرپان مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

### يۇڭ ئىشتان



پىچان ياڭخي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن غۇزلار دەۋرىگە تەۋە توقۇلما بەلۋاغ قېزىۋېلىنغان. ئەجدادلىرىمىز يۇڭ يىپلاردىن پايدىلىنىپ كەڭ - تارلىقى ۋە گۈل نۇسخىلىرى ئوخشىمايدىغان ھەر خىل بەلباغ - تاسمىلارنى توقۇغان. بۇ توقۇلما بەلۋاغ تېپىلغان ۋاقىتتا ئۆلگۈچىنىڭ پەشمىتىنىڭ بەل قىسمىغا سانجىقلىق بولۇپ، ئۇ جەسەت بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان. بەدەننىڭ ئاستى قىسمى چىرىپ كەتكەن، ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلىقى 53 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5.6 سانتىمېتىر، سېرىق، ئاتباغىرىرەڭ، يۇڭ يىپنى بېغىررەڭ رەختىنىڭ ئۈستىگە توقۇپ، ئۈچبۇلۇڭ شەكىلدىكى نەقىش چىقىرىلغان.

### توقۇلما بەلباغ



ئەينى چاغدا ئەجداتلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن تەبىئي غار ئۆڭكۈر سىزمىلىرىدا، مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە، تارىخي دەۋرلەردە شەكىللەنگەن قورۇق جەسەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدە،

بىللە دەپنە قىلىنغان ياغاچ قونچاقلىرىدا ئىزچىل ئۆز تۈپرىقىغا خاس مەدەنىيەت - سەنئەت نەمۇنىلىرىنى يارىتىپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىيىم - كېچەك ئالاھىدىلىكىنىڭ بىر خىل ئېنىق ئەنئەنە شەكلىدە ئىزچىل ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. تۆۋەندە بۇ ئالاھىدىلىكلەر بىلەن تونۇشۇپ ئۆتۈمىز.

تۇرپان مۇزېيىدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتقان سۇبېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بىر ئايال جەسەت بولۇپ، يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 777 - يىلدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 221 - يىللار ئەتراپىدا، 30 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە ، بۇ جەسەت ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، كۆزلىرى چوڭقۇر، بۇرنى قاڭشارلىق، چاچلىرى سۇس قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن چېچى يۇڭ تور بىلەن ئورالغان. باش تەرىپىگە كىگىزدىن تىكىلگەن ئۇچلۇق باش كىيىمى قويۇلغان. ئۈستىگە تېرىدىن تىكىلگەن (خۇرۇمدىن) ئۇزۇن تون كەيگۈزۈلگەن بولۇپ، تون ناھايىتى سىپتا تىكىلگەن. تونىنىڭ ئىچىگە يۇڭ يىپتىن توقۇلغان ئويما ياقىلىق يۇڭ مايكا، ئاستىغا بېغىر رەڭ، بىنەپشە رەڭ، سېرىق رەڭ، سۇس ئاسمان رەڭ، بوز رەڭلىك رەڭگا - رەڭ يۇڭ يىپلاردىن يول - يول قىلىپ توقۇلغان رەڭلىك ئۇزۇن يوپكا ، پۇتىغا قىسقا كىگىز قونچىلىق خۇرۇم ئۆتۈك كەيگۈزۈلگەن.

تۇرپان مۇزېيىدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتقان سۇبېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بىر ئەر جەسەت بولۇپ، يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 777 - يىلدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 221 - يىللار ئەتراپىدا، بېشى تاقىر باش، جەسەتنىڭ بېشى ياستۇق ئۈستىگە قويۇلغان. قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، پۇتىنى پۈكۈپ تۈز ياتقۇزۇلغان ھالەتتە . ئۈستىگە بىۋاستە خۇرۇم چاپان كەيگۈزۈلگەن. ئاستىغا كۆرپە سېلىنغان. پۇتىغا يۇتىسىغىچە كېلىدىغان خۇرۇم ئۆتۈك كەيگۈزۈلگەن.

سىڭگىم ئۆتەك قەبرىستانلىقىدا، بىر ئەر بىر ئايال دەپنە قىلىنغان قەبرە قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئەر يالاڭ كىيىم كىيگەن، پۇتىغا ئىگىز قونچىلىق يۇمشاق چەملىك ئۆتۈك كىيگەن، بېلىگە كەمەر باغلىغان. ئايال لەھەتنىڭ ئاغزى قىسمىغا قويۇلغان، يېشى تەخمىنەن 10 ياش بولۇشى مۇمكىن، پۇت - قول سۆڭەكلىرى ئىنچىكە بولۇپ، باش قىسمىغا بىر دانە ياغاچ چىلەك قويۇلغان، چىلەككە بىر دانە ھېقىق قويۇلغان، ھېقىق ئىچىدە قوينىڭ ئۇمۇرتقا سۆڭەكلىرى قاچىلانغان. ئىككىيلەننىڭ باش قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، يان ھۇجرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا ئىككى دانە قوينىڭ گۆرجەك سۆڭىكى ياغاچ كالتەككە بېكىتىلىپ تامغا سانجىپ قويۇلغان. ئوڭ قولىنىڭ يېنىغا بىر دانە يۇملاق تېرە قويۇلغان، پۇتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە بىر جۈپ ئۆتۈك ھەمدەپنە قىلىنغان.

«غەربىي يۇرتنىڭ ئومومىي تەزكىرسى» 1 - جىلددا قوچو ئۇيغۇرلىرى «كىيىملىرى بۆرەك ياقا، يەڭلىرى تار، ئەرلەر تونىنىڭ ئالدى پېشى سول تەرەپكە ئورالغان، ئاياللار لىباسىنىڭ ئالدى پېشى سول تەرەپكە ئورالغان، ئاياللار لىباسىنىڭ ئالدى پېشى ئۇچۇق، ئىچىدە رۇباشكىلىق، ئۇزۇن تونىنىڭ ئۇزۇنلىقى تىزىغىچە كېلىدۇ. ئاياللارنىڭ بۆكى قىشمۇ - ياز تېرىدىن تىكىلگەن بولۇپ، بۆكنىڭ ئالدى پېشانىسىگە قۇش پەيلىرىنى بىزەك قاتارىدا قادايدۇ. ئەرلەرنىڭ بولسا، قىشلىقى تېرىدىن قۇلاقچا، يازلىقى يىپەكتىن تىكىلگەن بۆك كىيىدۇ. بۆكنىڭ چوققىسىغا بۆسەر تېرىسىدىن، ئەتراپى شاھىدىن تىكىلىدۇ. پادىشاھنىڭ ۋە دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى بولسا تېخىمۇ سىپتا، ئېسىل رەختلەردىن تىكىلىدۇ» دېيىلگەن.

بېزەكلىك مىڭئۆيى 20 - غاردىكى تام رەسىمدە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىرى ئۇزۇن ئۇچۇق قىزىل رەڭلىك بۆرەك ياقىلىق تون كىيگەن، بېلىنى كەمەر بىلەن چىڭ باغلىغان. چاقماق تېشى، بىلەي تاش، بىگىز، پىچاق،

ئارغامچا، ياغلىق، پىچاق قاتارلىق نەرسلەر ئېلىنغان. بېشىدىكى تاج ئالتۇن رەڭلىك بولۇپ، شەكلى ئۆرە تۇرغان نىلۇپەر گۈلىگە ئوخشايدۇ، ئالدى پەس، كەينى ئېگىز، ئۈستى ئۈچلۈق ئاستى يۇمىلاق. تاجنى يىپ بىلەن بوينىغىچە باغلىغان. رەسىمنىڭ يېنىغا « باتۇر ئىدىقۇت ئارىسلانخان ئەلنى ئىدارە قىلىدىغان توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى، پۇتكۇل ئەلنىڭ شۇڭقارى ئۇيغۇر تېگىننىڭ رەسىمى» دېگەن بېغىشلىما خەت يېزىلغان.

يەنە مۇشۇ غاردا خانىشلارنىڭ تېۋىنىۋاتقان رەسىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۈچەيلەن بار. ئۈستىگە قىزىل رەڭلىك، تار يەڭلىك تون كىيگەن، ياقىسىغا چىرايلىق يۆگىمە نەقىش كەشتىلەنگەن، بوينىنىڭ ئاستىدىكى بۆرەك ياقىلىق ئىچكى كىيىم سىرتقا چىقىپ تۇرىدۇ. چېچىنى تۇرمەللىۋالغان بولۇپ، ئۈستىگە ئالتۇن يالىتىلغان زىقچىلار قادالغان، باش قىسمىدىكى تاجىسى خۇددى ئالتۇن بېلىققا ئوخشايدۇ، بېشىنىڭ كەينىگە بىر ئۇزۇن قىزىل رەڭلىك شايى چىگىپ قويۇلغان، رەسىمنىڭ ئوڭ ئۈستى تەرىپىگە «بۇ بىر ئالىجاناپ ئېسىل خانىش رەسىمى » دېگەن ئۇيغۇرچە بېغىشلىما يېزىلغان. بۇ تام رەسىمى ھازىر گېرمانىيەنىڭ بېرلىن موزېيىدا ساقلانماقتا.

1972 - يىلى، تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن (مىلادىيە 6 - 9 ئەسىرلەر) قېزىۋېلىنغان لايدىن ياسالغان تۆگىچى ھەيكىلى (ھەيكەلگە ئاق، قىزىل، قارا رەڭلەر بېرىلگەن) ناھايتى ئوبرازلىق ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىدا ئۇچى كەينىگە قايرىلغان ئېگىز كىگىز قالپاق، ئۇچىسىدا ئۇزۇن تون، پۇتىدا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن قىياپەتتە ناھايتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن.

ئۇيغۇر ئاياللىرى قەدىمدىن تارتىپلا ئۆزىنى زىننەتلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. شۇڭلاشقا ئۇلار ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە ئۈنچە - مەرۋايىتلاردىن ھەر تۈرلۈك ھالقا، ئۈزۈك، مارجان قاتارلىق قىممەت باھالىق زىبۇ - زىننەت بۇيۇملارنى ياساپ تاقىغان. تۆۋەندە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاياللىرى ئىشلەتكەن زىننەت بويۇملىرىنى كۆرۈپ باقايلى .

يارغول قەدىمكى شەھىرىدىكى غەربى غولنىڭ غەربىي تۆپىلىكتىكى قەبرىستانلىقنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش جەريانىدا ئالتۇن ھالقا قېزىۋېلىنغان، غوز - قاڭقىللار دەۋرىگە تەۋە .ئالتۇن ھالقا يۇمۇلاق شەكلىدە بولۇپ، دىيامېتىرى 3 cm، ئۈستى تەرىپى رۇمبا شەكلىدىكى يېشىل رەڭلىك تۇركۋايىس ( رەڭلىك تاش) تىن كۆز قويۇلغان. ھالقا چىرايلىق ۋە نەپىس ياسالغان. بۇ ھالقا ھازىر تۇرپان مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

***ئالتۇن ھالقا***



ئالتۇن ئۈزۈك - يارغول قەدىمكى شەھىرىدىكى غەربى غولنىڭ غەربىي تۆپىلىكتىكى قەبرىستانلىقنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش جەريانىدا قېزىۋېلىنغان بولۇپ، غوز-قاڭقىللار دەۋرىگە تەۋە . ئالتۇن ئۈزۈك ئالتۇن ياپراقچىنى بولقىلاش، بېسىش ئارقىلىق ياسالغان. ئۈزۈكنىڭ يۈزى ئېلىپس شەكىللىك بولۇپ، يولۋاسنىڭ باش شەكلى چىقىرىلغان. ئۈزۈكنىڭ بېغى كەڭ ياپىلاقلانغان. ئۈزۈك يۈزىنىڭ دىيامېتىرى تەخمىنەن 2.4cm، ئېغىرلىقى 3.26 گىرام. بۇ ئالتۇن ئۈزۈك ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

***ئالتۇن ئۈزۈك***



ئۈنچە - مارجان زىننەت بويۇملىرى ئىچىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بويۇم ياڭخىي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان. ئۈنچە -

مارجانلارنىڭ كۆپ قىسمى تۇتاش بولۇپ، بويۇنغا ئاسىدىغان مارجان ۋە قولغا تاقايدىغان زەنجىر، بىلەيزۈك قاتارلىقلار بار. ھېقىق، يېشىل مونچاقلار ئەڭ كۆپ، بەزىلىرى رەڭلىك تاشتىن ياسالغان، يۇمىلاق تۆشۈك تېشىلگەن. ئېگىز ـ پەسلىكى، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشىمايدۇ. رەڭگى قىزىل، قوڭۇر رەڭ، قىزىل رەڭلىك ھېقىق، قىنىق ۋە سۇس يېشىل رەڭلىك مونچاق ۋە ئاق رەڭلىك تاش مونچاق قاتارلىقلار بار بولۇپ، رەڭگى ھەر خىل ھەم پارقىراق.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر ئاياللىرى كۆينەكلىرىنىڭ مەيدە قىسمىغا ئالتۇندىن، كۈمۈشتىن، مىستىن سوقۇلغان زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىغان. بۇنىڭ مىسالى:

***ئالتۇن قاداق***



بۇ ئالتۇن قاداقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.34 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 2.4 گرام كېلىدىغان كۆك ۋە ئاق تۇركۋايىس (رەڭلىك تاش) تىن كۆز قويۇلغان، كەينىدە ياي شەكىللىك قاداق بولۇپ، باشقا بۇيۇملارنىڭ ئۈستىگە قادىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئالتۇن قاداق غوز ـ قاڭقىلىلار دەۋرىگە تەۋە بولۇپ، ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق موزېيدا ساقلانماقتا.

***ئالتۇن قاداق***



بۇ ئالتۇن بىزەك غوز ـ قاڭقىلىلار دەۋرىگە تەۋە. ئەڭ چوڭ دىيامېتىرى 5.9cm ، پىچان ياڭخىي ۋە تۇرپان ئايدىڭكۆل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان. ھازىر تۇرپان مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئالتۇن ياپراقچىنى ئۇرۇپ بېسىپ، ئالتە بۇرجەكلىك گۈل نۇسخىسى چىقىرىلغان. ئوتتۇرىسىغا بېسىش، كۆپتۈرۈش شەكىللىرى روشەن بولغان چەمبەر شەكلى چىقىرىلغان. ئوتتۇرىسىغا بىر دانە تۆشۈك ئېچىلغان. ھەر بىر تال ئۇزۇن ياپراقچىنىڭ ئۇچىغا بىردىن تۆشۈك ئېچىلغان. بۇ تۆشۈكچىلەر بېزەكنى ئورنىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاياغ كىيىملىرى پەسىل، سورۇن، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن يازلىق ۋە قىشلىق، قونچلۇق ۋە قونچىسىز، پاشنىلىق ۋە پاشنىسىز ئاياغلارنى چىگە، تېرە ـ كۆن، يۇڭ ۋە كىگىز قاتارلىقلاردا تىكىپ كىيىشكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1994 ـ يىلى تۇرپاندىكى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن بىر دانە قوچو خانلىقى دەۋرىگە تەۋە چىگىدىن توقۇلغان ئاياق قېزىۋېلىنغان. بۇ ئاياقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 26 س م، كەڭلىكى 9 س م بولۇپ، يېرىك چىگە شوينىدىن توقۇلغان. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي رايوندىكى قوچو(تۇرپان) رايونىدا ياشايدىغان ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئومۇميۈزلۈك كىيىدىغان چىگە ئاياق ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاياق ھازىر تۇرپان مۇزېيىدا كۆرگەزمە قىلىنماقتا.

***چىگىدىن توقۇلغان ئاياق***



مىڭئۆيدىن دەۋرى قوچو غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرى دەۋرىگە تەۋە بولغان بىر ئېگىز قونچلىق ئۆتۈك قېزىۋېلىنغان، ئۆتۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 29 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 56 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 11 سانتىمېتىر، قونچىنىڭ ئالدى ئېگىز كەينى پاكا بولۇپ، بەلكىم ئۇرۇشتا كىيىدىغان ئۆتۈك بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۆتۈكتىن قەدىمكى

زاماندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ تېرە ئەيلەش - تېرىچىلىك ھەم ھەر خىل تېرە بۇيۇملارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر سەنئىتىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ ئۆتۈك ھازىر تۇرپان مۇزېيىدا كۆرگەزمە قىلىنماقتا.

### مىس تۈگمە بىلەن بېزەلگەن ئۆتۈك



1988 - يىلى ياڭخىي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن غوزلار دەۋرىگە تەۋە مىس تۈگمە بىلەن بېزەلگەن ئۆتۈك قېزىۋېلىنغان، بۇ ئۆتۈك بىر ئەرنىڭ پۇتىغا كەيگۈزۈپ دەپنە قىلىنغان. خۇرۇم ئۆتۈك مىس تۈگمە بىلەن بېزەلگەن. قونچىغا مىس قوڭغۇراق ۋە مىس نەيچە بېزەكلەر ئېسىلغان. بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ھازىرغىچە پەقەت مۇشۇ ياڭخىي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىلا بايقالغان بولۇپ، يۇرتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىكى قەبرىلەردە تېخى بايقىلىپ باقمىدى. بۇ ئۆتۈكلەر تىكىلىش ھۈنەر - سەنئىتى، پۇختىلىقى، ئىشلەتكەن ماتېرىياللىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەينى زامان شارائىتىغا نىسبەتەن ئەڭ ئېسىل ئاياغ كىيىملىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئۆتۈك ھازىر تۇرپان مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

### گۈللۈك ئاياق



2006 - يىلى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن قوچو خانلىقى دەۋرىگە تەۋە گۈللۈك ئاياق قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتىر. ئۇچى ئۇچلۇق، ئاياقنىڭ ئۇستى تەدرىجى ئۇستىگە ئىگىز كۆتۈرۈلگەن. ئۇستىگە رەڭلىك گۈل كەشتىلەنگەن. ياغاچ چەملىك، قىسمەن جايلىرىغا كۆن خۇرۇم ئىشلىتىلگەن. بۇ ئاياغنىڭ رەڭگىنىڭ پارقىراق، رەڭدار، جۇلالىقلىقى، ھۈنەر - سەنئەت سەۋىيىسى ۋە گۈل - نەقىشلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى ، كىرىشتۈرۈلگەن رەڭلەرنىڭ خىلمۇ - خىللىقى ئەينى چاغدىكى ئاياق ئىشلەش سەۋىيىسىنىڭ خېلىلا مۇكەممەل دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئاياق ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

### گۈل كەشتىلەنگەن ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك



تۇرپان شەھىرىدىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە گۈل كەشتىلەنگەن ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك يىغىۋېلىنغان. بۇ ئىگىز قونچلۇق، گۈل كەشتىلەنگەن ئۆتۈكنىڭ ئېگىزلىكى 39 سانتىمېتىر، چەمنىڭ ئۇزۇنلۇقى 21 سانتىمېتىر، چەمى بىلەن ئېگىز پاشنىسى كالا خۇرۇمدا تىكىلگەن، ئىچىگە يۇمشاق قوي تېرىسى قويۇلغان. ئۆتۈكنىڭ يۈزىگە قارا رەڭلىك لاتا ئىشلىتىلگەن بولۇپ قىزىل، ساغۇچ، سېرىق، سۇز سېرىق رەڭلەر ئىشلىتىلگەن. يىڭنە

بىلەن كەشتىلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، گۈل بەرگى نەقىشلىرى چۈشۈرۈلگەن، ئۆتۈك يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەرە چىشى شەكلى كەلتۈرۈلگەن. رامكىنىڭ ئىچى سېرىق، قىزىل رەڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاتلىما سىزىق شەكلىدىكى نەقىش كەشتىلەنگەن، ئىككى تەرىپىگە بۇلۇت، نىلۇپەر گۈلى زىننەتلەنگەن، ئۆتۈكنىڭ يان يۈز قىسمىغا ئوت - چۆپ گۈل بەرگى چۈشۈرۈلگەن. تىكىلىشى ناھايىتى سىپتا، كەشتە نەقىشلىرى چىرايلىق، رەڭلىرى جايىدا بولۇپ، يول ماڭغاندا زىننەتلەنگەن قىزىل يىپ پۆپۈكچىلەر ئۈچۈپ تۇرىدۇ، ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق، رەڭگا - رەڭ، سېھرىي كۈچكە باي.

قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنۋى كىيىم - كېچەكلىرى ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى مەنىۋى بايلىقنى كۆرەلەيمىز، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرى قوللىنىپ كەلگەن ئۆرۈپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاد، پەلسەپە قاتارلىق جەھەتلەردە شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى ئىدىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەك نۇسخىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئامىللىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ كەلگەنلىكىنى، ھەمدە ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز بېيىتىپ كەلگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۆزىمۇ تەرەققىي قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. پەرىدە سەئىدىن‹‹تۇرپان مۇزېيىدا ساقلىنىپ كۆرگەزمە قىلىنىۋاتقان قەدىمكى جەسەتلەر››، ‹‹تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى›› ژۇرنىلى 2008 - يىللىق 1 - سان.54 - بەت.

2. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ‹‹چەرچەن ناھىيەسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىنى قېزىپ رەتلەش دوكلاتى››،‹‹شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى›› 1997 - يىللىق 3 - 4 - بىرلەشمە سان.

3. ئابدۇغېنى مەنسۇر تەرجىمە قىلغان ‹‹قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى›› ‹‹تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى›› 2003 - يىللىق 1 - سان 12 - بەت.

4. لى شياۋ ‹‹تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەۋھەرلىرى›› شاڭخەي لۇغەتچىلىك نەشرىياتى نەشر قىلغان. 2006.6 1 - نەشرى(خەنزۇچە).

5. شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ئورنى‹‹ 2006 - يىلى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتىن دوكىلات›› ‹‹ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى›› ژۇرنىلى 2008 - يىللىق 3 - 4 بىرلەشمە سان. 15 - بەت. (خەنزۇچە).


(ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدا)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# ئۇيغۇر پىچاقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ گۈل تاجى ــ يېڭىسار پىچاقچىلىقى توغرىسىدا

تۇرغۇن ئۆمەر    ئابدۇشۈكۈر راشىدىن

يېڭىسار ناھىيەسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمكي يۇرتلارنىڭ، شۇنداقلا تارىختىكى يىپەك يولىغا جايلاشقان مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى. بۇ ئانا ماكاندىكى ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق قەدىمكى دەۋرلەردە ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا قوي، كالا ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشىدىن پايدىلىنىشقا پىچاق بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن. شۇڭا، ئۇلار رودا قېزىپ، تۆمۈر تاۋلاش ۋە شۇ ئاساستا پىچاق ياساشنى ئۆگەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ پىچاق ياساش تارىخى خېلىلا ئۇزۇن بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلار، خارابە ـ ئىزلار، دەريا ۋادىلىرى ۋە قەلئە خارابىلىرىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن بىللە قەدىمكي تاش پىچاق، تۇچ پىچاق ۋە كىچىك تۆمۈر پىچاقلار چىققان. مەسىلەن، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئاقتالا دېگەن يېرى بىلەن ئاقسۇ ناھىيەسىنىڭ قارا يۇلغۇن دېگەن يېرىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت خارابىلەردىن سىلىقلاپ ئىشلەنگەن تاش پىچاق، تاش ئورۇغاق چىققان بولۇپ، ناھايىتى سىپتا ئىشلەنگەن. تاش پىچاقنىڭ ئارقىسى تۈز، بىسى يېرىم ئاي شەكىللىك. تاش ئورۇغاقنىڭ ھەممىسى ياي شەكلىدە ياسالغان.

يېقىندا يەنە تۇرپاندىن برونزا پىچاق تېپىلىرى ۋە ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي تاغ (نەنسەن) كان رايونىدىكى قەدىمكى غۇز ـ قاڭقىللارغا ئائىت قەبرىستانلىقلاردىن ئۇششاق تۆمۈر ئەسۋابلار، يەنە ئايرىم قەبرىلەردىن كىچىك تۆمۈر پىچاقلار چىقتى. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى، بۇ يەرلەردە دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭدىن باشقا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تەختىرىۋان رەسىمىدە مۇنداق بىر كۆرۈنۈش بار. بۇ رەسىم پادىشاھ تاڭ تەيزۇڭنىڭ تەختىرىۋاندا ئولتۇرۇپ غۇز سەردارلىرىنى قوبۇل قىلغان كۆرۈنىشى ئىدى، بۇ سەردارلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىشى ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇنىڭ بېلىگە بەلباغ باغلانغان. بەلباغقا غىلاپلىق پىچاق ئېسىلغان. مانا بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ پىچاق ياساش ھۈنەر كەسپىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قول سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئىشلەتكەن ھەر خىل ئۈسكىنە ـ ئەسۋابلىرى، مەسىلەن، ئېتەگۈ ( ئېتەگۈ ـ سۇ تۈگمەنلىرىدە ئۈستىگە ئايلانغۇچ تاش ئورنىتىلغان پولات قۇلاق)، قۇيۇچ (قۇيۇچ ـ پولات) كامان ( كامان ـ گىلەم ياكى بوز توقۇشقا ئارقاق بىلەن ئۆرۈشنى ئايرىپ تۇرىدىغان بىر خىل ئەسۋاب)، چەچكە (چەچكە ـ بۆزچىنىڭ يىپ تارتىدىغان ئارغىقى)،

چىغىرىق ( چىغىرىقب ـ تۈگمەن چاقى، چىغىرىق، چاقپەلەك، يىپ ئىگىرىدىغان چاق) («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم. 184 ـ ، 447 ـ ، 508 ـ ، 559 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى) . ئەگەر بۇلار قۇيۇچ پولات بولمىغان بولسا يۇقىرىقىدەك ئۈسكىنىلەرنى ياساش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ۋاڭ يەندې «قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئۇيغۇرلارنىڭ قولى ئەپچىل، هۈنەرگە ئۇستا، ئالتۇن ـ كۈمۈش، مىس، تۆمۈر تاۋلاشقا ماهىر، بۇ مېتاللاردىن هەر خىل ئەسۋاب ياسىيالايدۇ، يەنە ئەسۋابلارغا نەقىش ئويۇشنىمۇ بىلىدۇ» دەپ يازغان.

ئۇيغۇرلانىڭ قول هۈنەرۋەنچىلىكى قاراخانىيلار دەۋردە ناهايىتى گۈللەنگەن بولۇپ، قول هۈنەرۋەنچىلىكنىڭ كەسىپ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كان قېزىش، مېتال تاۋلاش، توقۇمىچىلىق، كۇلالىچىلىق، ئەينەكچىلىك قاتارلىق كەسىپلەر تەرەققىي قىلغان. ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بىز ئەينى چاغدىكى كان قېزىش تېخنىكىسىنىڭ ئىلغار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. يەنى، كان مەهسۇلاتلىرىدىن ئاساسلىقى تۆمۈر، قەلەي، ئالتۇن ـ كۈمۈش، نۆشۈدۈر ۋە هەر خىل ياقۇتلار بار بولۇپ، ئۇيغۇر ئۇستىكارلارنىڭ مېتال تاۋلاش تېخنىكىسى ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيەدە بولغانلىقتىن، هەر خىل تۆمۈر سايمان ۋە قوراللارنى ياساپ چىققان. ئۇلار مىس سولفىتنى ئېرىتىپ ساپ مىس ئالغان، كۈمۈش ئايرىغان. ئالتۇن تاۋلاپ ئۇنىڭدىن ئالتۇن كەمەر، ئالتۇن ئوقدان، شۇنداقلا تۈرلۈك زىبۇ ـ زىننەت بويۇملىرىنى ياساپ چىققان. مېتال بۇيۇملار ئىچىدە يەنە هەربىي قورال ـ ياراغ، ساۋۇت، ئىگەر جابدۇق قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. خەلق تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان ۋە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان كېرەكلىك بۇيۇملاردىن ئاساسلىقى هەر خىل پىچاق، كەكە ـ كەتمەن قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە قاچا ـ قۇچا، قازان ـ قومۇشلار، هۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىدىن چىراغ، سىيادان، قەلەمدان قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىزىل مىستىن داچەن پۇللارنى قۇياتتى. دېمەك، ئاشۇ دەۋرلەردە يېڭىساردا قول هۈنەرۋەنچىلىك تازا راۋاجلانغان بولۇپ، مېتال تاۋلاش، تۆمۈر سايمانلارنى ياساش ناهايىتى تەرەققىي قىلغان. بولۇپمۇ، شۇ دەۋرلەردە يېڭىسار پىچىقىنى ياساش خېلى راۋاجلانغان ۋە نامى چىققان.

يېڭىسار ناهىيەسىدە ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقنىڭ ئېتنوگرافىيەلىك تەركىپىنى ئىنقىلاپ كۆرگەندە، بۇ جايدىكى خەلقنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ مەسلىهەتچىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنىنىڭ سابىق تەتقىقاتچىسى، تىلشۇناس مەرهۇم ئىبراهىم مۇتئى ئەپەندىنىڭ 1982 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يېڭىسار ناهىيەسىدە ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيەسى، گىراماتىكىسى هەمدە تىل تەركىپىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا ناهىيەلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ناهىيەلىك بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىدە دوكلات بەرگەن ، ئۇ دوكلاتىدا موللا هاجىنىڭ «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» دا: «يېڭىسار مەۋزەئى باشلىمى ئالتۇنلۇقۇم، ئاخىرقى ئۆتەڭ قاراغىچە بولغان كەڭ زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكي شەهەرلەرنىڭ بىرى» دەپ كۆرسىتىلگەن. هەمدە يېڭىسارنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا قوللىنىلىۋاتقان سۆزلەر ئەسلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇق قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان سۆزلەر ئىكەنلىكىنى، مىلادىيەدىن بۇرۇنلا يېڭىساردا

ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغانلىقىنى، يېڭىساردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى ياغما قەبىلىسىنىڭ كۆپلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يېڭىساردا يەنە قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ 10 ـ ئەسىرگە تەۋە بولغان ھەسەن بۇغراخان ۋە ھۈسەيىن بۇغراخاندىن ئىبارەت خانلارنىڭ «چۆجە پاششىم» دېگەن جايدا قەبرىسى بار. يېڭىسار ماڭشىن يېزىسىنىڭ قاراۋاش كەنتىدە كىشىلەر «سۇلتان دەرىجە خېنىم» دەپ ئاتايدىغان بىر مازار بولۇپ، بۇ مازارغا دەپنە قىلىنغىنى قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ خانى ھۈسەيىن بۇغراخاننىڭ ئايالى «ھەدىيە تۈركەن خاتون»، ئۇنى كىشىلەر سۇلتان دەرىجە خېنىم يەنى (خاقانغا تەڭ خېنىم) دەپ ئاتىغان. ئەپسۇس بۇ مازار مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە چېقىۋېتىلگەن.

يۇقىرىقى تارىخى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا يېڭىساردا مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغانلىقى ھەمدە بۇ جايدا كۆچمەن چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، شۇنىڭدەك يەنە قول ھۈنەر كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ تۆمۈر تاۋلاش، تۆمۈر سايمانلارنى ياساشنى ئۆگىنىپ پىچاق، كەكە، كەتمەن، ئورۇغاق قاتارلىق مېتال بۇيۇملارنى ياساپ تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر جاي نامىلىرى قامۇسىدا يېڭىسار خەن سۇلالىسى دەۋرىدە 36 بەگ ـ بالىقنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئۈچ بەگلىك دەۋرىدە (مىلادىيە 265 ـ ، 220 ـ يىللار) «سۇلى» يەنى قەشقەرگە قارايتتى، دەپ ئىزاھلانغان. «ئوكيانۇس» تا يېڭىسار غەربىي يۇرتتىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىنىڭ نامى. ئۇلارنىڭ زېمىنى شىمالدا سۇلى بىلەن، شەرقتە ياركەنت بىلەن، جەنۇبتا قاغىلىقنىڭ كۆكيار بىلەن تۇتىشىدۇ، دېيىلگەن. ئەينى چاغدا ئاقتۇ ناھىيەسىمۇ يېڭىسارغا قارايدىغان بولۇپ، 1954 ـ يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا تەۋە قىلىنغان. دېمەك، يېڭىسار ناھىيەسى قەدىمكىي دەۋرلەردە زېمىن دائىرىسى كەڭ بەگلىكلەردىن بىرى ئىدى.

يېڭىسار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «يېڭى ھېسار» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن نام بولۇپ، يېڭى شەھەر دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. يېڭىسار پىچىقى مۇشۇ يۇرتتىن چىققانلىقى ئۈچۈن ‹‹يېڭىسار پىچىقى›› دەپ يۇرت نامى بىلەن ئاتالغان. غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ قەدىمكى جايلارنىڭ بىرى بولغان يېڭىسار ناھىيەسىدە قول ھۈنەرۋەنلەر بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بۇ جايدا تۆمۈرچى، كۇلالچى، سەرگەزچى، تاشچى، موزدوز، تۇماقچى قاتارلىق ھۈنەر ـ كەسىپلەر بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. بۇ ھۈنەر ـ كەسىپلەر ئىچىدە پىچاق ياساش ئالاھىدە ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. پىچاق ياسىغۇچى ئۇستىلار ناھايىتى كۆپ بولۇش بىلەن بىللە ئۇلار ياسىغان پىچاقلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى باشقا جايلاردا ياسالغان پىچاقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

يېڭىسار پىچىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن يىللار مابەينىدە بارلىققا كەلتۈرگەن، شۇنداقلا ھازىرغىچە ئەتىۋارلىنىپ كېلىۋاتقان ۋەكىللىك خاركتېرىگە ئىگە ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە تۇرمۇش بۇيۇمى ھېسابلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىستتىك قىممىتىگە ئىگە ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇمى، شۇنداقلا ئۇيغۇر پىچاقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر پىچاقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ گۈل تاجىسى بولغان يېڭىسار پىچىقى يىپەك يولى سودىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ راۋاجلانغان. ھازىر پىچاق تۈرلىرى ۋە رەڭ خىللىرى يەنىمۇ كۆپىيىپ،

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



يېڭىسار پىچىقى يەنىمۇ نەپىس كۆركەم زامانىۋىيلىققا ئىگە بولدى.

يېڭىسار پىچىقىنىڭ تارىخىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ پىچاقچىلىق ھۈنەر- سەنئىتىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۆمۈر تاۋلاپ ۋە تۆمۈردىن ھەر خىل قورال، سايمانلارنى ياساپ، ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۈك پايدىلانغان دەۋر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى، يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تاش قوراللار دەۋرىدىن تاشتىن، برونزا دەۋرىدە مىستىن، تۆمۈر قوراللار دەۋرىدە تۆمۈردىن ھەر خىل پىچاق ۋە خەنجەرلەرنى ياساپ، ئۇنى كۆپ قېتىم ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلاپ ئۆتكۈر، نەپىس، كۆركەم قىلىپ، ئۇيغۇر پىچاقچىلىق مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. شۇڭا، تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ۋە قېزىلمىلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يۇقىرىقى پاكىتلاردىن يېڭىسار پىچاقچىلىقىنىڭ ئۇيغۇر پىچاقچىلىق مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇر پىچاقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ گۈل تاجى بولۇشقا مۇناسىپلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

## يېڭىسار پىچىقىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى قاراشلار

يېڭىسار پىچىقىنىڭ تارىخىنى سۈرۈشتە قىلغاندا ئوخشاش بولمىغان بىر قانچە خىل قاراشلار بار.

بىرىنچىدىن، يېڭىسار ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى. يېڭىسار ئېلىمىزنىڭ خەن دەۋرىدىكى مەشھۇر تارىخىي ئەسەر «خەننامە»، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە «依耐国» (ئىنائى بەگلىكى) دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى 36بەگ- بالىقنىڭ بىرى ئىدى. «依耐国» (ئىنائى بەگلىكى) نىڭ ئورنى دەل ھازىرقى يېڭىسار ناھىيەسىگە توغرا كېلىدۇ. يېڭىسار ناھىيەسى مىلادىيەدىن بۇرۇنلا غەربىي يۇرتتىكى مۇھىم ئورۇنغا ئىگە چوڭ بەگلىكلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئوۋچىلىق ۋە كوچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدە پىچاق مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. شۇڭا، بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنلا يېڭىساردا پىچاق ياساش كەسپىي بارلىققا كەلگەن.

پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا يېڭىسار پىچىقىنى 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، يېڭىسار تارىختىكى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان ئەڭ قەدىمكى بۈيۈك كاراۋان (يىپەك) يولى ئارقىلىق چەتئەللەرگە چىقىدىغان مۇھىم ئۆتەڭ بولغاچقا، يېڭىسارغا باشقا جايلاردىن كېلىپ كېتىدىغانلار ۋە بۇ جايدىن باشقا يۇرتلارغا چىقىدىغانلار بىر قەدەر كۆپ ئىدى. بۇ خىل ئەۋزەل شارائىت يېڭىسار پىچىقىنى ياساش ۋە نامىنى سىرتقا تارقىتىش جەھەتلەردە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېڭىساردىكى ئەڭ قەدىمكى بۈيۈك كاراۋان يولىنىڭ ئىگىزيەر دېگەن جايى ھەم بۇ ناھىيەنىڭ قىزىل يېزا قورغان كەنتىدە بايقالغان مىتال تاۋلىغان ئىزلار يېڭىسار پىچىقىنىڭ تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

يېڭىسار پىچىقى ھەققىدىكى يەنە بىر قاراش

يېڭىسار پىچىقى- ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك مىللىي قول ھۈنەر- سەنئىتى بويۇملىرى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان داڭلىق

مەھسۇلاتلارنىڭ بىرى. ئۇ ئەسلىدە يېڭىسارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىجادىيىتى بولغاچقا، شۇ جاينىڭ نامىغا ماس ھالدا «يېڭىسار پىچىقى» دەپ ئاتالغان. دەرۋەقە، تارىم بوستانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان يېڭىسار ناھىيەسىدە پىچاق ياساش ھۈنەر ـ كەسپى ناھايىتى تەرەققىي تاپقان. يېڭىسار پىچىقىنىڭ تۈرلىرى 20 خىلدىن ئاشىدۇ. 1987 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ھۈنەر ـ سەنئەت بويۇملىرىنى باھالاشتا، يېڭىسار پىچىقى بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن. بۈگۈنكى يېڭىسار پىچىقى بۇنىڭدىن 300 يىللار ئىلگىرى يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قاراباش يېزىسىلىق داڭلىق ئۇستا مۇھەممەد قۇلاخۇن نامى بىلەن ھەممە ئەتراپقا داڭ چىقارغان.

يېڭىسار پىچىقى ياسىلىش شەكلى جەھەتتىن نەپىس ۋە كۆركەم بولۇپ، ئىشلىتىشكە ناھايىتى قولاي، يېڭىسار پىچىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، يېڭىسار پىچىقىنىڭ تىغى ئۈچۈن سۈپەتلىك پولات تاللىنىدۇ. تاللانغان پولات ماتېرىيالىنى پىچاقچى ئۇستا يۇكسەك ماھارەت بىلەن قايتا ـ قايتا سۇغىرىپ ھەم داتلاشمايدىغان، ھەم تىغى گاللاشمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ.

ئىككىنچى، ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ، پىچاقنىڭ بىسى ۋە سېپى ھەر خىل شەكىللىك ياسىلىدۇ. ھەر بىر تۈرنىڭ خاس نامى بولىدۇ. مەسىلەن، قوش بىسلىق پىچاق، خەنجەر نۇسخىلىق پىچاق، قاسساپ پىچىقى، تۆشۈك پىچىقى (ئائىلە پىچىقى)، يان پىچىقى (يانغا ئاسىدىغان پىچاق)، كۆرگەزمە پىچىقى (سەنئەت بۇيۇمى) قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ئېستېتىك تەلىپىگە ماس ھالدا ياسىلىدىغان پىچاقلارمۇ بار.

ئۈچىنچى، يېڭىسار پىچىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ تىغ قىسمىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، سېپىغا قويۇلغان نەقىشلەردىمۇ ئالاھىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. يېڭىسار پىچىقىنىڭ سېپى ئۈچۈن ئاساسلىقى ـ ھەر خىل ھايۋاناتلارنىڭ مۈڭگۈزى ۋە سۆڭەكلىرى، مىس، كۈمۈش، قاشتېشى، مەرۋايىت قاتارلىق قىممەتلىك ماتېرىياللار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خام ئەشيالار ئىنچىكە ھۈنەر ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈلۈپ، كىشىنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان گۈزەل سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. ھەتتا تىغ قىسمىغىمۇ مىس ياكى ئالتۇن ھەللىك مېتالدىن بىر نەچچە تال خال قويۇلۇپ، تىغ بىلەن ساپنىڭ تۇتاشقان يېرىگە «يېڭىسار» دېگەن خەت ئويۇلىدۇ، بۇ يېڭىسار پىچىقىنىڭ ماركىسى ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچى، يېڭىسار پىچىقىنىڭ ھەممىسىگە ئۆزىگە ماس كېلىدىغان غىلاپ ياسىلىدۇ. غىلاپسىز يېڭىسار پىچىقى بولمايدۇ. بۇ غىلاپلارنىڭ كۆپچىلىكى ھەر خىل رەڭلىك كالا خۇرۇمىدىن قاتۇرما قىلىپ ياسىلىدۇ. يەنە بەزى غىلاپلار مىس ياكى ئاليۇمىندىن ئىشلىنىپ، يۈزىگە ھەر خىل نەقىش ئويۇلىدۇ. خۇرۇم ياكى كۆندىن ياسالغان غىلاپلارنىڭ ھەممىسىگە بويتاسما بېكىتىلىدۇ.

پىچاق قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە ئەر ـ يىگىتلەرنىڭ كېچە ـ كۈندۈز يېنىدىن ئايرىمايدىغان «قورالى» بولۇپ كەلگەن. ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىنى بەلباغ بىلەن باغلاش ئادىتىمۇ پىچاقنى يانغا ئېسىش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان. قىسقىسى، پىچاقنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنى يانغا ئېسىپ يۈرۈش، پىچاقنى ئەرلىك جاسارىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى دەپ بىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئەنئەنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بالىنى تۇنجى

قىتىم بۆشۈككە سالغاندا، ئەگەر ئوغۇل بالا بولسا، ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ ياستۇقنىڭ ئاستىغا پىچاق قويۇپ قويىدىغان ئادەتلەر، قەسەم قىلىشقا توغرا كەلگەندە، پىچاقنى يەرگە سانجىپ قويۇپ، ئۇنى «گۇۋاھچى» قىلىش قاتارلىق ئەقىدىلەر پەيدا بولغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يىراقتىكى ئەڭ يېقىن دوستلىرىغا ئىبسىل سوۋغا سۈپىتىدە « پىچاق» سوغا قىلىش ئادىتى بار. دېمەك، يېڭىسار پىچىقى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئالاھىدە شۆھرەت قازىنىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. ئۇ يالغۇز تۇرمۇش قورالى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر خىل گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى سۈپىتىدە مىللىي قول سانائەت تەرەققىياتىمىزنى نامايەن قىلماقتا.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


①«شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 30 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر.

② «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىغا ئائىت مەجمۇئە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى.

③ «سۈي تاڭ سۇلالىرى دەۋرىدىكى شىنجاڭ»، شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت، فوتو ـ سۈرەت نەشرىياتى 2010 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى.

④ «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى نەشرى 1 ـ توم.

⑤ «قەدىمكىي قەشقەرنىڭ تارىخى جۇغراپىيەسى»، ئادىل مۇھەممەت تۇران تۈزگەن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

⑥ موللا ھاجىنىڭ ‹‹بۇغراخانلار تەزكىرىسى››، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشر.

⑦ بۇ ماقالا ئادىل مۇھەممەتنىڭ 2011 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان « ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي فولكلورى مەدەنىيتى » ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

⑧ بيەنگونىڭ يېڭىسار پىچىقىنىڭ تارىخى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى: خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان بيەنگونىڭ «خەننامە»، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دېگەن كىتابىدا «بۇيۈك پادىشاھ خەنۋۇدى توخرىلار بىلەن بىرلىشىپ ھۇنلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈچۈن، جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. جاڭ چيەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 240 ـ يىلىدىن 206 ـ يىللىرى ئەتراپىدا غەربىي يۇرتتىكى توخرىلار ئېلى ( ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىي قىسمى) غا بېرىپ، توخرىلار بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جاڭ چيەن سەپەردىن قايتاشىدا «ئىنائى بەگلىكى» ھازىرقى يېڭىسارغا كېلىپ، بىرقانچە خەنجەر ۋە قىلىچ سېتىۋالغان ئىكەن. ئۇ پايتەخت چاڭئەنگە بارغاندىن كېيىن، پادىشاھ خەنۋۇدىغا بۇ خەنجەر ۋە قىلىچنى كۆرسىتىپ: «ھونلارنىڭ ئۇدا نۇسرەت قازىنىشىدا ئۇلارنىڭ جەڭگە قاتنىشىدىغان ئۇچقۇر ئاتلىرىدىن باشقا يەنە مۇشۇنداق ناھايىتى ئۆتكۈر خەنجەر ۋە قىلىچلىرى بار ئىكەن» دېگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشر قىلغان بيەنگونىڭ «خەننامە» ۋە « غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ناملىق كىتابى



(ئاپتور: قەشقەر يېڭىسار ناھىيەلىك سياسىي كېڭەش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ پىنسيونېرى، «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇخبىرى)


تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ يارقىن ئۆرنىكى...

## (تۇرپاندا قۇرۇلغان پەننىي مەكتەپنىڭ 100 يىللىق خاتىرىسىگە)

مەھمۇد زەيدى

ئىلاۋە:
2013 - يىلى سىنتەبىر تۇرپاندا قۇرۇلغان ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ رەسمىي دەرس باشلىغانلىقىغا توپ-توغرا يۈز يىل بولدى. بۇ مەكتەپ تۇرپان ئاستانە رايونىدا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ يەر ۋە مال-مۈلۈك چىقىرىشى، ھەيدەر سايرانى ئەپەندىنىڭ پىلانلىشى ۋە ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن قۇرۇلغان، ئاستى - ئۈستى تاختايلىق دەرىزىلىك، پارتا، دوسكا قاتارلىق ئەسلىھەلىرى تولۇق ئازادە يورۇق ئىدى. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ مەكتەپ بىر قانچە دەۋرنى باشتىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرماقتا. لېكىن مەكتەپ بەرپا قىلغان مەخسۇد مۇھىتى بىلەن ھەيدەر ئەپەندىلەر ئارىمىزدىن كەتتى. مەرھۇم مەخسۇد مۇھىتى ۋاپاتىغا بۇ يىل 80 يىل بولدى. ھەيدەر ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىغا 70 يىل بولدى. بۇلار بەرپا قىلغان مەكتەپ قۇرۇلغىنىغا 100 يىل بولدى. لېكىن بۇ مۆتىۋەر، بىلىملىك زاتلارنىڭ روھى، ئېتىقاد-ئىدىيەسى، يەنى: «مائارىپ خەلقنى ئويغۇتىدۇ، مائارىپ قاراڭغۇنى يورۇتقۇچى نۇر، مائارىپ مەدەنىيەتنىڭ ئۆچمەس مەشئىلى»، دېگەن سۆزلىرى بىز بىلەن ياشىماقتا. تىگى - تەكتىدىن ئالغاندا بۇ مائارىپپەرۋەر زاتلارنىڭ بىرى مەخسۇد مۇھىتى 1932 - يىلى ئەكسىيەتچى جىن شۇرېننىڭ خەلقنى باستۇرۇش جازا يۈرۈشىگە قارشى جەڭدە قۇربان بولدى. ھەيدەر ئەپەندى 1943 - يىلى شىڭ شىسەينىڭ قارا تىزىملىكىدە چېن تىيەنچۇ، ماۋزېمىن قاتارلىقلار بىلەن قەتلى قىلىندى. ھەيدەر سايرانى 1910 - يىلدىن باشلاپ تۇرپاندا يېڭىچە مەكتەپ-مائارىپقا كەڭ يول ئېچىپ كۆپلىگەن كىشىلەرنى تەربىيىلىگەن، يېتىشتۈرگەندىن كېيىن 1920 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يۈزىسىدىن ھازىرقى ياڭخاڭ كوچىسىدا بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئاچتى ۋە بۇ مەكتەپكە ئۈرۈمچىدىن باشقا جايلاردىنمۇ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. ھەيدەر سايرانى بۇ يىللاردا مائارىپ نازارىتىدە ئىنسپېكتور خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن بىرگە، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، ھازىرقى 8 - ئارمىيە ئىش باشقۇرۇش ئورنىدا ئۇنىۋېرسال كۇتۇپخانا ئاچقان، بۇ كۇتۇپخانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان ھەر مىللەت شائىر-يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى، ئۇيغۇرچە، رۇسچە، خەنزۇچە ماتېرىياللار قويۇلغان. 1934 - يىلى ئۈرۈمچىدە مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەشكىلىنى قۇرۇشتا ۋە شىنجاڭ گېزىتىنىڭ تۇنجى سانىنى نەشر قىلىشقا، گېزىتنىڭ مۇئاۋىن باش تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان. مەكتەپ - مائارىپ ئارقىلىق جەمئىيەتنى يېڭىلاش، مەتبۇئات ئارقىلىق پەن-تېخنىكىسىنى جارى قىلدۇرۇش مۇشۇ زاتلار باشلىغان يول ئىدى. بۈگۈن بىز ئۇلارنىڭ بۇ روھى ۋە قالدۇرغان مىراسلىرىغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم. شۇڭا بۈگۈن ئۇلارنى ئەسلىمەكتىمىز.

**مۇقەددىمە**

شىنجاڭدا يېڭىچە مائارىپ تارىخى ئۆز

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



بېشىدىن بىر نەچچە تارىخىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئاكا-ئۇكا مۇسابايىفلار ئاتۇشتا تۇنجى پەننى مەكتەپ قۇرۇپ، مائارىپنىڭ خەلقنى تەربىيىلەشتىكى يولىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ تۇرپاندا مۇھىتلار ئائىلىسىدىن مەخسۇد مۇھىتى 1909-يىلىدىن باشلاپ يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇش يولىدا ئىزدىنىپ، قازان شەھىرىدىن ھەيدەر سايرانىنى تۇرپانغا تەكلىپ بىلەن ئېلىپ كېلىپ بىرلىكتە مەكتەپ سالدى. 1913-يىلى كۈزدە رەسمىي ئوقۇش باشلاپ، تەرەققىياتقا قەدەم قويۇشنىڭ تۇنجى سىگنالىنى ياڭراتتى.

1950-يىلىغىچە، گۈللەپ ياشنىغان بۇ مەكتەپ ھازىر ئاستانە مەركىزى باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئايلاندى. بۇ ئانا مەكتەپنىڭ 90 يىللىقى 2003-يىلى 8-نويابىر تۇرپاندا داغ-دۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. 2008-يىلى بۇ مەكتەپنىڭ 95 يىللىقى بولدى. بۇ ماقالە ئاشۇ تۇنجى مەربىيەت بۆشۈكىنىڭ يۈز يىللىقىنى قۇتلۇقلاپ، مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىدىكى باشتىن كەچۈرگەن مۇشەققەتلىك ئەمما شانلىق بىر ئەسىرلىك تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلانغان

**تەرەققىيات ئەلچىسى، مەربىيەت مەشئىلىنى نۇرلاندۇرغۇچى - ھەيدەر ئەپەندى**

*بىلىم- نۇر، ئۇنىڭ چېگراسى بولمايدۇ.*

تارىختا شۇنداق ئادەملەر بولغانكى، ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى كىشىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدۇ. ئىلىم - مەربىيەت يولىدا ئۆزىنىڭ شەخسىي پايدا - زىيىنى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماستىن قايسى يەر ئۇلارغا ئېھتىياجلىق بولىدىكەن شۇ يەردە پەيدا بولىدۇ. ئۆزىنىڭ نۇر ۋە ئىسسىقلىقى بىلەن شۇ يەرنى ئىللىتىپ، كىشىلەردە ئۈمىد، ئىشەنچ پەيدا قىلىپ ۋە ناچار شارائىتنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى دۇنيا يارىتىشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ. كىشىلەر بىلەن بىر تەن، بىر جان بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە شىنجاڭنى يىراق كۆرمەي، ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىدىن، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ، بىزگە ئىلىم - مەربىيەت مەشئىلىنى ئېلىپ كەلگەنلەرنى ئەسلەش زۆرۈر، ئەلۋەتتە. باشقىچە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، 20-ئەسىرنىڭ 10-يىللىرىدا تاتارىستاندىن تۇرپانغا كۆچۈپ كېلىپ، مەكتەپ ئاچقان ھەيدەر ئەپەندىنى تىلغا ئېلىش كىشىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدۇ. ھەيدەر ئەپەندى بىر ئۆمۈر شىنجاڭدا تۇرۇپ تۇرپان خەلقىگە ئىلىم - مەربىيەت ئۆگەتكەن. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرغىچە ئىلىم - مەربىيەت يولىدا تىرىشماقتا.

ھەيدەر سايرانى 1886-يىلى تاتارىستاندا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى مەربىيەتپەرۋەر مەدەنىيەتلىك ئائىلە ئىدى. ھەيدەر سايرانىنىڭ ئاتىسى تاتارىستاننىڭ ئۇفە شەھىرىدە ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ سايرانىيلارنىڭ 6-ئەۋلادى ئىدى. بۇ ئادەم تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاي بىلەن سىرداش بولۇپ، ئىلىم ساھەسىدە پات - پات مۇلاھىزىلەر قىلىشىپ تۇراتتى. شۇ يىللاردا نەشر قىلىنغان «يەشىن» (چاقماق) «تىل يارىتىش» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارنى ئوقۇپ، بۇ ھەقتە مۇلاھىزىلەر قىلىپ تۇراتتى. ھەيدەرئەپەندىنىڭ ئاتىسى ئوغلىنى 6-7 يېشىدا باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى. ئاندىن ئوتتۇرا مەكتەپكە كىردى. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا قازان ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. بۇ مەكتەپنى 1905-يىلى پۈتتۈرۈپ، مۇشۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئىشلەش جەريانىدا ئۇنىڭ بىلىم، دۇنيا قارىشىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. بولۇپمۇ شۇ زامانىنىڭ ئىلغار مۇتەپەككۇرلىرى ۋە ئۇلۇغ خەلقپەرۋەر ئابدۇللا توقاي قاتارلىق شائىرلار بىلەن ئۇچرىشىپ، مىللەت، مەربىيەت ۋە تەرەققىيات ھەققىدە مۇلاھىزە، مۇزاكىرىلەر ئۆتكۈزۈشى «تىل يارىتىش» ۋە «شۇرا»قاتارلىق نوپۇزلۇق ژۇرنالارنى ئوقۇش ۋە ماقالىلەرنى يېزىپ تۇرۇشى ئۇلارنىڭ ھەرگىزمۇ

ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئەمەسلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. يۇقىرىدىكى ژۇرناللاردا رۇسىيە ۋە دۇنيا مەدەنىيىتى ھەققىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، ئومۇمەن شەرىق-غەرىپ مەدەنىيىتى تونۇشتۇرۇلىدىغان ماقالىلەر بېسىلىپ تۇراتتى. شەرقتە مەرىپەت نۇرىغا تەشنا، خۇراپاتنىڭ قاراڭغۇلىقىدا تۇنجىقىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلگەن ئىسلام ئەقىدىسىدىكى خەلقلەرنىڭ مۇڭ زارى، ئابدۇللا توقاي ۋە قازان شەھىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن ھاجىدىتىن سايرانىغا ئوخشاش زاتلارنىڭ، شۇ قاتاردا ھەيدەر سايرانىنىڭ دىققەت نەزەرىدىن نېرى كەتمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەيدەر سايرانى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان نەۋقىران مەزگىلى 23 يېشىدا تۇرپان شەھىرىگە قەدەم قويدى.

***ھەيدەر سايرانىنىڭ تۇرپانغا كېلىش سەۋەبى***

ئەينى زاماندىكى تۇرپان مەدەنىيىتى تۇرپان قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى ئىدى. قوچو ئىدىقۇتى زامانىسىدا، يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۆت كۆچا ئېغىزى ھېسابلانغان تۇرپان شەھىرىدە كۆپ بىلىم يۇرتلىرى، ئىبادەتخانىلار، باسمىخانىلار قۇرۇلغان. بۇلارغا گۇۋاھ بولالايدىغان ئىسپات-ماتېرىيال ئەۋرىشكىلىرى تۇرپان مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەينى زامانىنىڭ مەدەنى مىراسلىرىدىن رۇسىيە ۋە تاتار ئارخېئولوگىيەلىرى خەۋەردار ئىدى.

شىنخەي ئېنقىلابى دەۋرىدە تۇرپاندا ئىلغار پىكىردىكى زاتلار بېيجىڭ، شاڭخەي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگە سودا-سېتىق بىلەن قاتناپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ۋاستىلىق رول ئوينىغانىدى. مانا مۇشۇ سودىگەرلەردىن مۆسۇلباي، مەھمۇت مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى، ئابدۇراھمان مەخسۇم قاتارلىقلار 1908-يىللاردىن باشلاپ، شەمەي، ئالمۇئاتا، تاشكەنت، سەمەرقەنت، قازان، موسكۋا شەھەرلىرىگە سەپەر قىلىپ، ئۇ يەرلەردە سارايلارنى قۇرغان ئىدى. ئۇ يەرلەردە مەلۇم مۇددەت تۇرۇپ مال ئېلىپ مال ئالماشتۇراتتى. بۇ ئەھۋال 1917-يىلى ئۆكتەبر ئىنقىلابى يۈز بەرگەندىن كېيىنمۇ ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان ئىدى. مانا شۇ يىللاردا سودىگەرچىلىكنى ۋاستە قىلغان بۇ كىشىلەر موسكۋا، قازان ۋە تاشكەنت مەتبۇئاتلىرىدا چىققان گېزىت - ژۇرناللارنىمۇ ئالغاچ كېلەتتى ھەمدە ئۆزلىرى جاھان كېزىپ يۇرگەنلىكتىن مەدەنىيەتنىڭ نېمىلىكىنى، خەلق ئاممىسىنى مەدەنىيەتلىك قىلىشنىڭ چوڭقۇر ھېس قىلىشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ كىشىلەر ئۆزلىرى ھايات ۋاقتىدا مەرىپەتلىك كىشىلەرنى ئىزدىگەن ۋە بۇ ھەقتە ئەمەلىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. ئەينى زاماندا تۇرپاندا ئابدۇراھمان مەخسۇم (شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئاتىسى) دەك تىلماچلار يېتىشىپ چىققان. بۇ ئادەم ياشلىق دەۋرىدە شۆتاڭدا(خەنزۇچە مەكتەپ) ئوقۇپ، ئۇيغۇرچىنى خەنزۇچىغا، خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا ماھىر ئۇستا كامال ئىدى. مەمتىلى ھاجى، تاھىر بەگ، يۇنۇس بەگ قاتارلىقلار بىر دىمەتلىكلەر بولۇپ بۇلاردىن تاھىر بەگ 1911-يىلى ۋەكىل بولۇپ سۇن جۇڭشەن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ مىللىي مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن مەركەزنىڭ مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. كېيىنكى يىللاردا مىجىت ھاجى (ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ چوڭ دادىسى) مەخسۇت باي قاتارلىقلار ئىچكىرى ئۆلكە شەھەرلەرگىچە سودىگەرچىلىك بىلەن بېرىپ-كېلىش قىلىپ مال ئالماشتۇرغان مەزگىللەردە 1915-يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان‹يېڭى ياش› ژۇرنىلى ۋە باشقا خەنزۇچە كىتاب ماتېرىياللارنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ تۇرپان شەھىرىدە كىتابخانا ئاچقان. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقوغۇچىلىرى نامايىشىدىن باشلانغان ‹4-ماي ھەرىكىتى› نىڭ ئوت يالقۇنى پۈتۈن جوڭگوغا يېيىلىپ، تۇرپاندىمۇ زور تەسىر قىلغان ئىدى. نىغمەت خەلپىتىم،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مۇھەممەد ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قىران ياشلىق ھاياتىغا شىنخەي ئىنقىلابى ۋە «4-ماي ھەرىكىتى»نىڭ پەن ۋە دېموكراتىيەنى تۇغ قىلغان خىتاپلىرى ئۆچمەس ئوت تۇتاشتۇرغان. مانا مۇشۇنداق مۇھىت شاھىتلىرىدىن بولغان مەخسۇت باي ۋە مۇسا بايۇفلار 1909-1913-يىللاردا موسكۋا ھەم تاتارىستان شەھەرلىرىدە تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، شىنجاڭ ۋە تۇرپاننىڭ ۋەزىيىتىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان ئىدى.

1909-يىلى باھاردا، مەرىپەتپەرۋەر زات مەخسۇت مۇھىتى قازان شەھىرىدە ھەيدەر سايرانى بىلەن تونۇشتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ قالدى. ئۇلار بىر چۈشلىكى رېستۇراندا كۆرۈشۈپ مۇنۇ سۆزلەرنى قىلدى: «ھازىر شىنجاڭدا خەلق ئاممىسى مەرىپەت مەشئىلىگە تەشنا، جۈملىدىن بىزنىڭ يۇرت تۇرپان زۇلمەت تۇمانلىرىدا ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ. دېھقانلار ئېغىر ئەمگەكتە ئىشلەيدۇ. نادانلىق پاتقىقىدىن چىقالماي قىينالماقتا. خەلقىمىزنى خۇراپاتلىق بېسىپ كەتتى، خەلقنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ساۋاتسىز. بۇ تەرەپلەردىكى گېزىت - ژۇرناللارنى ئوقۇيالمايدۇ. شۇڭا قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكى بولغان تۇرپاندا مەكتەپ ئېچىپ، ئىلغار تاتار مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرساق دەيمەن.» دېگەن پىكرىنى بىلدۈردى ۋە تۇرپاننىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەممە ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئالىي مەلۇماتلىق ھەيدەر ئەپەندى قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغان تۇرپانغا قىزىقىپ، تۇرپانغا كېلىشكە بەل باغلىدى.

1909-يىلى كۈز پەسلىدە، ھەيدەر سايرانى مەخسۇت مۇھىتى بىلەن بىرگە شىنجاڭغا كەلدى. بۇ يىللاردا ئىلگىرى رۇس ئارخېئولوگلىرىدىن بارتولد ۋە رادلوف (1898-يىللاردا) لارنىڭ ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى ماڭغان ۋە شىنجاڭنىڭ يەر ئاستىدىن قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە ئاسارە-ئەتىقىلەرنى يىغقان ھەم تەتقىق قىلغان ئىدى. ھەيدەر سايرانى قازان ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىدا، ئۇ يەردە ساقلانغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە دائىر قوليازما كىتابلارنى كۆرگەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇر بالىسىنىڭ (نەزەر خوجا، 1887-1951-يىللار) «شورا» ژۇرنىلىدىكى تىل-ئەدەبىياتقا دائىر ماقالىلىرىنى ھەم «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسىدىكى «ئوماق بىلەن ئامراق» ھېكايىسىنى ۋە ئۇيغۇر فولكلورىغا ئائىت ماتېرىياللارنى كۆرگەن. ئۇيغۇر بالىسى ئەينى يىللاردا تاتار فولكلورشۇناس، يازغۇچى ئالىمجان ئىبرائىموف (1887-1938) دىن ۋە تاتار شائىرلىرىدىن نۇرغۇن ئىلھاملانغان. ھەممە ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى يادىكار قىلغان ئىدى.

ھەيدەر سايرانى ئىلى شەھىرىگە كەلگەندە، بۇ يەردە 1905-يىلى تېرە زاۋۇتى قۇرۇلغانلىقى ۋە ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. كۆچ-كۆچ دەۋرىنى (1881-يىللار) ئەكس ئەتتۈرگەن قوشاقلارنى ئېسىگە ئالدى. ئۇيغۇرلار تارىخىنى ئەسلىدى ۋە بۇ يەرلەردە موللا بىلال، سادىر پالۋانلارنىڭ ئۆتكەنلىكىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى.

قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئۇيغۇر بالىسىنىڭ 60 نەچچە خىل بىناكارلىقتا خاس نەقىشلىرى ساقلانغان ئىدى..

ھەيدەر سايرانى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ نەزىرى ئەڭ بۇرۇن قىزىل تاغ مۇنارىغا چۈشكەن. ئۇ، ئۈرۈمچىنىڭ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان، چەتئەللىكلەر بانكا قۇرغان «ياڭخاڭ» تەرەپكە چىققاندا، ئۇيغۇر ياشلىرىدىن بۇرھان شەھىدى ۋە روزى ھاجى قاتارلىقلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن. ئۈرۈمچىدىكى مويسىپىت كىشىلەر ھەيدەر ئەپەندىنى ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ

قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ، لېكىن مەخسۇت مۇھىتى ئەسلىدە بۇ كىشىنى تۇرپانغا بېرىش ئۈچۈن ئەكەلگەنلىكىنى تەكىتلەپ چىڭ تۇرغانلىقتىن، ھەيدەر ئەپەندى تۇرپانغا باردۇ. تۇرپانغا مۇھەببەت باغلاپ، تۇرپاننىڭ ۋە شۇنداقلا پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا قان ـ تەرىنى ئاققۇزىدۇ.

ھەيدەر ئەپەندى تۇرپانغا كەلگەندىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى ئۇنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تونۇشتۇردى. ئاكىسى موسۇلباي ھەيدەر ئەپەندىنى تۇرپان مۇنارىغا باشلاپ باردۇ ۋە مۇنارنىڭ ئىچكى چىقىش پەلەمپىيى بىلەن مۇنارنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى كۆزۈتۈش پەنجىرىگە ئېلىپ چىقىدۇ. مۇنار ئۈستىدىن قارىسا تۇرپاننىڭ تۆت ئەتراپى كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن بۇ مۇنارنىڭ 1760 ـ يىلى سېلىنغانلىقى مەلۇم بولدى.

تۇرپاندا شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى شۆتاڭ قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇر ياشلىرىدىن 40 نەپەر تىلماچ تەربىيەلەنگەن ئىدى. لېكىن ئۇيغۇرچە مەكتەپلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇ قېتىمقى ھەيدەر ئەپەندىنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇپ مەكتەپ ئېچىشى تازا دېگەندەك ئوڭۇشلۇق بولمىدى. نەتىجىدە ھەيدەر ئەپەندى دەسلەپ ئاستانە تەۋەسىدىكى مەخسۇت باينىڭ تۇغقانلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتتى. بۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىكى قازاندىن ئالغاچ كەلگەن ئېلىپبە بولۇپ، كونا ئۇيغۇر ئىملاسى بىلەن بىردەك ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىشلار بىر ـ ئىككى يىل مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتتى. ھەيدەر ئەپەندىنىڭ پىلانلىشى بىلەن مەكتەپ بىناسى سېلىندى. مەكتەپ ئورنى ـ مۇھىتلار قوروسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بوشلۇقتا بولۇپ، ئىككى قەۋەتلىك، كۈنگەيگە قارىتىلغان تۆت دەرىزىلىك، ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق، سىنىپ ئىچى دوسكا، پارتا ـ ئورۇندۇق ۋە باشقا ئوقۇتۇش قۇراللىرى بىلەن تەييار بولغان ئىدى. مەكتەپنىڭ قورۇسىدا كۆل بولۇپ، ئەتراپى دەرەخلەر بىلەن ئورالغان ئىدى. 1913 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆتۈلگەن دەرسلەر بۇرۇنقى مەكتەپلەردە ئۆتۈلگەن دەرسلەردىن روشەن پەرىقلىق ئىدى. شۇڭا بىر قىسىم مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراشتىن خالىي بولالمىدى. لېكىن ئايرىم كىشىلەر بۇ مەكتەپنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەنلىكتىن ياشلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. نەتىجىدە ئوقۇيدىغانلار تەدرىجىي كۆپىيىپ 40 كىشىگە يەتتى. بۇ مەكتەپكە تۇرپان شەھىرى، ئۈرۈمچى، جىمسار، گۈچۈڭ تەۋەسىدىكى ياشلارمۇ ئاستانىدىكى مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇدى. ئوقۇتقۇچى ھەيدەر سايرانى مەكتەپ دەرسلىكىنى ئۆزى تۈزدى. سىڭىر تاشتىن بور ياسىدى. مەكتەپكە كېرەكلىك ئىقتىسادنى مۇھىتلار ھەل قىلىپ بېرىپ تۇردى. ئوقۇتقۇچى ھەيدەر ئەپەندىگە ئايرىم ئۆي بېرىپ، ئۇنىڭ ھەممە ئېھتىياجىنى مۇھىتلار ئائىلىسى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. مەكتەپ ‹مەخسۇدىيە مەكتىپى› نامى بىلەن ئەتىراپقا ياخشى تەسىر بەرگەنلىكتىن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېڭى مەكتەپ ئېچىش يولىدىكى جامائەت پىكرى ھاسىل بولدى. بۇ مەكتەپتە ئۆتۈلگەن ئاساسلىق دەرسلىكلەر: ئانا تىلى، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ، تەبىئەت، دىنىي دەرس، ئەسرى ـ سائادەت، تەنتەربىيە، شېئىر قاتارلىقلار بولدى. شېئىر(ناخشا) دەرسىدە كىشى روھىنى ئۇرغۇتىدىغان، مىللەت ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئىلغار مەدەنىيەت يارىتىشقا تۈرتكە بولىدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان مەزمۇنغا ئىگە ئابدۇللا توقاي، نەمەت خەلپىتىم، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئابدۇرۇسۇل قەيۇم قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقاتتى. شېئىر دەرسىدە بەزى بىر دېكلىماتسىيەلەرمۇ ئۆتكۈزۈلەتتى.

يۇقىرىدىكى 1913 ـ يىلى ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار 1917 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ھەرقايسى جايلاردا ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



مەشغۇل بولدى. ‹مەخسۇدىيە مەكتىپى› نىڭ بىرىنچى قارار ئۇقۇش پۇتتۇرگەنلەر: ئا.قىيۇم، مۆمىن ئەخمەد، شاۋدۇن ئەپەندى، م.ئىمىنهاجى، دوگامەت خودىيارى، قۇربان سەئىدى، هەۋەيدۇل توختاجى، ئابلا پەرسا، ئاباس نەجمى، ئەهمەد نەزەرى قاتارلىق 40 نەپەر. مەرىپەت بېغىنىڭ دەسلەپكى مېۋىلىرى بولغان بۇ ياش كۆچلەر خەلقىنىڭ ئاڭ سەۋىيەسىنى يۇقىرى ئۆستۇرۇشتە باشلامچى بولدى. شىنجاڭنىڭ يېڭى مەدەنىيەت مائارىپىنى گۈللەندۇرۇشتە بۇيۇك تۆھپىلەرنى يارىتىپ، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى.

1917-يىلى هەيدەر ئەپەندىنىڭ جامائەتچىلىك ئىچىدىكى ئابرويى تېخىمۇ ئۆستى. ئۇنىڭ مىللىي مائارىپقا بولغان ئىرادىسى ۋە ياشلارنى يېتەكلەشتىكى سەممىيلىكى كىشىلارنى قايىل قىلغانىدى. بۇ چاغدا جامائەت ئۇنى ئۆز كۆرۈپ قويىنغا ئالدى. هەيدەر ئەپەندى 1917-يىلى باھاۋۇدۇن ئاكىنىڭ قىزى ئايخان بىلەن توي قىلدى. مۇھتىلار جەمەتى بۇ تويىنىڭ جىمى چىقىملىرىنى كۆتۇردى. توي قىلىپ كېيىنكى يىلى هەيدەر ئەپەندى بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى شانلىق مەدەنىيىتىنى ئەسلىتىش ۋە مىللەت نامىنىڭ بارغانسېرى ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قايغۇرۇپ، بۇ نامنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۇچۇن بىر تۇرۇتكە بولۇشنى مەقسەت قىلىپ تۇنجى كۆرگەن بۇ پەرزەنتىگە ‹ئۇيغۇر› دەپ ئەرزان قىچقىرىپ ئات قويىدى. (بۇ كىشى 1918-يىلىدىن 2007-يىلىغىچە ياشاپ 90يېشىدا ۋاپات بولغان ئۇيغۇر سايرانىدۇر، بۇ 1950-يىللاردا جوڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىگە باشلىق بولغان ئۇيغۇر سايرانىنىڭ ئۆزى شۇ. 1980-يىللاردىمۇ شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە باشلىق بولغان ئىدى.مەزكۇر ماقالىدە سەھىپە چەكلىمىلىكى تۇپەيلى تەپسىلىي چۇشەندۇرۇشكە ئىمكان بولمىدى). بۇ يىللاردا ئاھالە ئۆزىنىڭ نامىنى تۇرپانلىق قەشقەرلىق دەپ ئاتايتتى ياكى مۇسۇلمان دەپلا بىلدۇرەتتى. ياڭ زېڭشىن خەلقنى نادان تۇتۇش ئۇچۇن، خەلقنىڭ ئويغىنىش قېلىشىغا ۋە قەدىمكى مەدەنىيەتنى ئەسلىگە كەلتۇرۇشكىمۇ قارشى ئىدى. ئۇيغۇر دېگەن مىللەت نامىنىڭ قوللىنىلىشىغىمۇ قارشى هالدا‹چىيەنتۇ› دەپ ئاتىغان. ئەكسىيەتچى هۆكۇمەتنىڭ بارلىق بۇيرۇقلىرىدا ‹چىيەنتۇ 缠头، چيەنخۇي 缠回› دەپ يېزىلاتتى. 1918-يىلى ئۇيغۇر دېگەن بۇ نامنىڭ تۇرپاندا ئادەم ئىسمى بولۇپ قايتا پەيدا بولىشى ئاللىقاچان يوقۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان كونا تارىخنىڭ قايتا مەيدانغا كېلىشىدىن دېرەك بېرەتتى. ياڭ زېڭشىن ۋە جىڭ شۇرېنلار شىنجاڭنىڭ يەرلىك پادىشاهى بولىۋالغاندىن كېيىن شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى قاتتىق تىزگىنلەپلا قالماي، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىدىغان ئىلغار ئىلىم-پەن يېڭىلىقلىرى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ كىرىشىگىمۇ قاتتىق چەكلىمىلەرنى قويغان ئىدى. لېكىن، تارىخ تەرەققىياتى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بويىسۇنمىغان هالدا هەقىقانىيەت تەرەپدارلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسى كۈچلۇك ئېقىن ياساپ بارلىق توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ دېموكراتىيە ۋە هەقىقەت سەپلىرى كېڭەيدى.

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن مىجىت هاجىنىڭ نەۋرىسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ يىللاردا شىنخەي ئىنقىلابى هەمدە ‹4-ماي هەرىكىتى› نى قوللاپ، ئىنقىلابى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. لۇشۇن ئەپەندىنىڭ ‹ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىهالى› ، ‹سەۋدايى خاتىرسى› قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ،دېموكراتىيە ۋە ئىلىم-پەن، ئىلغار مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش يولىنى كېڭەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىماقتا ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىگە ‹ئۇيغۇر› دەپ

تەخەللۇس قىلىشىدىمۇ مۇھىم مەنا بار ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر ئەۋلادىنى ئۆز تارىخىدىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن شېئىرلارنى يازدى. 1921 - يىلى «ئۇيغۇر ئويغان» ماۋزۇسىدىكى شېئىرى خەلق روھىنى يورۇتقۇچى نۇر، مەرىپەت مەشئىلىنى ياندۇردىغان چاقماق تېشىدەك، كىشىلەر ئوقۇغان ھامان ئۇلارنىڭ قەلبىدە زىل - زىلە پەيدا قىلغان، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت بەرگەن ئىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ئىنقىلابى پائالىيەتلىرىدە ھەيدەر سايرانى ۋە ئەلى ئىبراھىملارنىڭمۇ بەرگەن تەسىرى چوڭ بولدى. ياش ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 16 - 17 ياشقىچە كىلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە خەنزۇچە ھەم ئەرەبچە، پارىسچە، شۇنىڭدەك رۇسچە ماتېرىيالاردىن ئۈنۈملۈك پايدىنىلايدىغان سەۋىيە يەتكەن. ھەيدەر ئەپەندى بۇنىڭ بۇنداق ئىشتىياق ۋە بىلىم سەۋىيەسىگە قايىل بولغان ئىدى. شۇڭا قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئەلى ئىبراھىم ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككى يىل ئەتراپىدا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولدى. بۇ ئارقىلىق ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئالىي مەلۇمەتقا ئېرىشىپ، 1923 - يىلى موسكۋا شەرق ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى جوڭشەن ئىنىستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنىپ، ھەر تەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە بولغان. ئۇ 1927 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپلا مەخسۇدىيە مەكتىپى ئاچقان يولدىن مېڭىپ ئۇمۇ مەكتەپ ئاچتى. ئۇ يېڭى شەھەردە بىر سىنىپلىق ۋە كوناشەھەردىمۇ بىر سىنىپلىق يېڭىچە مەكتەپ تەشكىل قىلدى. بۇ مەكتەپلەردە ئۆزى ۋە مۆمىن ئەپەندى، ئابدۇرازاق ئەپەندىلەر دەرس ئۆتتى. بۇ مەكتەپلەردە تۇرپان ياشلىرىدىن سىراجىدىن زۇبەر، مۇھەممەت زەيدى، سالى رەھىم، ئابدۇرەھىم نۇرۇل، ئەلى سۇبۇرۇف، ئابلىمىت ئوستۇرى، ئا.باقى، لىتىپ سەمەدى قاتارلىق 40 نەچچە ئوقۇغۇچى ئوقۇپ 1930 - يىللاردا مەدەنى ئاقارتىش ساھەسىدە زور تەسىر كۆرسەتكەن. مائارىپنىڭ خەلق ئاممىسىنى ئويغۇتۇپ، خۇراپاتلىقتا قەتئىي قارشى تۇرۇپ يېڭى دۇنيا قۇرۇش يولىدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە كۆرەش قىلغان. ئومۇمەن، مەخسۇت مۇھىتى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار ئەينى زاناما بىر ئورتاق نىشاننى كۆزلەپ ھەرىكەت قىلغان. بۇ كىشىلەردىكى تىز پۈكمەس ئىنقىلابى ئىرادە مىللى مائارىپقا بولغان قىزغىن روھ، پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى تارقىتىشتەك ئويلۇق سۆيگۈ - ھەۋەس مىليونلىغان قەلبلەرگە گۈزەللىك ئۇرۇقلىرىنى تېرىدى. ئۇلارنىڭ ئۆمۈر كۆچىتى بالدۇر نابۇت قىلىنغان بولسىمۇ، مەنىۋى ھاياتى بىز بىلەن مەڭگۈ ياشىماقتا.

## مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىم چەتئەلدىن ئوقۇتقۇچى ئېلىپ كېلىشى

*جەمئىي ئىزگۈ ئىشلارنىڭ ئانىسى - مائارىپ، جەمئىي ئىزگۈلۈك مائارىپتىن باشلانغان، دۇنيانى چوڭ بىنا دېسەك، مائارىپ شۇ بىنانىڭ مۇھىم بىر تۈۋرىكى*

(خاتىرە دەپتىرىمدىن)

ئۆز تارىخىنى بىلىشكە ئىنتىلمىگەن مىللەت كېلەچەكنى چۈشىنىشنى تەرك ئەتكەن مىللەتدۇر. شۇنداقتا، ئۇ مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈشتىن مەھرۇمدۇر. مۇھىتلار مانا شۇ چۈشەنچىنىڭ رىغبىتىدە بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن. مەخسۇت مۇھىتى شىنجاڭنىڭ يېڭى زامان مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش مەقسىتىدە 1917 - يىلى يەنە چەتئەلگە چىقىپ شىنجاڭغا ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش يولىدا ئىزدەنگەن. بۇ يىلى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ موسكۋادىكى نۇرغۇن پۇلىنى شىنجاڭ تەۋەسىگە ئۆتكۈزمەيۋاتقانلىقى ئۇنى جىددى كەيپىياتقا دۇچار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دەرھال ھەيدەر ئەپەندىنى بىرگە ئېلىپ

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



موسكۋاغا سەپەر قىلدى. شەخسىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن ئوقۇتقۇچى ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، چىقىش يولى پەقەت چەتئەلدىن ئۆگىنىش، يېڭىلىقتا كۆچۈش ئارقىلىق ۋەتەننى قۇتقازغىلى بولاتتى. شۇنداق ئۆي - پىكىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇلار بۇ نۆۋەت موسكۋا، قازان، ئۇفا، تاشكەنت، شەمەي قاتارلىق شەھەرلەرنى ئايلىنىپ، ھەرخىل كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ۋە سۆھبەتلىشىپ يېڭى چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭغا كېلىدىغان ئالتە نەپەر كىشىنى تاپتى. ئۇلار: مۇھىبۇللا ئەپەندى، گۈلەندەم (بۇلار ئەر-خوتۇن)، ھىسام باھاۋۇدۇن، خەسەن فەھمى، ئەلى ئىبراھىم، شاھى شەرەپ قاتارلىقلار. بۇلار ھەممىسى بىلىملىك تاتار زىيالىيلىرى ئىدى. بۇ كىشىلەر 1917-1919-يىللاردا شىنجاڭغا كېلىپ بولدى. بۇلارنى ئەستايىدىل ئويلىنىش ئارقىلىق مۇھىبۇللا بىلەن گۈلەندەمنى ئاستانىغا، ئەلى ئىبراھىمنى تۇرپانغا، خەسەن فەھمى بىلەن شاھى شەرەپنى لۈكچۈنگە، ھىسام باھاۋۇدۇنى گۈچۈڭغا ئايرىپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇ كىشىلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇسى قاتارلىقلارنى ھەل قىلىشنى پۈتۈنلەي مەخسۇت مۇھىتى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئۇلارنى ھەر جەھەتتىن مەمنۇن قىلدى.

ھەر تەرەپتىن ماسلىشىش ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن 1920-يىلى ئاستانىدا «مەخسۇدىيە مەكتىپى» قەد كۆتۈرۈپ، ئىككى سىنىپلىق پەننى مەكتەپ ئوقۇش باشلىدى. دەرسلىك كىتابلار بىرىنچى قاراردىكى ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا ئوخشاش ئىدى. 1920-يىلى ھەيدەر ئەپەندى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ مائارىپ نازارىتىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن «مەخسۇدىيە مەكتىپى» گە مۇھىبۇللا بىلەن گۈلەندەم ئاۋۇستەي ئىككىسى مەسئۇل بولۇپ دەرس بەردى. ئوقۇغۇچىلار ئاستانە، قارا غوجا، مۇرتۇق، تۇرپان، گۈچۈڭ، لۈكچۈن قاتارلىق جايلاردىن تاللاپ ھەل قىلىندى. بۇ قېتىمقى ئوقۇغۇچىلار 1925-يىلى ئوقۇش تاماملىدى.

ھەيدەر سايرانى ئۈرۈمچىدە مائارىپ نازارىتىدە ئىنسپېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش بىلەن بىرگە يېڭىدىن بىر مەكتەپ قۇرغان ئىدى. چۈنكى بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىكى بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ بالىلىرى يېڭىچە ئوقۇتۇش تەلىپىنى بىلدۈرگەن ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى ياڭخاڭدا بولۇپ، مەكتەپكە بۇرھان شەھىدى، خەسەن شاكىلوف، زاكىر ئابدۇرىشىت قاتارلىقلار قىزغىن ياردەم بەردى. ئوقۇتقۇچىلىقتا گۈچۈڭدىن ھىسام باھاۋۇدۇن ئەپەندىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. يېڭىچە دەرسلەر ئۆتىلدى. ھەيدەر سايرانى مائارىپ نازارىتىدىكى ئىش ئورنىدا تۇرۇپ تۇرپان، گۈچۈڭ ۋە چۆچەك قاتارلىق جايلاردىمۇ يېڭىچە بىر تۈركۈم مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلدى.

لۈكچۈنگە ئورۇنلاشقان شاھى شەرەپ ئەپەندى لۈكچۈندە بىر سىنىپلىق يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتۇشنى يولغا قويىۋالغانىدى. بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن يەرلىكتىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر تەرىپىدىن ئەيىپلەندى. بۇ ئىش ئۈرۈمچىگە يەتكەندىن كېيىن، ياڭ زىڭشىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شاھى شەرەپ ئەپەندىنى تۇتۇپ كېتىشتى. يەرلىكتىكى ئىلغار كىشىلەر بۇ ئىشقا ئېچىنىپ شاھى شەرەپ ئەپەندىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلغان بولسىمۇ خەۋىرىنى بىلىش ئەسلا مۇمكىن بولمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن لۈكچۈندە تەشكىل قىلىنغان مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تارقاپ كەتتى. 1920-يىللاردا قۇرۇلغان مەكتەپلەر 1933-يىلى «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» بولغاندىنكېيىن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىكىلەرنىڭ باشقۇرىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ياڭ زىڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا شىنجاڭنىڭ

مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرى ياخشى تەرەققىي قىلمىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ياڭ زېڭشىن بەزى تۇركىيەلىك ئوقۇتقۇچىلارنى چىگرىدىن قوغلاپ چىقاردى. لېكىن چەتئەللەردىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش ئىشلىرى زادىلا توختاپ قالمىدى. 1910 ـ يىلدىن 1920 ـ يىللارغىچە مىللىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش سادالىرى بارغانسېرى ئەۋج ئالدى.

ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەشرىقى مەغرىپ تامان،
ئەلنى ئويغاتماق تىلەك، تاڭدا بىر چۇقان بىلەن.
مۇڭدىشىشقا، سىردىشىشقا مەرد يىگىت دوستلار كېرەك،
ھەر تەرەپكە نۇر چېچىش ئىلىم ھەم ئىرپان بىلەن.

دېگەن شېئىرلار ئومومىي خورغا ئايلاندى.

بۇ جەھەتتە تۇرپان، پىچان ۋە ئۈرۈمچىگە قەدەر، لۈكچۈندىن قۇمۇلغا قەدەر بىر تۈركۈم ئىلغار ياشلاردىن: مەخسۇت مۇھىتى، غوجىنىياز ھاجى، ھەيدەر سايرانى، بۇرھان شەھىدى، تاھىربەگ، مىجىت ھاجى قاتارلىق كىشىلەر دائىم باش قوشۇپ شىنجاڭنىڭ مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈش توغرىسىدا پىكىرلىشەتتى. بۇ ئەھۋاللارنى ئەسلەپ بۇرھان شەھىدى مۇنداق يازىدۇ: «شۇ چاغلاردا مېنىڭ يېقىن دوستلىرىم ئىچىدە بەزى مۇھاكىمىلەر بولغان ئىدى. مەن كېيىن قۇربان بولۇپ كەتكەن مەخسۇت مۇھىتى ئىككىمىز بىزنىڭ مائارىپ فاڭجىنىمىز فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشنى مەزمۇن قىلىشى كېرەكلىكىنى، لېكىن بۇنىڭغا خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش بىلەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ كېتىش ئىددىيەسىنى خاتا ھالدا ئارىلاشتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلاتتۇق، دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن (شىنجاڭنىڭ 50 يىلى). 1922 ـ يىلى 8 ـ ئايلاردا بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ياشلىرى ئىستىخىيەلىك ھالدا ئۇيۇشقان لۈكچۈنلۈك تاھىربەگ، قەشقەرلىك كېرەم چوڭ ھاجى، بايلىق ئايوپلار بار ئىدى. (يۇقىرىقى ئەسەردىن)

بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر: «يېڭىلىق يارىتىش بىر مىللەت مەۋجۇتلىقىنىڭ ئىپادىسى. مىللىتىمىزنى زامانىۋى مىللەت قىلىش ئۈچۈن مىللىي مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز لازىم» دېگەن تونۇشتا بىردەك ھەرىكەت قىلىشقان ئىدى. مۇشۇ مەقسەتتە ھەيدەر سايرانى تۇرپاندىكى مەخسۇدىيە مەكتىپىنىڭ بىرىنچى قارارلىق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1920 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ياڭخاڭ تاتار مەسچىد يېنىدا (1912 ـ يىلى قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپكە ماسلىشىپ) بىر مەكتەپ سالدى. مەكتەپكە ئەلى ئىبراھىم ئوقۇتقۇچى بولدى. بۇ مەكتەپتە رۇسچە، خەنزۇچە دەرسلىكلەرمۇ كىرگۈزۈلگەن ئىدى. بۇ چاغدا بىر قىسىم كىشىلەر نارازىلىق قىلىپ بېسىم ئىشلەتكەن. شۇ چاغدا ھەيدەر سايرانى ياڭخاڭلىق ياشىنىپ قالغان بوۋاي مىرسالىجان باي(ئۆزبېك) نىڭ تۇرالغۇسىغا ئۆزى بىلەن بۇرھان ئەپەندى، ئەلى ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەرنى باشلاپ ھال سورىغىلى بېرىپ، ئۇنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىش ئورنىغا ئۈچتاش ۋە تۇرپان قاتارلىق يەتتە جايدا مەسچىد بولغانلىقىنى ماختاش ئارقىلىق، ئەگەر مەكتەپ سېلىپ ئاھالىنى مەرىپەتكە جەلىپ قىلسا، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ساۋاب تاپىدىغانلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن مىرسالىجان باي قايىل بولۇپ ئۆزىنىڭ مويكا(ياڭ ماۋخۇ) دىكى قورۇ جايىنى مەكتەپ ئۈچۈن ئىئانە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەسچىد ئىچىدىكى يېڭىچە مەكتەپ مىرسالىجاننىڭ قورۇ جايىغا كۆچۈرۈپ كېلىنىدۇ. ئۈرۈمچىنىڭ مويكا تەۋەسىدىكى بۇ مەكتەپتە ئۇيغۇر تىلىدا دەرس تەسىس قىلىنىشتىن سىرت رۇسچە، خەنزۇچە تىللارمۇ ئۆگىتىلدى. ئۇيغۇر تىلىدىكى دەرسلەرنى ھەيدەر سايرانى، ئەلى ئىبراھىم، خەنزۇچە دەرسلەرنى يۇنۇسبەگ، رۇسچە

دەرسلەرنى ئاننا نىكفىرۇنا بەردى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش مالىيەسىگە ھەيدەر ئەپەندى مەسئول بولۇپ، يەنە تۆمۈرئەلى ئىسھاقوۇف، زاكىر ئابدۇرىشىت قاتارلىقلار بۇ مەكتەپتە ئىشلىگەن ئىدى. ئوقۇغۇچىلىرى ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، قازاق، قىرغىز ۋە بەزى تۇڭگانلارنىڭ بالىلىرى ئىدى. مەكتەپ داڭلىق بولغانلىقتىن قەشقەر، كۇچار قاتارلىق جايلاردىنمۇ ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئوقۇدى. 1936 ـ يىلى بۇ مەكتەپنى ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئۈرۈمچى 6 ـ مەكتەپ دەپ ۋىۋىسكا ئاستى. شۇ يىللاردا 6 ـ مەكتەپ ھەققىدە ناخشىلار چىققان ئىدى. بۇ مەكتەپتە ئۇيغۇر سايرانى، نۇسرەت شەھىدى، ئەسئەت ئىسھاقوۇف، ئەنۋەرخان بابا، رەقىب ئابباس، مەرغۇپ ئىسھاقوۇف، هامۇت خوجا قاتارلىقلار تەربىيەلەنگەن.

20 يىللاردىن كېيىن، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرسىدا سودا كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، شىنجاڭغا سوۋېت ماللىرى كۆپلەپ كىرگىلى تۇردى. ئۈرۈمچىدە سودا ـ سانائەت شىركەتلىرى قۇرۇلدى. ھەرخىل يوللار بىلەن ئىلغار ئىدىيەنى تەشەببۇس قىلىدىغان گېزىت ـ ژۇرنالار ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر كىشىلەرنىڭ يېڭىلىققا قارىتا ئىنتىلىشىگە مەدەت بەردى. بولۇپمۇ تاشكەنتتە ئۇيغۇرچە نەشىر قىلىنىپ شىنجاڭغا ئەۋەتىلىدىغان ‹ئازاد› ناملىق گېزىتتە شىنجاڭ ئاھالىسى ئىچىدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ پارىخورلۇق ۋە خىنايەتچىلىك قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ يېزىلغان ماقالىلەر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۈچلۈك دولقۇن ھاسىل قىلغان ئىدى. ئىلى شەھرىدە ئىشچىلار تېخنىكومىنىڭ پائالىيەتلىرى 1920 ـ يىللاردىكى ‹ئىلى دەرياسى› گېزىتىنىڭ تەسىرى، قەشقەردىكى ‹يېڭى ھايات› گېزىتىنىڭ تارقىتىلىشى، ئۈرۈمچىدە جىن شۇرېنغا قارشى نامايىشلارنىڭ ساداسى پۈتكۈل شىنجاڭغا تارقىلىپ، توسقىلى بولمايدىغان ئېقىم ھاسىل قىلغانىدى. بۇ ئەھۋاللارنى خەلقنىڭ ئۇيغۇنۇپ يېڭىچە مەكتەپ مائارىپىنىڭ قانات يايدۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايتتى. بۇ ئارىلىقتىكى يىللار (1929 ـ 1933 ـ يىللار) مەخسۇت مۇھىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدىن بۇرھان شەھىدىنىڭ موسكۋاغا بېرىشى ئارقىلىق خەۋەر تاپىدۇ. قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاكتىپ تەشكىلاتچىسى ۋە قاتناشقۇچىسى ھەيدەر سايرانى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:‹ھەيدەر سايرانى قومۇل ۋەقەسىنى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ ئوبدان پەيتى دەپ بىلىپ، قەشقەر، تۇرپان، لۈكچۈن، ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى تەشكىلات ئەزالىرى ۋە ئۈرۈمچىدىكى جاۋدىشۇ، تاۋمىڭيۈ قاتارلىق ھەرمىللەت ئىلغار ياشلار بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىپ، يوشۇرۇن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇن تەييارلىق ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان›. بۇ پائالىيەتلەردىن مەرىپەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھەيدەر ئەپەندىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا تېخىمۇ چېنىقىپ، پىششىپ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە قارشى قورقۇمسىز، جەسۇر ۋە پىداكار ۋەتەنپەرۋەر بىر قەھرىمانغا ئايلانغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ زات 1930 ـ يىللاردا پەن - مائارىپ ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنى ئىلغار مەدەنىيەت ۋە غالىپ قورال بىلەن تەمىنلەپ يېڭى ھايات ياراتماقچى بولغان. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن يۇقىرى سەۋىيەلىك كىشىلەرنىڭ لازىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. شۇڭلاشقا 1933 ـ يىلى مائارىپ نازارىتى ۋە ھۆكۈمەتتىن چەتئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەكلىپ خوجىنىياز ھاجى ئۆلكىمىزگە رەئىس بولغاندىن كېيىن 1934 ـ يىلى ئەمەلگە ئاشىدۇ. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى چىقىرىش كېلىشىمى ئىمزالاشتىن بۇرۇن ھۆكۈمەتنىڭ رۇخستى

ئارقىلىق ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى، ئەنۋەرخان بابا، ئەسئەت ئىسھاقوۋ، نۇسرەت شەھىدىلەر بىلەن بىرگە ئۆز ئىقتىسادى بىلەن موسكۋاغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. بۇلار بىلەن بىرگە يەنە تۆت نەپەر خەنزۇ ياشمۇ بىللە ئەۋەتىلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى شۆيۆچىن ئىسىملىك قىز ئىدى. بۇلار موسكۋادا ئۈچ يىل ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ھەرقايسى ئىدارە ـ ئورگانلاردا خىزمەت قىلدى.

1939 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى چىقىرىش رەسمى يولغا قويۇلغاندىنكېيىن بىرىنچى تۇركۇمدىكى 100 كىشى ئىچىدە تۇرپان مەخسۇدىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنلەردىن 18 كىشى تاشكەنت شەھىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنۋېرستېتىگە قوبۇل قىلىنغان. بۇلار 1937 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم تارماقلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

1939 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ تېزىملىكى تۆۋەندىكىچە: قۇربان سەئىدى، ئابلا ئەپەندى، سايىم ئاخۇن، ئەھمەد مەخسۇم قاتارلىقلار لېنىن نامىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەربي مەكتىپىگە؛ ئابدۇراھمان مۇھىتى، ئابدۇرېھىم مۇھىتى، رىشىت مۇھىتى، ئەنۋەر مۇھىتى، ئابلىمىت مەقسۇدوف، ئەيسا نىياز، قادىر ھەسەنوف، ئىسمائىل ھەمدۇللا، ئابدۇللا ھوشۇروف، ھەسەن كېرەم، باھاۋۇدۇن يۇسۇپ، ئابلىمىت نىياز، ئابلىمىت مۇھىتى، ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللا، ھوشۇر كېرىم، ئابلىز شەرقى، سەيدۇللا سوپى، مەدەنشا سوپى، قاسىم پەرسا، سەيدۇللا ھەيۋۇل، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ئابدۇۋاھىد توختاجى قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت دارىلفۇنى مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان. بۇ كىشىلەر شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ۋە باشقا ساھالىرىدە 1950 ـ يىللاردىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ھازىرقى دەۋرلەرگە قەدەر مۇھىم رەھبەرلىك قاتلىمىدا ئىشلەپ كەلدى.

( بەزىلىرى دۇنيادىن ئۆتتى).

ھەيدەر سايرانى يىراق بىر مەملىكەتتىن بىر نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا جاپالىق ئىنقىلابىي ئىشلارنى ئېلىپ بېرىشى ـ ئۇنىڭدا يۈكسەك دېموكراتىك ئاڭ، ئىنقىلابى غايە بارلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. بولۇپمۇ، ئۇيغۇر ۋە تاتارلارنىڭ بىر تىل ئائىلىسىدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئىكەنلىكىنى، ئارقىدا قالغان ئۇيغۇر ئاھالىسىنى ئالغا باسقان زامانىۋى بىر مىللەتكە ئايلاندۇرۇشنى چوڭقۇر ئويلاپ يەتكەنلىكىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايتتى. بۇلا ئەمەس، ئۇ باشقا مىللەتلەرنىمۇ يات كۆرمەستىن رۇس ۋە خەنزۇلارنىڭمۇ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە سەل قارىمىغان، ئەكسىچە كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ بۇنداق ئومۇمىيەتچىل، يىراقنى كۆرگۈچى ئۇلۇغ غايە ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە گەۋدىلەندۈرگەنىدى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ‹ئىز› ۋە ‹ ئويغانغان زىمىن› رومانلىرىدا بۇ تارىخى چىنلىقنى يارقىن ئەكس ئەتتۈردى. ھەيدەر سايرانىنىڭ تۆمۈر خەلىپە ۋە غوجىنىياز ھاجى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن يېقىن دوستلىقىنى، بولۇپمۇ ھەيدەر سايرانىنىڭ قومۇل ۋەقەسىگە كۆڭۈل بولۇپ كۆرەش ئوتىنىڭ ئۇلغۇيىشىغا ھەسسە قوشقان ئىش ـ ئىزلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. خەۋېر تۆمۈر: ‹بالدۇر ئويغانغان ئادەم› رومانىدا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ يېڭى مائارىپ ئىدىيەسى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ جەڭگىۋار ئىرادىسىنى قوللىغان ۋە ماددى ـ مەنىۋى ياردەملىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. سەھىپە ئىتىبارى بىلەن بۇ ماقالىدا تەپسىلىي توختالمايمەن.

بىر ئادەمنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتى قانچە يۈكسەك بولغانسېرى، ئۇنىڭ ئىرادىسىمۇ شۇنچە قەتئىي بولۇپ، ئىلگىرىلىشىمۇ شۇنچە تېز بولىدىكەن. ئۇ دۇچ كەلگەن

www.uyghurkitap.com



توسالغۇلارغا قىلچە تىز پۈكمەستىن ئۇلۇغۋار غايىسىدىن قۇدرەتلىنىپ مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشىدىكەن. بۇ ھالنى ھەيدەر ئەپەندىنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھەيدەر ئەپەندى قومۇل - تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى غوجىنىياز ھاجى، مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىق زاتلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، شەرقىي شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچى رايۇنىدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە قارشى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىنقىلابى پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ ۋە ئۇيۇشتۇرىدۇ. نۇرغۇن تەشكىلىي ئىشلارنى قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ھەيدەر سايرانى يەنە خەۋپ ئىچىدە قالغان تەشكىلات ئەزالىرى ۋە ئىلغار ياشلارنى قۇتقۇزۇش ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ.

1932-يىلى 1-ئاينىڭ 23-كۈنى جىن شۇرېن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى شەرىپقاننى قولغا ئالماقچى بولىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھامان شەرىپقاننى ئالتايغا قاچۇرۋېتىدۇ. 1934-يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلىدۇ، ھەيدەر سايرانى ئۇيۇشما رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى نەشرىيات باشقارمىسىغا مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە قىزىرقىنىپ ئەمگەك سىڭدۈرۈشى ئارقىلىق، ئۇيغۇرچە سىياسىي - ئىجتىمائىي ۋە ئەدەبىي گېزىت ‹شىنجاڭ گېزىتى›( بۇ چاغدا بۇ گېزىت يېڭى شىنجاڭ نامىدا ھەپتىلىك گېزىت ئىدى) نىڭ تۇنجى سانى 1934-يىلى 8-ئاينىڭ 25-كۈنى باسمىدىن چىقىپ ئاممىا بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ.

شىڭ شىسەي جىن شۇرېننىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق غالچىسى بولۇپ، قومۇل - تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغان كۈنلەردە ھەيدەر سايرانىنىڭ ئىسمىنى كۆڭلىگە دىتلاپ قويغان ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، جاللاتلىق قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار كىشىلەرنى قولغا ئېلىشقا باشلىغاندا، ھەيدەر سايرانى ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۈچۈن چۆچەككە بېرىپ ھىسام باھاۋۇدۇننىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ.لېكىن بۇ يەردىمۇ شىڭ شىسەينىڭ قول-چوماقچىلىرى بولۇپ، كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەرباپلىرىغا كۈن يوق ئىدى. 1930-يىللارنىڭ ئاخىرى ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيەلەردە ھەرقايسى مىللەتنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى خەلقنىڭ ئاڭ-سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى شىڭ شىسەيگە ياقماي قالدى. ھىلىگەر شىڭ شىسەي كېيىندە چايغا چاقىرغان بولۇپ مۆتىۋەرلەرگە ماشىنا ئەۋەتىش يولى بىلەن ھەيدەر سايرانىنى 1938-يىلى 4-ئايدا تۇتۇپ كەتتى. (ئىزاھات: ھەر يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنى تەنتەنىلىك بايرام بولاتتى. ھۆكۈمەت بۇ كۈنىنىڭ شەرىپىگە يۇرت چوڭلىرىغا زىياپەت بېرەتتى. ھىلىگەر شىڭ شىسەينىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىلغار زاتلارنى تۈرمىدە بوغۇپ ئۆلتۈرىشىدىن ئادەتتىكى كىشىلەر خەۋەرسىز ئىدى.)

*ئاخىرقى سۆز*

ھەيدەر سايرانى شىنجاڭغا كېلىپ مەدەنىي- مائارىپ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ 1917- يىلى تۇرپاندا ئۆيلەنگەندى. تۇنجى پەرزەنتى ئۇيغۇر سايرانى ئالتە ئايلىق بولغاندا رەپىقىسى ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن قايتا ئۆلەنمەي يۈرگەن ئىدى. 1920-يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ مائارىپ نازارىتىدا خىزمەت قىلىپ يۈرگەندە بۇرھان شەھىدى بىلەن يېقىن دوست بولدى. ئىنقىلابىي ئىشلارنى بىرلىكتە ئېلىپ باردى. 1925-يىلى بۇرھان شەھىدىنىڭ تۇرتكىسىدە بۇرھان شەھىدىنىڭ سىڭلىسى زەينەپ بانۇ بىلەن توي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، تۇرپاندا چوڭ دادىسىنىڭ تەربىيەسىدىكى ئوغلى ئۇيغۇر سايرانىنى ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ ئەكەلدى. مەكتەپ

يېشىدىكى بۇ ئوغلىنى ياڭخاڭدىكى ئۆزى قۇرغان مەكتەپتە ئوقۇتتى. بۇ مەكتەپتە نۇسرەت شەھىدى، ئەنۋەر خانبابا، ئەسئەت ئىسهاقوف، رەقىب ئابباس قاتارلىق ياشلار ئۇنىڭ ساۋاقدىشى ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مائارىپ سىستېمىسىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، دەرسلىكلەر ئالمۇئاتا ، تاشكەنتتىكى مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى بىلەن ئوخشاش ئىدى.

1920 ـ يىللاردىن 1930 ـ يىللار ئاراسىدا ئۈرۈمچىدە بۇرهان ئەپەندىنىڭ قورۇسىدا (هازىرقى 8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش باشقارمىسى بار كوچىدا) بىر كىتابخانا قۇرۇلغان ئىدى. قورۇنىڭ تۆرىسىدىكى ئۈچ ئېغىز ئۆيگە هەرخىلدىكى كىتاب ـ ژۇرناللار تىزىپ قويۇلغان ئىدى. بۇ كىتابخانىنىڭ كونكرېت ئىشلىرىغا هەيدەر سايرانى مەسئول بولۇپ، كىتابخانىغا گېزىت ـ ژۇرناللارنى بېيجىڭدىن، ئالمۇئاتادىن، تاشكەنت ۋە قازان شەهەرلىرىدىن هەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق كەلتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بۇ كىتابخانىدا بېيجىڭ شەهىرىدە نەشىر قىلىنغان ‹يېڭى ياشلار› ژۇرنىلىنىڭ يىللىق توپلاملىرى، قازان شەهىرىدە نەشىر قىلىنغان‹شورا› ژۇرنىلىنىڭ يىللىق سانلىرى، ماكسىم گوركىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توپلام ‹هەققانىيەت ئۈچۈن كۆرەش› ناملىق ئەسەرلىرى (1920 ـ يىللاردا لۇشۇن تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە نۇسخىسى) ‹بورانقۇش› قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ رۇسچە، خەنزۇچە (شىيايەن تەرجىمە قىلغان) نۇسخىلىرىمۇ بار ئىدى. ئەينى يىللاردا بۇرهان شەهىدى رۇس تىل ـ يېزىقىنى ئوبدان بىلىش بىلەن بىرگە خەنزۇ تىلىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن يۇنۇس بەگ (خەنزۇچە ئىسمى يوۋىن بىن)، تاهىر بەگ، روزى هاجى، ئابدۇراهمان مەخسۇم (شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئاتىسى) شۆتاڭنى پۈتتۈرگەن كىشىلەر بولۇپ ياخشى تىلماچلار ئىدى. ئۇلار كىلاسسىك ئورتاق تۈركىي تىلىدىكى تاش باسما ئەسەرلىرىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. بۇ كىتابخانىدا تاشكەنتتە چاپ ئېتىلگەن شەيخ سەئىدى، سوپى ئاللايار، ئەلشىر نەۋائىي قاتارلىق كىلاسسىكلارنىڭ دىۋانلىرىمۇ بار ئىدى.

بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر، تاتار ياشلىرى، جۈملىدىن هەيدەر ئەپەندىلەر كىتاب ـ كىشىلەرنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيەسىنى ئاچىدىغان كىلىت، كىتاب ـ كىشىلەر روهىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆز تەقدىرىنى ئويلاندۇرىدىغان يېقىن دوستى دەپ چۈشىنەتتى. شۇنداق تونۇشتا بولغانلىقتىن يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدا تاتار، ئۆزبېك زىيالىلىرى مۇهىم رول ئوينىدى. ئابدۇللا توقاي، هاجى تاختاش، غادىل قۇتۇي، مىجىت غاپۇرى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى روهنى ئۇرغۇتۇپ كىشىلەرگە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەدەت بولغان ئىدى. ئەينى زاماندىكى گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ ئىملاسى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، قىرغىز، قازاق ـ قىسقىسى تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى مىللەتلەرگە ئورتاق ئىدى. هەممىسى بىرخىل يېزىقتىن پايدىلانغان. 20 ـ يىللاردا غۇلجا شەهىرىدىكى هۇسەيىن تاراتوۋ كۇتۇپخانىسى، چۆچەكتە مىريۇسۇپ كۇتۇپخانىسى، ئالمۇئاتا شەهرىگە يېقىن بولۇپ، جۇغراپىيەلىك شارائىتتىن پايدىلىنىپ كۇتۇپخانىلىرىغا سوۋېت مەتبۇئاتلىرىدا بېسىلغان گېزىت ـ ژۇرناللارنى، تاشكەنت شەهىرىدە چىققان بىر قىسىم ئەدەبى توپلام ۋە رومانلارنى هەرخىل يوللاردىن پايدىلىنىپ ئەكەلدۇرۇپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇشىغا بېرىپ تۇراتتى. بۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلەشكەن هەيدەر سايرانىمۇ سوۋېت مەتبۇئاتلىرىدا بېسىلغان گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ تۇردى . هەتتا ئالمۇئاتا بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىپ سابىرجان شاكىرجانېۋ ئارقىلىق‹كەمبەغەللەر ئاۋازى › (1920 ـ 1930 ـ يىللار)، ‹قۇتۇلۇش›، ‹بىرىنچى

چامدام› (1924 ـ يىللىق توپلام) قاتارلىق گېزىت ۋە ئەدەبىي توپلاملارنى ئۇرۇمچىگە ئالدۇرۇپ كېلىپ كىتابخۇمار كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ تۇردى. ئومۇمەن، مائارىپشۇناس ھەيدەر ئەپەندى كىشىلەرنىڭ ئاڭ پىكرىنى ئېچىش ئۈچۈن كۆپ خىل ئۇسۇللاردا ئىش ئېلىپ باردى. ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن تەرجىمانلىق ۋە مەتبۇئاتچىلىق، تەشۋىقات ھەم كىتابپۇرۇشلۇقتا ئوخشاش مەرىپەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى.

ھەيدەر سايرانىنىڭ 40 نەچچە يىللىق كەچمىشى ۋە كەچۈرمىشلىرىدىن بىلدۇقكى، ئادەم ئۆزىنى كۈچەيتىشنى بىلىپ، ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تۇرمۇشقا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئىرادىسىنى چېنىقتۇرىدىغان بولسا، غەلىبە تاجى ئۇنىڭغا چوقۇم كەيگۈزۈلىدۇ. ھەيدەر سايرانى ماھىتىدىن مىللىي روھ ۋە دۇنياۋى تۇيغۇغا ئىگە تالانت ئىگىسى ئىدى. ئۇ بىر مىللەتپەرۋەر، ۋەتەن سۆيەر بولۇپلا قالماي، ئىنتېرناتسىئوناللىق ئۇلۇغۋار ئىدىيەدىكى ئېسىل زات. ئۇ، جىمىكى خاسىيەتلىك ئىشلارنىڭ ئانىسى ـ مائارىپتىن باشلىنىدۇ، دۇنيانى بىر ئىمارەت دېسەك، مائارىپ شۇ ئىمارەتنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى دەپ بىلگەن. ئۇنىڭ بۇ تەرەققىي قىلغان تاتار جەمئىيىتىدىكى باياشات تۇرمۇشتىن، ئاتا ـ ئاناسىدىن ئايرىلىپ، تۇرپاندەك قاراڭغۇ، خۇراپاتلىق پاتقىقىدىكى ساۋاتسىز خەلقلەرنى ئويغۇتۇپ، مىللىي مائارىپنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن پىدائىي بولغانلىقىنى ئالىجاناپلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىكى مۇكەممەل ئادەم دېسەكمۇ ئازلىق قىلىدۇ. خۇددى ئۇ، 1930 ـ يىللاردا كانادادىن جۇڭگوغا كەلگەن بېتيۇننىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش يىللىرىدا مىڭدىن ئارتۇق ياردارنى داۋالاپ، باشقىلارنى قۇتقۇزىمەن دەپ قان تەقدىم قىلىپ، ئوكۇلدا زەھەرلىنىپ ۋاپات بولغانلىقىدەك ئىنتېرناتسىئونالىق روھتىكى ئالىجاناپ ئادەم دەپ نۇرغۇن خاتىرىلار يېزىلدى. لېكىن، ھەيدەر ئەپەندى تۇرپان، لۈكچۈن ۋە ئۇرۇمچىلەردە قۇرغان مەكتەپلەردە 1949 ـ يىلغىچە 27 قارار ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر 113 كىشى بولغان. ئەپسۇسكى، بۇ يىلغىچە ئۇنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەنلەر جەمئىيەتتە يۇقىرى ئورۇنلاردا ئىشلەپ، بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە تۇرۇپمۇ، بۇ ھەقتە ھېلىغىچە تولۇقراق ئوبزور، ماقالىلەر يېزىلىپ خاتىرىلىنىپ باقمىدى. بىلىمىزكى، 1930 ـ يىللاردا تۇنجى تۈركۈمدە تاشكەنت دۆلەت دارىلفۇنۇنىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنلەر ھەيدەر ئەپەندىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەيدەر ئەپەندى جەمئىيىتىمىزگە تەقدىم قىلغان پەرزەنتلىرى ھازىرغىچە ھايات، ھەم ھەممىسىلا مۇتەخەسسىس. (روستەم ئېسىملىك بىر ئوغلى 1940 ـ يىلى سابىق ئۆلكىلىك دارىلفۇنۇندە تۇرغان مەزگىلىدە جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن.) دېمەكچى، تارىخ ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالمايدۇ! ۋاقتى كەلگەندە بۇ نامسىز قەھرىمانلارنى تارىخ سەھنىسىگە چىقىرىدۇ. جاھان ئەھلىگە تونۇشتۇرىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى خەلق يادىغا ئېلىپ ئەسلەيدۇ.

2003 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇرپان خەلقى ھەيدەر سايرانى قۇرغان مەكتەپنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەپ تەنتەنە قىلغانلىقى پۈتكۈل شىنجاڭ خەلقىنى خۇشال قىلدى. بۇ كۈنلەردە ھەيدەر ئەپەندىنى ئەسلىسەك، ھەم ئېپتىخارلىنىمىز، ھەم چوڭقۇر قايغۇغا چۆمىمىز. ھەيدەر سايرانىنىڭ ھاياتى بىر چوڭ تىراگېدىيە. ئۇنىڭ ھايات ـ ماماتى ھېچقانداق كىشىنىڭ ھايات ـ ماماتىغا ئوخشىمايدۇ. 1930 ـ يىللاردا ھەيدەر سايرانىنى قوللىغان ھەم قوللاشقا مەجبۇر بولغان جاللات شىڭ شىسەي 1940 ـ يىلغا كەلگەندە ئۇنى سۈيدۈڭدىكى كۇرە شەھىرىگە سۈرگۈن قىلغان. كېيىن ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۆي ـ بىساتلىرىنى پېچەتلىگەن. 1943 ـ يىلى 57

يېشىدا ئۇرۇمچىدە چۇن تيەنچيۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق بىرقانچە كومۇنىست ۋە ئىلغار كىشىلەر بىلەن بىر قاتاردا قەبىھلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن. لېكىن ئۇنىڭ باتۇرلىقى، جەڭگىۋار روھى ئۆلگەن ئەمەس. ئۇ تۈرمىدە دۈشمەنلەر بىلەن ئەڭ ئاخىرقى تامچە قېنى قالغۇچە تىغمۇ-تىغ كۈرەش قىلىپ، باتۇرلارچە قۇربان بولدى. ھەيدەر ئەپەندى-تارىخىمىزنىڭ يارقىن ئوبرازى! بۈيۈك قامۇسىمىزنىڭ مەزمۇنى! مىللىتىمىزنىڭ ئىپتىخارى! مەكتەپ مائارىپىمىزنىڭ سەردارى! مەشئەل تۇغ بولۇشقا مۇناسىپ! قىسقىسى، ھەيدەر سايرانى يېڭى مائارىپ قامۇسىنىڭ بىرىنچى ۋارىقىغا ئالتۇن ھەللەر بىلەن نەقىشلەنگەن سەردار كارۋان بېشى! ئۇنىڭ جىسمانى ھاياتى 57 يىل داۋام قىلغان بولسىمۇ، مەنىۋى ھاياتى 100 يىلغىچە ئۇنتۇلماي كەلدى. ئۆتكەن يىلى ئۇنىڭ قۇرغان مەكتىپىنىڭ 99 يىللىقىنى خاتىرىلەنگەنىدى. بۇ يىل ھەيدەر سايرانىنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە 127 يىل بولغانلىقىنى چوڭقۇر ياد ئېتىمىز! بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەم چوڭقۇر ياد ئېتىمىز!

ئەجدادلار خاتىرسى ئۆچمەس چىراقتەك كەلگۈسىنى يورۇتۇپ بېرىشتىكى رەھنامە، ئۇنىڭ غايىسى بۈگۈن ئۈچۈن ئىدى. كېيىنكى ئەۋلاد ئۈچۈن ئۈمىد چىرىغىغا ياغ قۇيغان ئىدى! بۇ چىراغ ئۆچمەيدۇ، مەرھۇم بوۋىمىز ھەيدەر ئەپەندىنىڭ چىرىغى مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ! ئۇنىڭ روھىغا شان - شەرەپلەر ياغىدۇ!

## ئىزاھاتلار:


1.م.زەيدى:‹‹ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى تۇرپاندا قۇرۇلغان پەننى مەكتەپلەر››،‹‹شىنجاڭ تەزكىرىسى›› 1994-يىللىق 3-سانى.
2.‹‹شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى››، 840يىل 13-سانى، 109-بەتلەر .
3.‹‹شىنجاڭ تەزكىرىسى›› 1994-يىل 3-سان.
4.ئېلچى سايرانى:تەرەققىيپەرۋەر زات ھەيدەر سايرانى.‹‹شىنجاڭ تەزكىرىسى››2000 -يىللىق 1-سانى.
5.‹‹شىنجاڭ تەزكىرىسى›› 2000-يىللىق 1-سانى.
6.بۇرھان شەھىدى:‹‹شىنجاڭنىڭ 50 يىلى››.
7.ئۇيغۇر سايرانى خاتىرسىدىن.
8.بۇرھان شەھىدى:‹‹شىنجاڭنىڭ 50يىلى››،342-بەت.
8.بۇرھان شەھىدى:‹‹شىنجاڭنىڭ 50يىلى››،148-بەت.
9.بۇرھان شەھىدى:‹‹شىنجاڭنىڭ 50يىلى››،308-309-310-بەت
10.ئېلچى سايرانى:‹‹شىنجاڭ تەزكىرىسى››،2000-يىل 1-سان.
11.م.زەيدى:‹‹شىنجاڭ تەزكىرىسى››،94-يىل 3-سان.
12.ب.شەھىدى:‹‹شىنجاڭنىڭ 50يىلى››، 316-بەت.
13.زەينەپ سايرانىيە خاتىرسىدىن.
14.‹ئىرپان مەشئىلى› 1913-يىل تۇرپاندا قۇرۇلغان مەخسۇدىيە مەكتىپىنىڭ 90 يىللىقىغا بېغىشلانغان ‹تۇرپان گېزىتى›دىن.
15.ئۇيغۇر سايرانى خاتىرسى، 2001-يىل.
17. ب.شەھىدى،‹‹شىنجاڭنىڭ 50يىلى››،592-بەت.


(ئاپتور:شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ كاندىدات ئالى تەتقىقاتچىسى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

www.uyghurkitap.com



# ئىدىقۇت ئۇغلانى تاتا تۇڭا ھەققىدە

پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى

تاتا تۇڭا ـ توختاخۇن ئىدىقۇتلۇق ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇ خانلىقتا مەدەنىيەت ئەربابى بولۇپ ئۆتكەن مەشھۇر تىلشۇناس، ئالىم. ئۇ تاتا تۇڭا دېگەن شان ـ شەرەپكە نائىل بولغان.

تاتا ـ ئارىيان تىلىدا «dada» دېگەن مەنانى بىلدۈرسە، قارا خانىيلار سۇلالىسىدە بۇ سۆز يەنىلا «دادا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. ئىنگلىز تىلىدىمۇ «dada » دېيىلگەن. تۇڭا دېگەن ئاتالغۇغا كەلسەك ‹‹ دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك›› دا «باتۇر، يولۋاسنى يەڭگۈچى» دېگەن مەنالارنى بىلدۈرىدىكەن.

ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدا كۆپلىگەن سىياسىئونلار، ئالىملار، دۆلەت ئەرباپلىرى، يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكار، مەدەنىيەت ئەربابلىرى، ھەيكەلتاراش، رەسسام، ئارخېتوكتور، تىبابەت، ئاسترونوم ۋە مائارىپشۇناس، مەدەنىيەت ئەربابلىرى ئۆز ۋەتەن ـ خەلقى ئۈچۈن بىجانىدىل ئىشلەپ، ئالەمشۇمۇل شانلىق تۆھپىلەرنى يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى باشقا مىللەت، قەبىلە خەلقلىرى ئۈچۈنمۇ خالىسانە خىزمەت قىلغان. تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ھەم باشقا مىللەتلەرنىڭ ھۆرمىتىگە، مەڭگۈ خاتىرىلىنىشىگە مۇيەسسەر بولغان.

تاتا تۇڭا ـ توختاخۇن ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى ـ تۇڭا ئالىپ ئەر بولغاچقا، ئوغلىغا «باتۇر، يولۋاسنى يەڭگۈچى» ـ تۇڭا دېگەن ئىسمنى قويغان. ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق، بىلىمى مول، ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىقىغا كامىل كىشى بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ شەرق ـ غەرب تۈگۈنىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا جايلاشقانلىق ئىستىراتېگىيىلىك ئورۇن ئەۋزەللىكىدە ياشاپ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن تىل ـ يېزىق، ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتلەردىمۇ نايمان، كېرەي، مېركىت، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي قوۋملىرىنىڭ ھەم خەنزۇ، موڭغۇل تىل يېزىقلىرىنىمۇ ياخشى ئىگىلىگەن مۆجىزىكار تىلشۇناس، ئالىم دەرىجىسىگە يەتكەن.

تاتا تۇڭا توختاخۇن ئۆمرىدە نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

«سەن مەيلى مىڭغا كىر، مەيلى ئونسەككىز،

تۇگەيسەن قويۇپ كەت، سەن بىر ياخشى ئىز».

1. مىلادىيە 1200 ـ يىللىرى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئېلىنىڭ پادىشاھى بارچۇق ئارتتېكىنگە ماسلىشىپ، قەلەم بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ئەلەم بىلەن دۆلەتنى قوغداش، خەلقنى ئاسايىشلىق كۈن كۆرۈشكە يېتەكلەش ئىشلىرىغا كۈچ قوشقان. دۆلەت قۇدرەت تاپقان، خەلق باياشات، يېزىلىرى شەھەرلەشكەن، بىنام يەرلىرى باغۇ ـ بوستانلاشقان، ھۈنەر كەسپلىرى خىللاشقان، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مەدەنىي ـ مائارىپ، ئىلىم ـ پەن يۈكسەلگەن، مەتبەئەچىلىك، قەغەزچىلىك، كىتابچىلىق ئىشلىرى دۇنيا ئەھلىنى تاڭ قالدۇرغىدەك دەۋر شەكىللەنگەن. مۇشۇ زور تۆھپە تاتا تۇڭا توختاخۇننىڭ بىر ئۆلۈش تۆھپىسىدىن ئايرىلمايدۇ.

2. نايمان قەبىلىسىنىڭ خانى تايانخانغا

ئالتۇن تامغىچى بولۇپ، پۈتۈن مال ـ مۈلۈك، مال ـ چارۋا، كاتىبات ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى بولۇپ ئىشلىشى، ئۇرۇش تاكتىكىسى جەھەتتە ئەقىلدار، مالىيە باشقۇرۇشتا تىجەشلىك، ئوردا ئىشلىرىدا كاتىباتلىق ئىشلىرىنىمۇ قوشۇمچە ئىشلەپ بەرگەن. تايانخان تاتا تۇڭا توختاخۇننىڭ ئالىيجاناپ، سەمىمىي، ئاقكۆڭۈل، يارامىلىق، ئىشەنچىلىك كىشى ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىپ، ئۇنى «دۆلەت ئۇستازى» دەپ ھۆرمەتلىگەن. نايمان خانى تايانخان ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆز ئوغلى كۈچلۈككە، قىزى ئاسىپىشكە ئۆگىتىشكە تاتا تۇڭاغا ھاۋالە قىلغان.

3. مىلادىيە 1204 ـ يىلى چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلىپ، نايمان قەبىلىسىنى يوقاتقاندا تاتا تۇڭا توختاخۇن ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، چىڭگىزخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەن، چىڭگىزخان : «ئۆزى ئىشەنمەيدىغان، باشقىلار چۈشەنمەيدىغان» سوئاللارنى تاتا تۇڭا توختاخۇندىن سورايدۇ، تاتا تۇڭا توختاخۇن ھېچ ئىككىلەنمەي، دۇدۇقلىماي، تەمكىن ھالەتتە چىڭگىزخان سورىغان سىرلىق سوئاللارغا ئۆز لايىقىدا سەمىمىي جاۋاپ بېرىدۇ. بۇ دانا، تەدبىرلىك، راستچىل، سەمىمىي ، ساداقەت، ئالىيجاناپلىق خىسلەت ئىگىسى تاتا تۇڭا توختاخۇندا بارلىقىنى سەزگەن ئەقىللىق چىڭگىزخان دانىشمەن بىر ئادەمگە يولۇققانلىقىدىن پەخىرلىك ھېس قىلىپ، تاتا تۇڭانى ئۆلتۈرۈشتىن ۋاز كېچىپ، نايمان قەبىلىسىگە سادىق خىزمەت قىلىپ، ئالتۇن مۆھۈرنى يەنىلا ئۆز يېنىدا مەھكەم تۇتۇپ، پادىشاھقا سەمىمىي، سادىقلىقىنى بىلدۈرۈپ، چىڭگىزخانغىمۇ بېرىشنى رەت قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن چىڭگىزخان تاتا تۇڭا توختاخۇنغا «راستچىل ، گېپىدە چىڭ تۇرىدىغان كىشى» ئىكەن ـ دەپ ئۇنى ئوردىدا خىزمەت قىلىشنى دەۋەت قىلىدۇ، تاتا تۇڭا توختاخۇن چىڭگىزخاننىڭ دەۋىتى بىلەن ئوردىدا قالىدۇ.

چىڭگىزخان قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، چوڭ خانلىق تىكلەپ ئۆزى خان بولىدۇ. تاتا تۇڭانىڭ بۇ خانلىقتا كۆرسەتكەن دانا تەدبىرى، ياخشى مەسلىھەتى كۈچ كۆرسەتكەچكە، چىڭگىزخانمۇ تاتا تۇڭانى «دۆلەت ئاتىسى» ـ دەپ نام بېرىپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن مال ـ مۈلۈك، ئوردا غەزىنىسى، مالىيە ھوقۇقى ھەم قەبىلىلەر ئارا يارلىق، ئۆز ئارا توختام، نام ـ ئەمەل بېرىش، پەرمانلارنى يېزىپ، ئالتۇن مۆھۈرنى بېسىشنى تاتا تۇڭا توختاخۇنغا تاپشۇرىدۇ. چىڭگىزخان تاتا تۇڭا توختاخۇننىڭ ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدە نام ـ ئابرويلۇق، بىلىمدار، ئىلىمدار ئادەم ئىكەنلىكى، تايانخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە ئۇستا خەتتاتلىق ھۆنىرىنى ئىشقا سېلىپ، نايمانلارغىمۇ ئۇيغۇرچە خەت ئۆگەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرغاچقا، چىڭگىزخان تاتا ـ تۇڭا توختاخۇننى يېنىغا چاقىرىپ جۇجى، چاغاتاي، ئوگداي، تولۇي قاتارلىق تۆت ئوغلىغا ئۇيغۇرچە ھەم ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىتىشنى بۇيرۇغان. تاتا تۇڭا توختاخۇن بۇ پادىشاھ شاھزادىلىرىگە ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگەتكەن. بۇ ئوغلانلار چوڭ بولۇپ، ھاكىمىيەت سورىغاندىمۇ مۇشۇ ئۇيغۇر يېزىقى ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرغان.

تاتا تۇڭا توختاخۇن خەنزۇ تىل يېزىقىنى ياخشى بىلگەچكە، بىر قىسىم ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، موڭغۇل تىلىنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئۆرۈپ چىققان. يەنە موڭغۇل تىلىنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئىپادىلەپ، موڭغۇللارغا ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا موڭغۇل يېزىقىنى لايىھىلەپ بەرگەن.

مىلادىيە 1206 ـ يىلى ئونون دەريا بويىدا چاقىرىلغان بىر قۇرۇلتايدا تېموچىن دېگەن ئىسىمنىڭ ئورنىغا «چىڭگىزخان» ـ دەپ ئاتاشنى بېكىتكەن. بۇ ئىسىمنى تاتا تۇڭا توختاخۇن شۇ قۇرۇلتايدا قۇرۇلتايغا قاتناشقان

بارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلەر ئالدىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ ئىسىمغا پادىشاھ چىڭگىزخانمۇ قوشۇلۇپ ، بۇنىڭدىن كېيىن «تېمۇچىن» دەپ ئاتىماي «چىڭگىزخان دەڭلار» دەپ جاكارلىغان.

چىڭگىزخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئوگداي خان بولغاندىمۇ ساراي ئىچىدىكى قىممەت باھالىق ئالتۇن ـ تاش، كىيىم ـ كېچەككە ئوخشاش ھۆكۈمدار مال ـ مۈلۈكلەرنى قوغداشقا رىياسەتچىلىك قىلىشنى ئەمىر قىلغان. ئوگداي خان ئۇنىڭدىن باشقا تاتا تۇڭا توختاخۇننىڭ ئايالى ئوغۇللۇق خانىمغا ئوگداي خان ئوغلى شاھزادە قاراچارنىڭ ئىنىكئانىلىق ئۇنۋانىنى بەرگەن.

تاتا تۇڭا توختاخۇن نۆۋەرلىك، قىران بۈركەتتەك چاغلىرىنى ئىككى ئەلدە يەنى نايمان قەبىلىسى تايانخان پادىشاھلىقىدا، كېيىن چىڭگىزخان پادىشاھلىقىدا ئۆتكۈزدى. بۇ ئىككى ئەل ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئىلىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈردى، ئۇيغۇر يېزىقىنى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە خالىس ئۆگەتتى، مەدەنىيەت تاراتتى. چىڭگىزخاندەك باتۇرلۇقتىن ئىبارەت قارا كۈچكە تايىنىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش يولىدىن ئىلىم بىلەن دۆلەتنى كۈچلەندۈرۈپ، ئەل ئىچىگە ، دۇنياغا ئۆزىنى تونۇتۇشتا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ رولىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ ھەم تاتا تۇڭا توختاخۇننىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىگە ئاپىرىن ئوقۇشقا ھەقلىق!

قىسقىسى، تاتا تۇڭا توختاخۇن ئىدىقۇت

دۆلىتىنىڭ ئاددىي بىر پۇقراسى. ئۇ ئۆز ئېلىدىن ئايرىلىپ، دەشت ـ باياۋانلارنى كېزىپ، باشقا ئەللەرگە بېرىپ، شۇ ئەللەر ئۈچۈن ياخشى تەسىرات قالدۇرۇشى ئالىيجاناپلىق خىسلەتنىڭ نامايەندىسى.

تاتا تۇڭا توختاخۇن ئوگدايخاننىڭ ھوزورىدا ئىشلەپ، يېشى چوڭىيىپ، ئۆز يۇرتى ئىدىقۇت ئېلىنى سېغىنىپ مىلادىيە 1308 ـ يىلى ئانا ماكانى ئىدىقۇتتا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇ ئۆزى يېتىشتۈرگەن شاگىرتلاردىن قارايىغاچ بۇيرۇق، يۈرۈك تۆمۈر، مىڭسەرس، سىبان، سەككىز، تۇغلۇق تۆمۈر قاتارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى جۇجى، چاغاتاي، ئوگداي، تولۇيلارنىڭ خانلىقلىرىدا مۇھىم خىزمەتلەر بىلەن دەۋر سۈرىدۇ.

چىڭگىزخان موڭغۇللارنى بىرلەشتۈرۈش، مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش، دۇنياغا تونۇتۇش جەھەتتە قانداق ئۇلۇغ ئادەم بولسا تاتا تۇڭا توختاخۇنمۇ ئۇنىڭ مۇھىم ياردەمچىسى ۋە ھەمكارلاشقۇچىسى، ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئەربابى، ئۇ موڭغۇللارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان شۇنداق شەخس. موڭغۇل خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىدىكى ئەڭ زور سەھىپىسىنىڭ بىرىنچى بېتىگە يېزىلىشقا ھەقلىق. بۈيۈك موڭغۇل ئىمپىرىيەسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ شۆھرىتى دۇنياغا قانداق تارالغان بولسا، تاتا تۇڭا توختاخۇننىڭ نامىمۇ دۇنياغا شۇنداق تارقىلىشى، مەڭگۈ ياد ئېتىلىپ تۇرۇشقا مۇناسىپ.

پايدىلانمىلار:

① غەيرەتجان ئوسمان تۈزگەن «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى.

② مالىك كەبىرۇۋ، مۇڭلۇق باقىيوۋلار يازغان ئوچېرك ‹‹تاتا تۇڭا›› توختاخۇن ). ‹‹تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى›› 2004 ـ يىلى 1 ـ سان..

③ تۇرسۇن ھۇشۇر ئىدىقۇتى ‹‹تاتا تۇڭا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە نەسەبى توغرىسىدا››، ‹‹تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى››،2003 ـ يىل، 1 ـ سان .

(ئاپتور: شىنجاڭ شىنخۇا بىرىنچى باسما زاۋۇتىنىڭ پېنسىيونېرى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# رادلوف ۋە ئۇنىڭ تۈركولوگىيە تەتقىقاتى

يۈسۈپجان ياسىن



رۇسىيەدە تۈركولوگىيە تەتقىقاتى پېتېر دەۋرىدە (1725ـ1689) باشلانغان. چار رۇسىيەنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي مەقسەتلىرى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياكى ئۆز دۆلىتىگە قوشنا ئەللەردە ياشاۋاتقان تۈركىي قوۋملەرنىڭ تىلى، تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئېتنوگرافىيەسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئېھتىياجىنى پەيدا قىلغان. بۇ ئىستەك پېتېر دەۋرىدە ناھايىتى كۈچەيگەن ۋە چار رۇسىيەنىڭ مۇھىم بىر سىياستى قىلىپ بېكىتىلگەن. پېتېر بۇ سىياسەتنى يەنە كېيىنكى چار پادىشاھلىرى ئۈچۈن «ۋەسىيەت» قىلىپ قالدۇرغان. پېتېرنىڭ بۇيرۇقى ۋە نازارىتى ئاستىدا 1724ـ1725ـ يىللاردا قۇرۇلغان پېتېربورگ پەنلەر ئاكادېمىيەسى دەل مۇشۇنداق بىر ئارزۇنىڭ تۈرتكىسىدە مەيدانغا كەلگەن.

پېتېربورگ پەنلەر ئاكادېمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋولگا بويلىرىدا، كاۋكازدا ۋە سىبىرىيەدە ئىلمىي زىيارەتلەر ۋە تەتقىقاتلار باشلانغان. بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان خادىملارغا «يات تىللارغا ئائىت ئۆرنەكلەر توپلىمى» تۈزۈش ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن، پېتېربورگ پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتى ئالدى بىلەن تىل ساھەسىدە باشلانغان. گ. سچۆبېر، گ.د. مېسسېرسچمىدت، گ. ف، مۇللېر، ژ.ئي. فىسچېر، پ.س، پاللاس، گ.س. گمېلىن، ژ.ئا. گۇلدېنستادت، ج.پ. پالك ۋە ج. گ. گېئورگى قاتارلىقلار قىرىم ۋە سىبىرىيەدىكى يەرلىك شۋېلەر ھەققىدە مۇھىم ماتېرىياللارنى توپلاپ، رۇسىيەدىكى تۈركولوگىيە تەتقىقاتلىرى ئۈچۈن يول ئاچقان. 18ـ ئەسىرنىڭ 70ـ يىللىرىدىن باشلاپ رۇسىيەدە تۈركىي تىللارغا ئائىت گراماتىكا كىتابلىرى، سېلىشتۇرما سۆزلۈكلەر ۋە قوللانمىلار تۈزۈلۈشكە

باشلىغان. 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە موسكۋا، قازان ۋە خاركوف ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە شەرق تىللىرى بۆلۈملىرى قۇرۇلغان. 1819-يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان پېتېربورگ ئۇنىۋېرسىتېتىدىمۇ شەرق تىللىرى بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان. شەرق تىللىرى ئىچىدە تۈركىي تىللار ئوقۇتۇشى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغانىدى. شۇنداق قىلىپ 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە رۇسىيەدە تۈركولوگىيە خېلىلا تەرەققىي قىلغان بىر پەنگە ئايلانغان.

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا، سىبىرىيە ۋە يىراق شەرق رايونىدا رۇسىيە ئالىملىرىنىڭ ھەر خىل ساھەلەر بويىچە تەكشۈرۈش ھەرىكىتى كۈچەيگەن. بولۇپمۇ 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئورقۇن، سېلىنگا ۋە ئاناساي دەرياسى ۋادىلىرىدا قەدىمكى تۈركلەرگە ئائىت مەڭگۈ تاشلارنىڭ كەينى كەينىدىن تېپىلىشى، شىنجاڭدىمۇ تۈرلۈك يېزىقلاردا خاتىرىلەنگەن ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپلەپ بايقىلىشى رۇسىيە تۈركولوگىيەسىنىمۇ ناھايىتى مول مەنبە بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ مەزگىللەردە ۋ.ۋ. رادلوف تۈرك فىلولوگىيەسىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈپ، رۇسىيەدە ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالغان. 81 يىللىق ئۆمرىنىڭ 60 يىلىنى تۈركىي قوۋملەرنىڭ تىلى، تارىخى، ئەدەبىياتى ۋە ئېتنوگرافىيەسىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن رادلوف بۇ ساھەدە يازغان كۆپلىگەن ئەسەرلىرى ئارقىلىق رۇسىيە تەۋەسىدىلا ئەمەس، دۇنيا مىقياسىدىمۇ يۇقىرى نوپۇز قازانغان ھەم تۈركولوگىيە تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر ئاچقان ئالىمغا ئايلانغان.

رادلوفنىڭ ھەقىقىي ئىسمى فرىدرىك ۋىلھېلم رادلوف دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ پرۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ زاپاس قىسمىدا قوماندان ۋە بېرلىن شەھىرىدە ساقچى كومىسسارى بولغان ۋىلھېلم رادلوفنىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇپ، 1837 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بېرلىندە تۇغۇلغان. رادلوفنىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش ھاياتى بېرلىندا ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىللىرى ياۋروپانىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلابى سەۋەبىدىن قاتتىق چايقالغان مەزگىلىگە توغرا كەلگەن. 1848 - يىلى پارتلىغان بۇرژۇئا ئىنقىلابى ياۋروپانىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلغىنىدەك، رادلوفنىڭ ھاياتىدىمۇ چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرغانىدى. رادلوف ئوتتۇرا مەكتەپتە قەدىمكى تىللار، رىم ۋە يۇنان ئەدەبىياتى، كلاسسىك ۋە مودېرن گېرمان ئەدەبىياتى دەرسلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئۆگەنگەن. بۇ دەرسلەر ئۇنىڭدا فىلولوگىيەگە بولغان قىزىقىشنى كۈچەيتكەن. بۇ مەزگىلدە كلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ھەم مۇنەۋۋەر بىر پېداگوك سۈپىتىدە تونۇلغان بېنارىنىڭ رادلوفقا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولغان. 1854 - يىلى رادلوف بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلاھىيەت فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، لېكىن، بىر قانچە ئايغا بارمايلا پەيلاسوف جوھان فرىدرىك ھېربارتنىڭ پەلسەپە تەلىماتىنىڭ تەسىرى بىلەن قارارىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پەلسەپە فاكۇلتېتىغا يۆتكەلگەن ۋە پۈتۈن دىققىتى بىلەن فىلولوگىيە پەنلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئەينى ۋاقىتتا رادلوف بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەشھۇر تىلشۇناسلاردىن سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ھىندى - گېرمان تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما گراماتىكىسىنى يازغان فرانز. بوپ (1791-1867)، مىكېل جۇلىس ئالفرېد برېل(1832-1915)، فرىدرىك ئادولف ترېندېلېنبۇرگ (1802-1872)، پەيلاسوف ھەم خەنزۇشۇناس ھېرمان ستېئىنخال (1823-1899) قاتارلىق ئالىملارنىڭ

دەرسلىرىنى ئاڭلىغاندىن سىرت، يەنە ھاللې ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىككى مەۋسۇم فونېتىكىشۇناس ئاۋگۇست پوت (1887-1802) نىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق دەرسىگە قاتناشقان. بۇ جەرياندا رادلوف يەنە تىلشۇناسلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە تايىنىپ تۈرك، موڭغۇل، مانجۇ ، فىن تىللىرى ۋە شىمالدىكى باشقا تىللار ئارىسىدا تۇغقانچىلىقنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىشكە تىرىشقان ۋە ‹‹موڭغۇل ۋە تاتارلارنىڭ مەنبەسى››، ‹‹قىرغىز ھەقىقىتى ھەققىدە››، ‹‹ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە›› دېگەن بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى بىلەن ئىلىم دۇنياسىدا مۇھىم بىر ئورۇن تۇتقان ۋىلھېلىم سكوت (1802- 1889) نىڭ تەسىرى بىلەن شەرق تىللىرىغا قىزىققان. شۇنىڭ بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سىبىرىيەنىڭ ئىلىم دۇنياسىغا تازا مەلۇم بولمىغان تىللىرىنى ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەتقىقات ساھەسى قىلىپ تاللىغان رادلوف ئۇنىۋېرسىتېتتا تۈركچە بىلەن بىرلىكتە موڭغۇل، مانجۇ ۋە خەنزۇ تىللىرىنى ئۆگەنگەن. بۇ تىللارغا ياندىشىپ يەنە ئىبرانى، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنىمۇ ئۆگەنگەن. كەلگۈسىدە تەتقىقات ساھەسىنىڭ رۇسىيە تەۋەسىدە بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ رۇسچىنىمۇ ئۆگەنگەن. شۇنداق قىلىپ رادلوف 30 ياشقا كىرگىچە 20 نەچچە خىل تىلنى ئۆگەنگەن. دوكتۇرلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى بولسا ژېنا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياقلىغان. ئۇ تىل ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئا. ف. پوتنىڭ خەلق پىسخىلوگىيەسىگە ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك خۇسۇسىيىتىگە تايىنىش كېرەك، دېگەن قارىشىنى قوبۇل قىلغان.

1858 - يىلى رادلوف ژېنادا ‹‹شىمالىي ئاسىيادىكى خەلقلەردە ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرىدا دىنىنىڭ تەسىرى›› دېگەن ئەسىرى بىلەن پەلسەپە پەنلىرى بويىچە دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شۇ يىلى رادلوف ئاۋگۇستى فروممې دېگەن بىر قىز بىلەن توي قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇرال - ئالتاي تىللىرى ساھەسىدىكى تەتقىقاتلىرى بىلەن خەلقارادا كاتتا شۆھرەت قازانغان ۋە بېرلىندا «رۇسىيەنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرى ئارخىپى» نى تۈرغۇزۇشقا قوشقان تۆھپىسى بىلەن رۇسىيەدە قالتىس ئالقىشقا ئېرىشكەن ۋ. سكوتنىڭ تەۋسىيە مەكتۇبىنى ئېلىپ پېتېربورگقا كەلگەن. ئەسلىدە 1854 - يىلى پېتېربۇرگدا تەسىس قىلىنغان ‹‹شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتى››غا كازىمبەگ، شەيخ تانتاۋى، ئى.ن. بېرېزىن، د.ئا. چۋولسون، ۋ.پ. ۋاسىلىيېف ۋە پوپوف قاتارلىق مەشھۇر ئالىملارنىڭمۇ تەكلىپ قىلىنىشى ۋە 1851 - يىلى ‹‹ياقۇت تىلى گراماتىكىسى›› دېگەن كىتابىنى نەشىر قىلدۇرۇپ رۇسىيە تۈركولوگىيە ساھەسىدە يۇقىرى نوپۇز قازانغان ئوتتو بۆختلىڭكنىڭمۇ شۇ ۋاقىتلاردا پېتېربۇرگدا ياشاۋاتقانلىقى رادلوفنىڭ پېتېربۇرگقا بېرىش ۋە شەرق تىللىرىنى شۇ تىللاردا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ ئۆگىنىش ئىستىكىنى كۈچەيتكەنىدى. 1858 - يىلى ل. ۋون سچرېنكنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى بىر ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى ئامۇر دەرياسى بويىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ ۋاقىتتا رادلوف بولسا ف. سجمىدتنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى شەرق ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكىگە قاتناشماقچى بولغان. لېكىن، بۇ ئۆمەكنىڭ سەپەرگە چىقىش ۋاقتى كېچىككەچكە، رادلوفنىڭ پېتېربۇرگتىكى ھامىيلىرىدىن بارۇن پ. مېيېندورف ۋە ف.ئا.سچېفنېر قاتارلىقلار 1859 - يىلى ئۇنى غەربىي سىبىرىيەدىكى مېتاللورگىيە ئالىي تېخنىكۇم مەكتىپىگە گېرمان ۋە لاتىن تىلى مۇئەللىمى قىلىپ تەيىنلەتكۈزگەن. دەستلەپكى توختام بويىچە رادلوفنىڭ بۇ مەكتەپتىكى خىزمىتى بەش يىل بولۇپ، يىللىق مۇئاشى مىڭ رۇبلى قىلىپ بەلگىلەنگەن، بۇنىڭدىن باشقا ھەر يىلى ياز

پەسلىدە ئىلمىي زىيارەتكە چىقىشى ئۈچۈن 700 رۇبلى تەتقىقات خىراجىتى بېرىش بېكىتىلگەن. رادلوف بارنائۇلغا كەلگەندە 22 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ شەھەرگە كېلىشتە كۆڭلىگە قانچىلىك بۈيۈك ئارزۇلارنى پۈككەنلىكى كېيىنكى ۋاقىتلاردا يازغان ئەسەرلىرىدىن مەلۇم. ئەمەلىيەتتىمۇ رادلوفنىڭ ئىلمىي پائالىيىتى دەل مۇشۇ شەھەردىن باشلانغان. بۇ شەھەردە ئۇ رۇسىيە ۋەتەنداشلىقىغا ئۆتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمى رۇسىيە تەۋەسىدە ۋاسىلىي ۋاسىلېۋېچ رادلوف دەپ ئاتالغان.

رادلوفنىڭ رۇسىيەدىكى هاياتى ئۈچ دەۋرگە ئايرىلىدۇ. بۇنىڭ بىرىنجى دەۋرى، يەنى هاياتىنىڭ ياشلىق چاغلىرى سىبىرىيەدىكى بارنائۇلدا ئۆتتى. رادلوف بارنائۇلدا 1859- يىلىدىن 1871-يىلىغىچە 12 يىل ياشىدى. ئۇ بۇ يەردە قىشلىرى ئوقۇتقۇچىلىق قىلسا، ياز ئايلىرىنى ئىلمىي زىيارەت بىلەن ئۆتكۈزگەن. بۇ جەرياندا سىبىرىيە، ئالتاي تاغلىق رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 10 قېتىم ئىلمىي زىيارەتكە چىققان. ئۇ زىيارەت داۋامىدا بىر تەرەپتىن بىلىملىك ۋە نوپۇزلۇق كىشىلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىللىنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ تارىخى، تىلى، ئەدەبىياتى، فولكلورى ۋە ئېتنوگرافىيەسىگە دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلاپ تۈرگە ئايرىغان. مەسىلەن، 1859- يىلى تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بارنائۇلغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا، تومسىك ۋالىسى ئوزېرسكىينى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئالتايلىقلارنىڭ ۋەكىللىرى ئۆمىكى بىلەن تاسادىپىي هالدا ئۇچرىشىپ قالغان ۋە شۇ ئۆمەكنىڭ تەركىبىدە كەلگەن ياكوب دېگەن بىر مۇئەللىم بىلەن پۈتۈن ياز ۋە بىر قىش بىللە ئىشلەش ئارقىلىق ئالتايچىنى ئۆگىنىۋالغان. شۇ يىلى يەنە ئالتايدىكى

زىيارىتى مەزگىلىدە تەلەئۇت (تەلەنگىت، تەلەنغۇت) قەبىلىسىدىن بولغان چېۋالكوف دېگەن بىر كىشىدىن تەلەئۇت تىلىنى ئۆگەنگەن. 1862- يىلى ئىلى رايونىغا ۋە قاپالغا تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەندە شائىر موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ نازىمى ۋە گەمەر باقى(ئۆمەر باقى)لار بىلەن ناهايىتى يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئۇلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق تارىخىي هۆججەتلەرنى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت نۇرغۇن ئۆرنەكلەرنى توپلىغان. بۇ هەقتە ئۇ مۇنداق يازغان : «1862 - يىلى يازدا قىرغىز(قازاق) بوزقىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرەپلىرىنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا، قاپال شەهرىدە تەرەپپال ئىلى ۋادىسىنىڭ جۇڭگوغا ئائىت رايونلىرىدىن كەلگەن تارانچى (دېهقان، تېرىقچى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر قانچە كىشى بىلەن ئۇچراشتىم ۋە ئۇ يەردە دەرهال ئۇلارنىڭ قىزىقارلىق تىلىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدىم. بۇ شەهەردە ئۇزۇن تۇرمىغاچقا پەقەت بىر قانچە قىسقا هېكايىلارنى يېزىۋالدىم ۋە بۇ شۇنىڭ قوشنا سارت ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ تىلىدىن ناهايىتى قىزىقارلىق خۇسۇسىيەتلەر بىلەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ، غۇلجا ئەتراپلىرىدىكى تارانچى يېزىلىرىنى زىيارەت قىلىشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندىم. ئەپسۇس بۇ ئارزۇيىمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم. جۇڭگو مەمۇرلىرى پەقەت باشقىلارنىڭ هەمراھلىقىدا تاغ تولى ئارقىلىق غۇلجىغا قەدەر بېرىشىمغا رۇخسەت قىلدى. ئۇ يەردىمۇ رۇس كونسۇلخانىسىدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. پەقەت كۈندۈزلىرى خەنزۇ شەهرىنىڭ( رادلوف بۇ يەردە كۈرەنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن-ئا) ئىچىگە كىرەلەيتتىم، لېكىن تارانچى يېزىلىرىنى زادىلا زىيارەت قىلالمىدىم. كونسۇلخانىدە ۋە شەهەردە غۇلجىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر قانچە تارانچى بىلەن ئۇچراشتىم. شارائىت يار بەرگەندە ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشقا

تىرىشتىم. بۇ يەردە بۇ شىۋىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ يېقىندىن ئۆگەندىم ۋە بىر قانچە ھېكايىنى يېزىۋالدىم. لېكىن بۇ ماتېرىياللار بۇ شىۋىنى كەڭ دائىرىدە تەتقىق قىلىشقا يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. قاپال شەھىرىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەرگە تاتار غۇلجىسىدىن (رادلوف ئىلى ئۇيغۇرلىرىنى تارانچى ياكى تارانچى تاتارلىرى دېگەن ناملاردا ئاتىغان ـ ئا) كەلگەن گەمەر باقى دېگەن بىر تارانچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندىم ۋە ئۇنىڭ ساپ يەرلىك شىۋىدە سۆزلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، توپلىغان ئازغىنا ماتېرىيالنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدىم. ئۇنىڭ ساۋاتلىق بولمىسىمۇ، ئەقىللىق، ئانا تىلىغا پىششىق، خەلق ئەدەبىياتىدىنمۇ خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغان بىر كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتىم. قاپالدا تېخىچە ئىش تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى مەن بىلەن بىرلىكتە بارنائۇلغا بېرىشقا تەكلىپ قىلدىم. گەمەر تەكلىۋىمنى قوبۇل قىلىپ، 1863 ـ يىلى باھارغا قەدەر مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇردى. مەن گەمەر باقى ئارقىلىق تارانچى شىۋىسىنى تولۇق ئۆگىنىۋالدىم. قاپال بىلەن غۇلجا شەھەرلىرىدىن توپلىغان ماتېرىياللارنى قايتا كۆرۈپ چىققاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇنىڭدىن كۆپ چۆچەكلەرنى، مەكتۇپلارنى، ئاجايىپ ھېكايىلارنى، ئۆز ھاياتىدىن خاتىرىلەرنى ۋە ئىلى ۋادىسىنىڭ جۇڭگوغا قاراشلىق رايونلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئائىت ماتېرىياللارنى يېزىۋالدىم. ئىشىنىمەنكى، مۇشۇ خىل شەكىلدە توپلانغان ماتېرىياللار ئىلى تارانچى شىۋىسىنى ئېنىقلاشقا تامامەن يېتەرلىكتۇر.››① رادلوف مۇشۇ قېتىمقى زىيارىتىدا توپلىغان تۆرلۈك ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ‹‹ ئالتاي ۋە شەرقىي قىرغىز(قازاق) دالىسىغا ئائىت ساياھەت خاتىرىسى››، ‹‹بۈيۈك ئاسىيادىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسى ۋە ئۇ يەردىكى ئاھالىلار››(بۇ ئەسەر ‹‹ئىلى دەرياسى›› دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەن ئەسەرلەرنى يازغان. رادلوف ئىلى ۋادىسىنى تارىخىي ۋە گېئوگرافىك نوقتىدىن تەسۋىرلەپ، بۇ يەردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ ئالاھىدە نەزەر تاشلىغانىدى.

1864 ـ يىلى رادلوف تەتقىقات خىراجىتى ھەل قىلىش ئۈچۈن پېتېربۇرگقا باردۇ. بۇ چاغدا ھامىسى پ. مىيېندورفنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە خېلى ۋاقىت بولغاچقا، رادلوف ئۆزى ئۈچۈن يېڭى بىر ھامى ئىزدەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاكادېمىيە ئەزاسى بېر ئۇنى ئوردىنىڭ ئايال مەسلىھەتچىسى ئې. ۋون راخدېنگە تونۇشتۇرۇپ، خىراجەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. رادلوف ئې.ۋون راخدېننىڭ سالونىدا شۇ ۋاقىتتىكى رۇسىيەنىڭ بىر مۇنچە مۇنەۋۋەر شەخسلىرى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە نائىل بولغان. ئوردىنىڭ ئايال مەسلىھەتچىسى ئۇنى چوڭ مەلىكە ئېلېنا پاۋلوۋناغا تونۇشتۇرغان ۋە خىراجەت مەسىلىسىمۇ تېزلا ھەل بولغان. رادلوف پېتېربۇرگدىن يۇرتى بېرلىنغا ۋە تىرولغا ساياھەتكە بېرىپ، قىسقا ۋاقىت دەم ئالغاندىن كېيىن، يەنە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن بارنائۇلغا قايتقان.

رادلوف سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىلمىي زىيارەتلىرى مەزگىلىدە ھەممىدىن ئاۋۋال شۇ يەردىكى تۈركىي قوۋملەرنىڭ تىلى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا، شۇنىڭدەك فولكلور، ئارخېئولوگىيە، جۇغراپىيە، ئىستاستىكا ۋە ئىقتىسادىغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلىغان. رادلوف بارنائۇلدا تۇرغان مەزگىلدە جەمئىي 20 پارچە ئەسەر ئېلان قىلغان. دەسلەپكى بەش يىلدا توپلىغان ماتېرىياللارنى تۈرگە ئايرىش بىلەن مەشغۇل بولغاچقا، بۇ مەزگىلدە ئېلان قىلغان ئەسەرلىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلاردىن باشقا ‹‹ غەربىي سىبىرىيە ۋە ئۇنىڭ قوشنا رايونلىرىغا جۇغراپىيەلىك بىر نەزەر ››، ‹‹ غەربىي سىبىرىيە ۋە جۇڭغارىيە ››، ‹‹ غەربىي سىبىرىيەنىڭ شەرقىدىكى غەيرى مۇسۇلمان

تۈرك قەبىلىلىرى»، «تۈرك بوزقىر هاياتى»، «شامانلىق»، «جۇڭگو چېگرىسىغا ۋە غەبىي موڭغۇلىيەگە قىلىنغان ساياھەت» ۋە «رۇسلار بىلەن موڭغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسى» قاتارلىق ماقالە ۋە ساياھەت دوكلاتلىرى بىلەن چەكلەنگەن. 1866 ـ يىلى رادلوفنىڭ سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ چوڭ نەتىجىسى بولغان ئون توملۇق «تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر» ① دېگەن ئەسىرىنىڭ 1 ـ تومى نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق نەشر قىلىنىشىغا ئىلگىرى كېيىن بولۇپ 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت كەتكەن بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى تومى 1911 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. رادلوف ئەسەرنىڭ 1 ـ تومىغا يازغان كىرىش سۆزىدە ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنىڭ تۈركىي تىلغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «يەر يۈزىدىكى ھېچقانداق بىر تىل ئائىلىسى تۈركچىدەك كەڭ زېمىنغا تارقالغان ئەمەس. ئافرىقىنىڭ شەرقىي شىمال رايونلىرىدىن تۈركىيەگە، رۇسىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن سىبىرىيەنىڭ جەنۇبى ۋە گوبى چۆلىنىڭ ئىچىگە قەدەر بولغان يەرلەردە تۈركچە سۆزلىشىدىغان قوۋملەر ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ زور بىر قىسمى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن باشقا مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ دىنىي قېرىنداشلىرى بولغان ئەرەب ۋە پارسلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالدى. بۇ تەسىرنى بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەڭ گەۋدىلىك كۆرۈش مۇمكىن. ئۇلار ئۆز تىلىغا ماس كەلمەيدىغان ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، يەنە ئەدەبىي تىلىدىنمۇ مىڭلارچە سۆزلۈكنى ئېلىپ شۇنداق بىر ئەدەبىي تىلنى مەيدانغا كەلتۈردىكى، بۇ تىل ئۇستىگە رەڭگارەڭ ۋە خىلمۇ خىل ياماق سېلىنغان بىر كىيىمگە ئوخشاپ قالدى. بۇ ئەدەبىي تىل تەبىئىي ھالدا تۈرك خەلقى ئۈچۈن چۈشەنگىلى بولمىغان بىر ھالقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئورنىغا، خەلق مەدەنىيىتىنىڭ ساپ مىۋىلىرىدىن ئۈزۈۋېلىنالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئۆزىنى تۈگەشتۈردى.»② رادلوف بۇ يەردە 12 ـ ۋە 13 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن ئەدەبىي تۈركىي تىلنىڭ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىدە جانلىق تىلدىن يىراقلىشىپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە تۇسالغۇ بولۇش رولىنى ئوينىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقان بولۇپ، بۇ مەسىلىدە ئۇ تولىمۇ ھەقلىق پىكىر قىلغان. ئۇنىڭ بۇ قارىشى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئالىملار تەرىپىدىنمۇ ھىمايە قىلىنغان. بۇ ئەسەر 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توملىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئىلىم دۇنياسىدا كەڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن، دورپات ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ تەسىرىنى نەزەرگە ئېلىپ رادلوفقا پەخرىي دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئەسەرنىڭ 1888 ـ يىلى نەشر قىلىنغان 6 ـ تومى «تارانچى دىيالېكتى ھەققىدە» دېگەن تېما ئاستىدا پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلارغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا رادلوفنىڭ ئىلى ئۇيغۇرلىرى ۋە ئىلىدىن قاپالغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن توپلىغان ماتېرىياللىرى ماقال ـ تەمسىللەر، ھېكمەتلىك سۆزلەر، ئىلى ئۇيغۇرلىرى ۋە ئىلى ۋادىسىغا ئائىت مەلۇماتلار، يازما ئەسەرلەر، خەلق ھېكايىلىرى، چۆچەك ۋە داستانلار، بېيىت ۋە قوشاقلاردىن ئىبارەت يەتتە خىل ماۋزۇدا بايان قىلىنغان. رادلوف مۇشۇ تومغا يازغان كىرىش سۆزىدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ تۈرلىرى، مەزمۇنى ۋە ئىجرا قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە توختالغان ۋە بۇ باي مىراسلارنى توپلاش، نەشر قىلىشنىڭ كۆپ جەھەتتىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن، بولۇپمۇ رادلوف ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوشاقچىلىق ساھەسىدىكى قابىلىيەت ۋە ماھارەتلىرىگە تولىمۇ ھەيران

قالغانلىقىنى ۋە قايىل بولغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا يات مىللەتلەر بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلار نەتىجىسىدە موڭغۇلچە، خەنزۇچە ھەتتا مانجۇچە سۆزلەرنىڭمۇ ئۇچرايدىغانلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقى سەۋەبىدىن ئەرەبچە ۋە پارسچە سۆزلەرنىڭمۇ كىرگەنلىكىنى تىلغا ئالغان ۋە ئاخىرىدا سۆزىنى خۇلاسىلاپ، «شۇنداقتىمۇ تارانچى شېۋىسى ساپ تۈرك خاراكتېرىنى زادىلا يوقاتمىغان» ③ دەپ كۆرسەتكەن. رادلوف بارنائۇلدا تۇرغان مەزگىلدە سىبىرىيە، ئالتاي، ئىلى، يەتتە سۇ، قازاق ـ قىرغىز دالىسىدىن توپلىغان تارىخ، تىل، ئەدەبىيات، ئېتنوگرافىيە ۋە ئارخېئولوگىيەگە دائىر ماتېرىياللىرىنى ھەم بۇ ھەقتە يازغان ساياھەت دوكلاتىنى كېيىن ئىككى توملۇق كىتاب قىلىپ، «سىبىرىيەدىن» دېگەن نام 1883 ـ يىلى لېيپزىگدە نەشر قىلدۇرغان.

رادلوف 1871 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا بارنائۇلدىن ئايرىلغان. پېتېربۇرگقا قايتىش يولىدا قازاندىكى رۇس مىسسىيونېرى ن.ئى. ئىلمىنسكىي (1822 ـ 1891)نىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ قىسقا ۋاقىت تۇرۇپ قالغان. 15 يىل قازاندا ۋە مىسىردىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇغان ئىلمىنسكىي ئاشۇ ۋاقىتتا قازاندىكى ئىلاھىيەت ئاكادېمىيەسىدە پروفېسسور بولۇپ ئىشلەۋاتقاندى. ئىلمىنسكىي ئىدىل بويلىرىدىكى تاتار ۋە باشقۇرتلارنى تولۇق چۈشىنىدىغان ۋە تۈركچىنى يەرلىكلەردىن ھېچ پەرقلەنمەيدىغان دەرىجىدە ياخشى سۆزلەيدىغان بولۇپ، تاتار ۋە باشقۇرتلار ئارىسىدا پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن خرىستىئان دىنىنى تارقىتىۋاتقاندى. شۇ ۋاقىتتا قازان مائارىپ مۇدىرى شېستاكوف ئىلمىنسكىينىڭ ئۆيىدە رادلوف بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنى ئىدىلدىكى مۇسۇلمان مەكتەپلىرىنىڭ مۇپەتتىشلىكىگە تەكلىپ قىلغان. بۇنى مەجبۇرى خرىستىئانلاشتۇرۇلغان مازانلىقلار (كرەشىنلەر) غا ئائىت مەكتەپلەرنى باشقۇرىدىغان ئىلمىنسكىينىڭ پائالىيەتلىرىگە پاراللېل بىر خىزمەت دېيىشكىمۇ بولاتتى. بۇ تەكلىپنى ئاساسەن قوبۇل قىلغان رادلوف بۇ خىزمەتنىڭ پىلانى ھەققىدە شېستاكوف بىلەن ئەتراپلىق سۆزلەشكەندىن كېيىن پېتېربۇرگقا قايتقان. شېستاكوفمۇ بۇ مەسىلىنى چار رۇسىيەنىڭ مائارىپ مىنىستىرى گراف د.ئا. تولستوي (1823 ـ 1889) غا دوكلات قىلغان. رادلوف شاھزادە كونستانتىن نىكولايېۋىچ ۋاستىسى بىلەن بۇ ئىشنىڭ دۆلەت شۇراسىدا غەيرىي رەسمىي شەكىلدە مۇزاكىرە قىلىنىشىنى تەكلىپ قىلغان ۋە مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن خەلق مەكتەپلىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە غەربىي ياۋروپاغا زىيارەتكە بارغان. رادلوف بېرلىندا چار رۇسىيەنىڭ مائارىپ مىنىستىرى تولستوي تەرىپىدىن ئويۇشتۇرۇلغان بىر زىياپەتتە ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن «ئاز سانلىق مىللەتلەر» نىڭ مەكتەپلىرى ھەققىدە نۇتۇقمۇ سۆزلىگەن.

1872 ـ يىلى مۇسۇلمان مەكتەپلىرى مەسىلىسى ھەل بولغان. رادلوف قازان رايونىدىكى تاتار، باشقۇرت ۋە قازاق مەكتەپلىرىنىڭ مۇپەتتىشلىكىگە تەيىنلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى 1884 ـ يىلىغىچە رادلوفنىڭ ھاياتى قازاندا ئۆتكەن. بۇ رادلوفنىڭ رۇسىيەدىكى ھاياتىنىڭ ئىككىنچى دەۋرىدۇر. بۇ مەزگىلدە ئۇ پېداگوگىكا، پەلسەپە ۋە ئومۇمىي تىل مەسىلىلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇ ۋاقىتتا رۇسىيەدە رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ (رۇسلارنىڭ تەبىرى بويىچە «ئاز سانلىق مىللەتلەر»نىڭ) دۆلەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان مەكتەپلىرى يوق ئىدى. تاتار مەدرىسلىرىگە مەھەللە

باشلىقلىرى ياكى يەرلىك باي كىشىلەر ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. مىسيونېر مەكتەپلىرى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق بولۇپ، مائارىپ مىنىستىرلىكى ئىزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئويغىنىشى ۋە تەربىيىلىنىشىگە قارشى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا دىنىي مۇتەئەسسىپلىكنىڭ تەسىرى ۋە «رۇسلىشىش» خەۋپى سەۋەبىدىن تاتار ۋە باشقۇرت ئاھالىلىرى ئىچىدىمۇ يېڭىچە ئۇسۇلدىكى مەكتەپلەرگە قارشى كەيپىيات بار ئىدى. شۇ سەۋەپلىك، رادلوف قازاندا ئالدى بىلەن دارۇل مۇئەللىمىن، يەنى مۇئەللىملەر مەكتىپى ئېچىش بىلەن ئىش باشلىغان. بۇ مەكتەپمۇ پەقەت 1876 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاران ئوقۇش باشلىلغان. مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرى ئاساسەن رۇسلاردىن بولۇپ، تاتارلاردىن پەقەت ھايۋانات دوختۇرى تېرېگۇل، قازان ئۇنىۋېرستېتىنىڭ مۇئەللىملىرىدىن ئاھمەر قاتارلىق بىر قانچە كىشى تەكلىپ قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا رادلوف قازانلىق تارىخچى شەھابىددىن مەرجانى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە غەرب دۇنياسىغا مەلۇمات بەرگەن. مەرجانى قازان ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان تۇنجى ئىمامدۇر. ئۇمۇ كېيىن رادلوفنىڭ قازاندا ئاچقان مۇئەللىملەر مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، تارىخ ۋە ئىسلام دىنى بىلىملىرىدىن دەرس ئۆتكەن. رادلوف قازان مۇئەللىملەر مەكتىپىدە تەبئىي پەن دەرسلىرىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. دەسلەپكى يىللاردا بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلار باللاردىن ئەمەس، بەلكى قورامىغا يەتكەنلەردىن، ئىمام نامزاتلىرى ئىچىدىن تاللانغان. خەلقنى گۇماندىن خالاس قىلىش ئۈچۈن مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلاردىن دىنىي بىلىم بويىچە قاتتىق ئىمتىھان ئېلىنغان.

بۇ جەرياندا رادلوف يەنە مۇسۇلمان قىز ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈنمۇ بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچماقچى بولغان. لېكىن، ھېچقانداق بىر قازى ياكى ئۆلۇما بۇ خىل مەكتەپتە دەرس ئۆتۈشنى قوبۇل قىلمىغان. قىزلار مەكتىپى ئاخىرى ئوقۇمۇشلۇق بىر ئايالنىڭ ئۆيىدە ئېچىلغان بولسىمۇ، بۇ تۇنجى سىناق ئۇزۇنغا بارمىغان. چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئازلىقىنى سەۋەپ قىلىپ بۇ مەكتەپنى تاقىۋەتكەن.

قازاندىكى كونا جامەلەرنى رېمونت قىلىش مەزگىلىدە چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى بۇ جامەلەرنىڭ يېنىدا بىردىن رۇس مەكتىپى ئېچىشنى قاتتىق شەرت قىلغاندا، رادلوف بۇنىڭغا قارشى چىققان ۋە رۇس مەكتىپىنىڭ ئورنىغا مۇسۇلمان مەكتەپلىرىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ مەسىلىدە ئۇ ئىككى تەرەپتىن كەلگەن قارشىلىققا دۇچ كەلگەن. بىرى، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى يەرلىك خەلقنىڭ ئويغىنىشىنى خالىمايتتى. يەنە بىرى، مۇسۇلمان ئاھالىسى بولسا رادلوفنى مىسيونېر تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇيتتى. بەزى مۇتەئەسسىپ كىشىلەردىن پارا ئالغان رۇس ساقچىلىرى تاتارلارنىڭ ئىچىدىكى كونىلىقنى ياقلايدىغان نادان كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ رادلوفقا قارشى چىققان. لېكىن، بۇ خىل قارشىلىقلارمۇ ئۆتكۈنچى بىر ھادىسە سۈپىتىدە ئاستا ـ ئاستا بېسىقىپ قالغان. بىر قانچە يىل ئىچىدە ئىدىل بويلىرىدىكى تاتارلار ۋە باشقۇرتلار ئارىسىدىلا ئەمەس، يەنە رۇسىيە تەۋەسىدە ياشايدىغان بارلىق تۈركىي قوۋملەردە كەڭ كۆلەملىك بىر مەدەنىي گۈللىنىش ھەرىكىتى ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ يولدا ئىشلەنگەن ھەر بىر ھەرىكەتتە رادلوفنىڭ تەسىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىش توغرا بولمىسىمۇ، شۇ ۋاقىتتا چار رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ رادلوفنى « تۈركلەردە رۇسلارغا قارشى ئاڭ پەيدا قىلغان» دەپ ئەيىپلىگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ قىلغان

ھەرىكەتلىرىنىڭ رۇسىيە چېگرىسى ئىچىدىكى تۈركىي قوۋملەرنىڭ ئويغىنىشىنى تېزلاشتۇرۇشتا ياردەمچى رول ئوينىغانلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، رادلوف چار رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تاتار ۋە باشقۇرتلارنى رۇسلاشتۇرۇش ھەققىدىكى سىياسىتىنى چەكلەش توغرىسىدا ھۆكۈمەتكە خېلى كۆپ دوكلات سۇنغاندىن باشقا، يەنە بۇ سىياسەتنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ھەققىدە مەخسۇس ماقالىلارنى يازغان. ئۇ قازاندا تۇرغان مەزگىللەردە ئىدىل بويلىرى ۋە قىرىمدىكى تاتارلار ئارىسىدا مەتبەئە، نەشرىياتلار بارلىققا كېلىپ، گېزىت، ژۇرنال ۋە مەجمۇئەلەر نەشر قىلىنغان، بۇلارنىڭ سانى يىلدىن يىلغا كۆپەيگەن. بۇ ھەرىكەتلەر 1905 ـ يىلىغا كەلگەندە كەڭ كۆلەملىك بىر ئىنقىلاپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. دېمەك، رادلوفنىڭ قازاندا مۇپەتتىشلىك قىلغان چاغدا ئىشلىگەن مەمۇرى خىزمىتى ئىلمىنسكىينىڭ شۇ خىل خىزمىتىدىن ماھىيەت جەھەتتە كۆپ پەرقلەنگەن. ئۇ تۈركىي قەۋملەرگە بىر خىل مۇھەببەت بىلەن قارىغان، ئۇلارنىڭ ئويغىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەن.

رادلوف قازاندا تۇرغان 12 يىل جەريانىدا 11 پارچە ئەسەر ئېلان قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش مەقسىتىدە يازغان «نېمىسچە دەرسلىك»، «بىلىك» (قازان تاتارچىسىدىكى دەرسلىك كىتاب)، «تاتارلار ئۈچۈن رۇس تىلى گرامماتىكىسى» دېگەن كىتاپلىرىنى، 1872 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر» دېگەن كىتابىنىڭ 4 ـ تومىنى، ئۇنىڭ رۇسىيە ۋە خەلقارادىكى ئوبرازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن «شىمالىي تۈرك شىۋىلىرىنىڭ سېلىشتۇرما گرامماتىكىسى ـ فونېتىكا» (1882 ـ 1883 ـ يىللىرى)، «سىبىرىيەدىن» دېگەن ئەسەرلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكتۇر. بۇلاردىن «شىمالىي تۈرك شىۋىلىرىنىڭ گرامماتىكىسى ـ فونېتىكا» دېگەن كىتابى لېيپزىگدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا رادلوف تۈركىي تىل شىۋىلىرىنىڭ فونېتىكىسى ھەققىدە توختىلىش بىلەن بىرلىكتە بۇ شىۋىلەرنىڭ تەسنىفىنى ئىشلىگەن. يۇقىرىدىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، «سىبىرىيەدىن» دېگەن ئەسىرىنىڭ مەزمۇنى تارىخ، تىل، ئارخېئولوگىيە، ئېتنىك قۇرۇلما، تۇرمۇش شەكلى، جەمئىيەت تەشكىلى، ھاكىمىيەت، ئەسكەرلىك، قانۇن، دىن، سەنئەت، مائارىپ، تېبابەت، مەدەنىيەتچىلىك، بوتانىكا، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ھۈنەر ـ كەسىپ، قاتناش، سودا، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مۇراسىم قاتارلىق 30 نەچچە ساھەگە چېتىلغان. بۇ ئەسەر تۈركولوگىيەدىن سىرت سوتسىيالوگىيەنىڭ باشقا تارماقلىرىغا ئائىت تەتقىقاتلارنىمۇ مۇھىم مەنبەلەر بىلەن تەمىنلىگەچكە، ئىلىم دۇنياسىدا «غەربىي سىبىرىيە ئېنسىكلوپېدىيەسى» دېگەن نام بىلەن تەرىپلەنگەن.③ 1894 ـ يىلى پېتېربۇرگدا نەشر قىلىنغان «سىبىرىيەدىكى قەدىمكى يادىكارلىقلار» دېگەن كىتابىدىمۇ سىبىرىيەدە ۋە موڭغۇلىيەدە يېڭىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار ۋە قەدىمكى ئىزلار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن.

رادلوف قازاندا مۇپەتتىشلىك ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولغان مەزگىلدىمۇ تاتارلار، باشقۇرتلار، قازاق ـ قىرغىزلارغا ئائىت خەلق ئەدەبىياتى ئۆرنەكلىرىنى توپلىغان. 1882 ـ يىلى بېرلىندا ئېچىلغان «5 ـ قېتىملىق خەلقارا شەرقشۇناسلار كونگرېسى» گە قاتنىشىپ، «سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ تىل تەرەققىياتىدىكى تەسىرى» دېگەن تېمىدا ماقالە ئوقۇغان.

www.uyghurkitap.com



1884 - يىلى رادلوف قازاندىكى ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ پېتېربۇرگقا يۆتكەلگەن. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى رادلوف پېتېربۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ ۋە قەدىمكى ئەسەرلەر بۆلۈمىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن. يەنى رادلوف 47 يېشىدا « ئاكادېمىك» دېگەن ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، رادلوفنىڭ ھاياتى پېتېربۇرگدا ئۆتكەن. بۇ ئۇنىڭ رۇسىيەدىكى ھاياتىنىڭ ئۈچىنجى دەۋرىدۇر. رادلوف پېتېربۇرگدا مەخسۇس ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرلىكتە يەنە ئىلمىي ئورگانلارنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىگەن. 1885 - يىلدىن 1890 - يىلىغىچە پېتېربۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاسىيا مۇزېيىنىڭ مۇدىرى بولغان. يەنە پېتېربۇرگ بۇددا ئىبادەتخانىلىرى قۇرۇلۇش كومىسسىيونىنىڭ مۇدىرى بولغاندىن سىرت، 1894 - يىلدىن باشلاپ تاكى ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر پېتېربۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئانتروپولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە مۇزېيىنىڭ مۇدىرى، سىبىرىيە تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە رۇس ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى ۋە جۇغراپىيە جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي ئورگانلارنىڭ ئەزاسى بولغان. رادلوف رۇسىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا پروفېسسورلۇق سالاھىيەت بىلەن دەرس ئۆتمىگەن بولسىمۇ، بىر مۇنچە ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرگەن. ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا ن.ف.كاتانوف، پ.م. مېلىئورانسكىي، س.ئې. مالوف، ئا.ن.ساموﻳلوۋىچ ۋە ۋ.ۋ. بارتولد قاتارلىق مەشھۇر تۈركولوگلار بار. يەنە موڭغۇلشۇناس ب . ي . ۋلادىمىرتسوفمۇ ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسىدۇر. 1889 - يىلى رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن « 12 - قېتىملىق خەلقارا شەرقشۇناسلار كونگرېسى» دە رادلوف باش مەركىزى پېتېربۇرگدا بولۇش شەرتى بىلەن ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيا تەتقىقات كومىتېتى قۇرۇش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ تەكلىپ 1902 - يىلى ھامبۇرگدا ئېچىلغان « 13 - قېتىملىق خەلقارا شەرقشۇناسلىق كونگرېسى» دە مۇزاكىرە قىلىنىپ تەستىقلانغان. شۇنداق قىلىپ رادلوف ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خەلقارالىق بىر ئىلمىي تەشكىلاتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. رادلوف پېتېربۇرگدا يەرلەشكەندىن كېيىن، پۈتكۈل دىققىتىنى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا قاراتقان ۋە بۇ مەزگىلدە نەشر قىلدۇرغان ئەسەرلىرىنىڭ سانىمۇ 100 پارچىغا يەتكەن. بۇ مەزگىلدە رادلوف تۈركىي قوۋملەرنىڭ مەۋجۇت تىل شىۋىلىرى، ئېغىز ئەدەبىياتى، فولكلورى، ئېتنوگرافىيەسى ھەققىدە بۇرۇن توپلىغان ماتېرىياللىرىنى رەتلەش ۋە ئېلان قىلىش بىلەن بىرلىكتە قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركىي تىلنى ھەمدە شۇ تىلدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە باشقا ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىشقا يۈزلەنگەن. بۇ ساھەدە ئۇنىڭ تۈركىي تىلنىڭ شىۋىلىرى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت تەتقىقاتلىرى گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ.

تۈركولوگىيە تارىخىدا تۈركىي تىل شىۋىلىرىنىڭ تەسنىفى مەسىلىسى پات - پات مۇنازىرە قىلىنىدىغان تېما بولۇپ، رادلوفنىڭ يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان « شىمالىي تۈرك شىۋىلىرىنىڭ گراممatikىسى - فونېتىكا » دېگەن كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەسنىفى بۇ يولدىكى يېڭى بىر تەجرىبە ئىدى. كېيىن رادلوفنىڭ تەسنىفى ئا.ن. ساموﻳلوۋىچ تەرىپىدىن تولۇقلانغان. ئۇنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيەدە توپلىغان تىل ئۆرنەكلىرىنى ئېلان قىلغان «تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر » دېگەن كىتابى ئەسلى يەتتە توملۇق ئەسەر بولۇپ، بۇ تۈركىي تىلشۇناسلىقى ئۈچۈن ناھايىتى باي بىر دىيالېكتولوگىيەلىك مەنبەدۇر. رادلوف بۇ

ئەسەرگە ئۇنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئىگناس كۇنۇسنىڭ (8 - قىسىم)، ن. ف. كاتانوفنىڭ (9 - قىسىم) ۋە ۋ. موشكوفنىڭ (10 - قىسىم) ئەسەرلىرىنى قوشۇپ ئېلان قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ئون توملۇق چوڭ بىر تىل ئېنسىكلوپېدىيەسىگە ئايلاندۇرغان.

رادلوفنىڭ ئەڭ چوڭ ئەسىرى «تۈرك شېۋىلىرى لۇغىتىنىڭ تەجرىبىسى» دېگەن كىتابىدۇر. رادلوف دەستلەپتە لۇغەتكە ئۆزىنىڭ بارنائۇلدا ۋە قازاندا تۇرغان مەزگىللەردە توپلىغان تىل ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلغان، كېيىن ئۇنى ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى، قەدىمكى تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى، «قۇتادغۇ بىلىگ»، «كودېكس كومانىكس»، ئوسمانلىيچە ۋە كونا ئۇيغۇرچە (تۈركىي) ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلىدىنمۇ سۆزلۈك تاللاپ تولۇقلاش ئارقىلىق تەجرىبە ئورنىدا تۈزگەن شۇڭا، ئەسەرگە «تۈرك شېۋىلىرى لۇغىتىنىڭ تەجرىبىسى» دەپ نام بەرگەن. 1888 - 1911 - يىللار ئارىسىدا نەشر قىلىنغان بۇ لۇغەت تۆت توملۇق ۋە چوڭ ھەجىملىك بىر ئەسەر بولۇپ، بۇ تۈركىي تىل ۋە ئۇنىڭ شېۋىلىرى ھەققىدە يېزىلغان ئەڭ چوڭ لۇغەتتۇر.⑤ بارلىق تۈركىي قوۋملەرنىڭ تىل ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق مېتودى بويىچە تۈزۈلگەن بۇ لۇغەت رادلوفنىڭ ئەڭ كاتتا ۋە پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر ئەسىرىدۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ تۈركولوگىيە ساھەسىدە بۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئەسەر ئۇچرىمايدۇ. تۈركىي تىل ۋە ئۇنىڭ شېۋىلىرى ھەققىدە بۈگۈنگە قەدەر بۇنىڭدىن چوڭ بىر ئەسەر مەيدانغا كەلمىدى. شۇڭا، بۇ ئەسەر ئىلىم ساھەسىدە «تۈركولوگىيەدە يېڭى بىر دەۋر ئاچقان ئەسەر» دەپ تەرىپلەنمەكتە.⑥ تۈركىي تىللارنىڭ شېۋىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغان ۋە بۈگۈنگە قەدەر ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەن بۇ ئابىدىۋي ئەسەرنىڭ يېڭى نەشرى 1963 - يىلى گرونىنگېندە، 1964 - يىلى موسكۋادا بېسىلدى. تۈركولوگىيە ساھەسىدە بۇ لۇغەت «رادلوف» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. شۇڭا، لۇغەتنىڭ ئا.ۋون گابائىن بىلەن ۋ.ۋېنكېرنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە نازارىتى ئاستىدا تۈزۈلگەن نېمىسچە ئىندېكسىگە «رادلوف» دەپ نام بېرىلگەن.⑦

رادلوفنىڭ دىيالېكتولوگىيە نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا چىققان مەزگىللەردە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دېگەن ئەسىرى تېخى بايقالمىغان بولغاچقا، ئىلىم ساھەسى رادلوفنى «تۈرك دىيالېكتولوگىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى» دېگەن نام بىلەن خاراكتېرلەندۈرگەنىدى. ھەقىقەتەن، رادلوف تۈركىي تىللارنىڭ شېۋىلىرى تەتقىقاتىدا ۋە سېلىشتۇرما تۈركىي تىلشۇناسلىقى ساھەسىدە بىر دەۋر ئاچقان ئالىم بولۇپ، ئۇنى «19 - ئەسىردىكى مەھمۇد كاشغەرىيدۇر» دەپ تەرىپلەشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تۇنجى قېتىم قەدىمكى تۈرك تىلى گرامماتىكىسىنى يازغان كىشى يەنە رادلوفتۇر. ئۇنىڭ «قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ قىسقىچە گرامماتىكىسى» دېگەن كىتابى 1897 - يىلى پېتېربۇرگدا نەشر قىلىنغان.

رادلوف تۈركىي تىللارنىڭ سېلىشتۇرما گرامماتىكىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن تۈركىي تىل لەھجىلىرىنى ۋە نۇرغۇن تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىل شېۋىسىنى تەتقىق قىلىپ، بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرنى توپلىغان. ئۇ مەنبەلەرنى كۆپرەك توپلاش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقاندا ئەسلى مەنبەلەرنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە يازما ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىشنى توغرا تاپقان. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ ئالدى بىلەن قىپچاق تىلىنىڭ سۆزلۈكى «كودېكس كومانىكس»(«قۇمان تىلى كودېكسى») نى، سەلجۇقىيلارغا ئائىت شېئىرلارنى، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ

ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يارلىقلىرىنى،كونا كونا ئۇيغۇر (چاغاتاي) ئەدەبىياتىنىڭ خاتىرە ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان رابغۇزىنىڭ «مىراجنامە» دېگەن ئەسىرىنى ۋە «قۇتادغۇ بىلىگ»نى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان. رادلوف بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى بىلەن ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىكى تۈركىي تىللارنىڭ ھەر قايسى شۋىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. بۇ جەرياندا ھەممىدىن ئاۋۋال «قۇتادغۇ بىلىگ» كە دىققىتىنى قاراتقان. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن قولغا ئالغىنى «قۇتادغۇ بىلىگ» بولدى. ئۇ بۇ ئەسەر ئۈچۈن 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقتىنى سەرپ قىلغان. 1823 - يىلى ئامېدې ژائۇبېرت «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ ۋېنا نۇسخىسى ھەققىدە ئىلىم دۇنياسىغا تۇنجى بولۇپ مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن، 1870 - يىلى ھۇنگرىيەلىك شەرقشۇناس ۋامبېري «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ ۋېنا نۇسخىسىدىن 915 بېيىتنى تاللاپ، ئۇنىڭ ترانسكرىپسىيەسىنى، نېمىسچە تەرجىمىسىنى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن سۆزلۈكىنى ئىلان قىلغان. بۇ ئىلىم دۇنياسىدا «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ شۇنداقلا قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي يادىكارلىقىنىڭ بىرىنچى ئىلمىي نەشرى ھېساپلىناتتى. ۋامبېري ئەسەرگە يازغان كىرىش سۆزىدە ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەملىكەتلىرى، ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە تىل يادىكارلىقلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ۋە يېزىقلىرى، «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ مەنبەسى ۋە تارىخى ھەققىدە توختالغان. ۋامبېري بۇ ساھەدە چوڭ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەشرى تولۇق ئەمەس ئىدى. ۋامبېرىنىڭ ئۆزىمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلغان ۋە بۇ ئەسەرنى كېيىن باشقىلارنىڭ تولۇق نەشر قىلىشىنى ئارمان قىلغان. ۋامبېري ئارمان قىلغان كىشى شۇ ۋاقىتلاردا دەل رادلوف بولدى. رادلوف 1884 - يىلى «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ فاكسىمىلىنى ئېلىش ئۈچۈن ۋېناغا بارغان. ئۇ يەردىن قايتىپ 1886 - يىلى قىرىمدا، 1887 - يىلى غەربىي كارايلار ئارىسىدا ئىلمىي زىيارەتتە بولغان. رادلوف 1890 - يىلى «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ ۋېنا نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلىنى نەشر قىلدۇرغان. فاكسىمىلىنىڭ كەينىگە قوشۇمچە قىلىپ ‹ئوغۇزنامە› داستانىنىڭ ئالدىنقى سەككىز بېتىنىڭ فاكسىمىلىنىمۇ بەرگەن. ئىككىنچى يىلى ‹قۇتادغۇ بىلىگ› نىڭ مەتنىنىڭ مانجۇ يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيەسىنى نەشر قىلغان. بۇ ترانسكرىپسىيەگە قوشۇمچە قىلىنغان كىرىش سۆزدە ۋامبېري ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە قولغا ئېلىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا ئائىت مەلۇماتلار بىر يەرگە توپلانغان.«ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە دائىر» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا يېزىلغان بۇ كىرىش سۆز كېيىن پ. مېلىئورانسكىي تەرىپىدىن رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1893 - يىلى ئالاھىدە بىر كىتاپ بولۇپ نەشر قىلىنغان. مانا بۇ تەييارلىقلاردىن كېيىن رادلوف ئەسلى مەتننى ئوقۇش ۋە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن. 1897 - يىلى مەتبەئەگە بېرىلگەن بۇ ئۈچىنچى ئەسىرىنىڭ 64 بېتى تىزىلىپ بولغاندا، مىسىردىكى ھىدىۋ كۇتۇپخانىسىدا «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن يەنە بىر نۇسخىسىنىڭ تېپىلغانلىقى مەلۇم بولغان.

رادلوف ئەسەرنىڭ مەلۇم بولغان نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىش ۋاقتىنى بىر مەزگىل كەينىگە سۈرگەن. ئۇ ھىدىۋ كۇتۇپخانىسىنىڭ مۇدىرى مورىتزگە خەت يېزىپ، «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ قاھىرە نۇسخىسىنىڭ بىر فوتوكوپىيىسىنى ئەكەلدۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ ئىككى نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئىشلىگەن

ترانسكرىپسىيەسى بىلەن ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى ئىككى توم قىلىپ، بۇنىڭ 1 ـ تومىنى 1900 ـ يىلى، ئىككىنچى تومىنى 1910 ـ يىلى نەشىر قىلدۇرغان. ۋامبېري ئەسەرنىڭ نەشرىدە پالېئوگرافىيە ۋە تىل جەھەتتىن خېلى كۆپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان. رادلوف ۋامبېرىغا سېلىشتۇرغاندا، «قۇتادغۇ بىلىگ» نى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشرگە تەييارلاشتا كەڭ دائىرىلىك ئىزدەنگەن ۋە زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ ئەسەرنىڭ نەشرىدە دۇچ كەلگەن بارلىق قېيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمىغان. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئەمگەكلىرى « قۇتادغۇ بىلىگ» نى ئىلمىي نوقتىدىن تونۇشتۇشتا مۇھىم بىر باسقۇچ تەشكىل قىلدى. رادلوفنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» تەتقىقاتىدىكى خاتالىقلىرى كېيىن ۋ. تومسېن، رەشىد رەھمەتى ئارات ۋە مالوف تەرىپىدىن تۈزۈتىلدى.

رادلوفنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىللار ھەققىدىكى تەتقىقاتى يەنە ئايرىم بىر تارىختۇر. 7 ـ 9 ـ ئەسىرلەردە ئورقۇن ۋە سېلىنگا دەرياسى ۋادىلىرىدا كۆكتۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان مەڭگۇ تاشلار ھەققىدە خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى قىسمەن ئۇچۇرلار بىلەن جۇۋەينىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ياۋروپالىقلار بۇ مەڭگۇ تاشلار ھەققىدە پەقەت 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە خەۋەر تاپقان. بۇ مەڭگۇ تاشلارنى تونۇشتۇرۇشتا گوللاندىيەلىك ن.س. ۋىتسېن، چار پادىشاھى پېتېر دەۋرىدە ياشىغان س.ئۇ. رېمېزوف ۋە 1709 ـ يىلدىكى پولشا ئۇرۇشىدا رۇسلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلىنغان شىۋېتسىيەلىك ئوفتسېر سترالېنبېرگ مۇھىم رول ئوينىغان. 1818 ـ يىلى گ. سپاسكى «سىبىرىيە خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىدا بۇ تاشلارنىڭ ئۈستىدىكى سىرلىق يېزىق

بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. بۇ ماقالە كرۇگ تەرىپىدىن لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ 1822 ـ يىلى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ دىققىتى بۇ سىرلىق يېزىققا چۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئورقۇن ۋە يېنىسەي(ئاناساي) دەرياسى بويلىرىدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر باشلانغان. بۇ ئىشتا فىنلاندىيە بىلەن چار رۇسىيە ئەڭ تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرغان. بۇ ئىككى دۆلەت 1889 ـ 1892 ـ يىللاردا كەينى كەينىدىن سىبىرىيەگە تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتكەن. چار رۇسىيەنىڭ 1891 ـ يىلى ئەۋەتكەن ئىككىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە رادلوف باشچىلىق قىلغان. رادلوف مەڭگۇ تاشلارنى سۈرەتكە ئالغاندىن باشقا يەنە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردۇ بالىقنىڭ خارابىسىنىمۇ تەكشۈرگەن. فىنلاندىيەدە مەڭگۇ تاشلارنىڭ ئاتلىسى ئېلان قىلىنغان. رادلوفمۇ 1892 ـ يىلى مەڭگۇ تاشلارنىڭ ئاتلىسىنى ئېلان قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۇ تاشلارنىڭ ئۈستىدىكى نامەلۇم يېزىقنىڭ سىرىنى ئېچىش ئالىملارنىڭ ئەڭ دىققىتىنى تارتقان مەسىلىگە ئايلانغان. بۇ مەسىلىگە ئەڭ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەنلەر دانىيەلىك تۈركولوگ ۋ. تومسېن بىلەن رادلوف بولدى. ئۇلار ئىككىسى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بۇ يېزىقنىڭ سىرىنى ئېچىشقا كىرىشكەن. تومسېن مەڭگۇ تاشلارنىڭ فىن مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان فوتوسۈرىتىگە ۋە رادلوفنىڭ ئاتلىسىغا تايىنىپ بۇ يېزىقنىڭ سىرىنى يەشكەن ۋە تەتقىقات نەتىجىسىنى 1893 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ئوتتۇرىغا قويغان. تومسېن بۇ نەتىجىسىنى يەنە مەكتۇپ ئارقىلىق رادلوفقا بىلدۈرگەن. تومسېننىڭ مۇۋاپىقىيىتى تۈركولوگلار ئارىسىدا قاتتىق زىلزىلە قوزغىغان. بۇ چاغدا رادلوفمۇ 11 ھەرپىنىڭ تاۋۇشىنى ئېنىقلاپ بولغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تومسېن مەڭگۈ تاشلارنىڭ مەتنى ۋە تەرجىمىسىنى 1896 ـ يىلى ئېلان قىلغان. لېكىن، رادلوف تومسېنىنىڭ نەشرىنى كۈتۈپ ئولتۇرماي، 1894 ـ يىلى ئۆزىنىڭ بېكىتكەن ئالفابە سىستېمىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق مەڭگۈ تاشلارنىڭ پۈتۈن تېكىستىنى ئوقۇپ چىققان. بۇ ھەقتىكى تۇنجى تەجرىبىسىنى« موڭغۇلىيەدىكى قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈ تاشلار ـ شاھزادە كۆل تېگىن ئابىدىسى ـ I» دېگەن نام بىلەن 35 بەتلىك بىر بىراشۇرا قىلىپ بېسىپ كەسپداشلىرىغا تارقاتقان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ تېكىستىنى نېمىسچىگە تەرجىمە قىلىپ، ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ ئېلان قىلغان. رادلوف تۈرك تىلى ۋە تارىخى ھەققىدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ مەڭگۈ تاشلار ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنى بىر قۇر ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، 1897 ـ يىلى بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ يېڭى بىر نەشرىنى ئېلان قىلغان. بۇ نەشرىدە مەڭگۈ تاشلارنىڭ مەتنى ۋە تەرجىمىسىنى بېرىش بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ تىلىنى فونېتىكا ۋە گراماتىكا نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلغان. خاتىمە سۈپىتىدە ئەسەرگە بىر سۆزلۈكنىمۇ ئىلاۋە قىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ كەينىگە يەنە ۋىلھېلم بارتولدنىڭ «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلارنىڭ تارىخى ئەھمىيىتى» دېگەن ماقالىسىنىمۇ قوشۇپ ئېلان قىلغان. 1897 ـ يىلى رادلوف ف. م. مېلىئورانسكىي بىلەن بۇ ئەسەرنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى « قوشۇ سايدامدىكى قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلارى » دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا 1897 ـ يىلى د. كلېمېنتزنىڭ ئايالى ئې. كلېمېنتز تاپقان تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى ھەققىدىكى كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. بۇنىڭدا مەڭگۈ تاشنىڭ ترانسكرىپسىيەسىنى ۋە ئۇنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان. ئەسەرنىڭ كەينىگە ف. ھىرت بىلەن ۋ. بارتولدنىڭ بۇ مەڭگۈ تاشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ماقالىلىرىمۇ بېرىلگەن. رادلوف ئاناساي ۋادىسىدىن تېپىلغان 40 دانە مەڭگۈ تاشنىڭ، خويتۇ تامىردىن تېپىلغان 10 دانە مەڭگۈ تاشنىڭ، موڭغۇلىيەدىن تېپىلغان 6 دانە مەڭگۈ تاشنىڭ تېكىستىنى تۇنجى بولۇپ ئوقۇغان، تەرجىمە قىلغان، سۆزلۈك ۋە گراماتىكىسىنى ئىشلىگەن ئالىمدۇر. رادلوف قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى ھەققىدە يەنە بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە داۋام قىلغان.

رادلوفنىڭ تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ۋەسىقىلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتىمۇ تۈركولوگىيە تارىخىدا ئالاھىدە بىر ئورۇن تۇتىدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە شىنجاڭدىن تۈرلۈك تىل ـ يېزىقتىكى قەدىمكى ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلىشى بىلەن شەرقشۇناسلار ئارىسىدا شىنجاڭ قىزغىنلىقى كۈچەيگەن. فرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، چار رۇسىيە، شۋېتسىيە ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، تۇرپان، كۇچا، خوتەن ۋە دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن نۇرغۇن قەدىمكى ۋەسىقىلەرنى تاپقان. بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ چار رۇسىيەنىڭ تۈرلۈك ناملاردا ئوتتۇرا ئاسىياغا، جۈملىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ساياھەتچىلىرى تەرىپىدىن توپلانغان ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسى پېتېربۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە تاپشۇرۇلغانىدى. بۇ ۋەسىقىلەر رۇسىيەدە تۇرپانشۇناسلىق شۇنداقلا ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن مۇھىم بىر ئاساس ھازىرلىغانىدى. چار رۇسىيەدە يېتىشكەن ئالىملار ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ ئۇيغۇرلار ھەققىدە زىيارەت دوكلاتى يازغىنى ۋە ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە تەتقىقات يۈرگۈزگىنى چوقان ۋەلىخانوف (1837 ـ 1865) بولدى. لېكىن، چوقان ۋەلىخانوف ناھايىتى ياشلا ئۆلۈپ

كەتكەچكە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە كۆپ نەرسە مىراس قالدۇرالمىغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ رۇسىيەدە ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىدە يول ئاچقۇچى بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلى تەۋەسىدە ۋە قاپالدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆپ تەرەپلىمە ماتېرىيال توپلىغان رادلوفنىڭ تۇركولوگىيە تەتقىقاتىدا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى مەخسۇس بىر ساھەنى تەشكىل قىلغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە رادلوفنىڭ ‹‹قۇتادغۇ بىلىگ››نى قولغا ئېلىشى بىلەن بۇ ساھە ھەققىدىكى تەتقىقاتلار كۈچىيىشكە باشلىغان. شۇ مەزگىلدە شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئىزلاردا بايقالغان ۋەسىقىلەر پېتېربۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئائىت يازما يادىكارلىقلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان. بۇ ساھەدە يېتەكچى رول ئوينىغان كىشى يەنىلا رادلوف بولدى. رادلوفنىڭ تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدىكى تەتقىقاتى 1898 ـ يىلى باشلانغان. شۇ يىلى رادلوف پېتېربۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەۋەتكەن بىر ئۆمەككە باشچىلىق قىلىپ تۇرپانغا ئىلمىي تەكشۈرۈشكە كەلگەن. رادلوف قولغا ئالغان ۋەسىقىلەر ئىچىدە بۇددا، مانى دىنلىرىغا ئائىت قوليازمىلاردىن باشقا يەنە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە قانۇنىي ھۆججەتلەرمۇ بار ئىدى. رادلوف 1899 ـ يىلى ‹‹تۇرپاندا بايقالغان قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا ئائىت تىل تەتقىقاتلىرى›› دېگەن ئەسىرىنى، 1906 ـ يىلى ئا. گرۈنۋېدېلنىڭ ساياھىتى مەزگىلىدە تېپىلغان ئۇيغۇرچە تېكىستلەرنى ۋە ‹‹12 ـ ئەسىرگە ئائىت بىر پارچە ئۇيغۇرچە تېكىست›› دېگەن ئەسىرىنى، 1909 ـ يىلى ‹‹خۇئاستۇئانىفت›› (ئىنجىل)، (‹‹مانى دىنى تۆۋە دۇئاسى››) نى، 1910 ـ يىلى ‹‹تىشاستۇۋستىك›› نى، 1911 ـ يىلى ‹‹سەككىز يۈكمەك›› ۋە ‹‹كۇئانشى ئىم

پۇسار››نى ئېلان قىلغان. يەنە 1909 ـ 1912 ـ يىللاردا قەدىمكى ئۇيغۇرچە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان‹‹قەدىمكى تۈرك تىلى تەتقىقاتلىرى›› دېگەن ئالتە توملۇق كىتابىنى نەشىر قىلدۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا رادلوف ‹‹ئالتۇن يارۇق›› دېگەن مەشھۇر ئەسەرنى تەتقىق قىلىشتىمۇ باشلامچى شەخس بولدى. 1913 ـ 1917 ـ يىللاردا رادلوف ئوقۇغۇچىسى مالوف بىلەن بىرلىكتە <<ئالتۇن يارۇق>>نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن تىزدۇرۇلغان مەتىنىنى ئېلان قىلغان. ئارقىدىنلا رادلوف يەنە ئۇنىڭ مەتىنىنى نېمىسچىغا تەرجىمە قىلغان.

رادلوف نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلغان دىندىن خالى ھۆججەتلەر ئىچىدە قانۇنىي ھۆججەتلەر ناھايىتى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئا. گرۈنۋېدېلنىڭ 1902 ـ 1903 ـ يىللاردا تۇرپاندىن تاپقان ھۆججەتلىرى ئاساسىدا نەشرگە تەييارلىغان <<ئۇيغۇرچە يازمىلاردىن پارچە>>(مەتىن ۋە تەرجىمە) دېگەن ئەسىرىدە 24 پارچە قانۇنىي ھۆججەت ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت بەزى ئەسەرلىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن رەتلىنىپ نەشىر قىلدۇرۇلغان.

رادلوف 1918 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پېتېربۇرگدا ئالەمدىن ئۆتكەن، جەسىتى شۇ شەھەردىكى پروتېستان قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. رادلوف ئالەمدىن ئۆتكەن يىلى ئۇنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، پېتېربۇرگدا ۋ.ۋ.بارتولد يېتەكچىلىك قىلغان <<رادلوف شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتى>> قۇرۇلغان. جەمئىيەت ئەزالىرى ھەر ئايدا بىر قېتىم يىغىلىپ، رادلوف ئەسەرلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات دوكلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1926 ـ يىلى باكۇدا ئېچىلغان تۈركولوگىيە كونگرېسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى، گېرمانىيە بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە تۈركىيە مىللىي مائارىپ

مىنىستىرلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ ئورگان بىرلىشىپ رادلوفنىڭ «تۈرك شىۋىلىرى لۇغىتىنىڭ تەجرىبىسى» دېگەن ئەسىرىنىڭ تۈزۈتىلگەن ۋە تولۇقلانغان يېڭى نەشرىنى ئېلان قىلىش ۋە ئۇنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىش قارار قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ ئىش ئاخىرقى ھېساپتا ۋۇجۇتقا چىقمىغان. 1928 ـ يىلى رادلوفنىڭ ئوقۇغۇچىسى مالوف ئۇنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر توپلىمى» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلغان. بۇنىڭدا ھەر خىل تېمىدىكى ۋەسىقىلەردىن 100 پارچىدىن ئارتۇق (رەشىد رەھمەتى ئارات 102 پارچە ھۆججەت بېرىلگەن دېسە، ئۆزقان ئىزگى 128 پارچە ھۆججەت بېرىلگەن، ئۇنىڭ 104 پارچىسى قانۇنىي ھۆججەتتۇر، دەيدۇ) ھۆججەتنىڭ مەتنى ۋە تەرجىمىسى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلىنغان ئەڭ چوڭ ۋەسىقە مەجمۇئەسىدۇر.⑧ مالوف يەنە 1930 ـ يىلى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ رادلوف ئىشلىگەن نېمىسچە تەرجىمىسىنى ئۇنىڭغا بىر كىرىش سۆز قوشۇپ نەشر قىلدۇرغان. 1930 ـ يىلى بارتولد ۋاپات بولغاندىن كېيىن، «رادلوف شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتى»گە ساموئىلوۋىچ مەسئۇل بولغان. ساموئىلوۋىچ 1936 ـ يىلى ئىستانبۇلدا ئېچىلغان «3 ـ قېتىملىق تۈرك تىلى كونگرېسى» گە قاتناشقانلىقى ۋە يىغىن مەزگىلىدە مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ئۈچۈن، 1937 ـ يىلى ستالىن ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن ھەمدە «رادلوف شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتى» نى تارقىتىۋەتكەن. شۇ يىلى يەنە ئالەمدىن ئۆتكىنىگە 20 يىلچە بولغان رادلوفقا «تۈركىي خەلقلەرنى ئويغاتقان ئەڭ چوڭ جاسۇس»، «گېرمانىيەنىڭ شپىيونى» دېگەن گۇناھ ئارتىلىپ، ئەسەرلەردە ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىش چەكلەنگەن. رادلوفنىڭ نامى 1953 ـ يىلدىن باشلاپ ئەسلىگە كېلىپ ئىلمىي ئەسەرلەردە قايتا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. رادلوف ۋاپاتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاسىيا خەلقلىرى ئىنىستىتۇتىنىڭ لېنىنگراد شۆبىسى 1968 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ 14 ـ كۈنلىرى بىر كونفېرانس ئۇيۇشتۇرغان. پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈركولوگلىرىلا قاتناشقان بۇ كونفېرانستا 15 پارچە ماقالە ئوقۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئا.ن. كونونوف، م.س.شىلچېنكو، س.ئى.ۋاينشتەين، س.گ.كلياشتورنىي، ئى.ر. تېنىشېف، ل.يۇ.تۇگۇشېۋا، ئا.م.شېرباك، د.م. ناسىلوف، گ.ف، بلاگوۋا ۋە ن.ئا.دۇلىنا قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن يېزىلغان 9 پارچە ماقالە بىۋاسىتە رادلوفقا بېغىشلانغان. «سوۋېت تۈركولوگىيەسى» ژۇرنىلىنىڭ 1971 ـ يىللىق سانىمۇ رادلوفقا بېغىشلانغان ۋە يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ماقالىلارمۇ مۇشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان. رادلوف ۋاپاتىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيە تۈرك تىل قۇرۇمى 1988 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئەنقەرەدە «ۋىلھېلم رادلوفنى خاتىرىلەش كۈنى» نامىدا مەملىكەتلىك يىغىن ئۆتكۈزگەن. بۇ يىغىندا ئاھمەت تەمىر، ھاسان ئەرەن، زەينەپ كوركماز، نۇرى يۈجە ۋە ئوسمان فىكرى سەرتكايا قاتارلىقلار رادلوفنىڭ ھاياتى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتى ھەققىدە يازغان ماقالىلىرىنى ئوقۇغان. بۇ ماقالىلار «تۈرك تىلى» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىلى نەشر قىلىنغان 444 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

رادلوفنىڭ تۈركولوگىيە ساھەسىدە قانچىلىك تۆھپە ياراتقانلىقى ئايرىم تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلىدۇر. رادلوفنىڭ تەتقىقاتلىرى ئومۇمەن ماتېرىيال توپلاش ۋە رەتلەش، سۆزلۈك تەتقىقاتى، سېلىشتۇرما گرامماتىكا تەتقىقاتى ۋە ساياھەت ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن ئىبارەت تۆت ساھەگە ئايرىلىدۇ. رادلوف 1858 ـ يىلدىن 1918 ـ يىلغىچە 60 يىل تۈركولوگىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان،

200 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر ئېلان قىلغان. 1866 ـ يىلىدىن باشلاپ تاكى ئالەمدىن ئۆتكەن يىلىغا قەدەر ئۇنىڭ ئەسىرى ھەر يىلى ئۇدا ئېلان قىلىنىپ تۇرغان. رادلوف 1859 ـ يىلى ئالتاي تاغلىق رايونىغا كېلىشتىن بۇرۇن رۇسىيە ۋە ياۋروپا تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى ئالىملار ئىدىل ـ ئۇرال بويلىرى، يەتتە سۇ ۋە ئىلى ۋادىسى، ئالتاي، سىبىرىيە ۋە موڭغۇلىيەدىكى تۈركىي قوۋملار ھەمدە ئۇلارنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە كۆپ نەرسىنى بىلمەيتتى. تىلشۇناسلارنىڭ بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىمۇ پەقەت نەزەرىيىۋى بىلىملەر ۋە باشقىلاردىن ئاڭلىغان ھەم يۈزەكە ھەم ئىشەنچىلىك دەرىجىسى تۆۋەن بولغان بەزى مەلۇماتلار بىلەن چەكلەنگەن. رادلوف ئەمەلىي تەكشۈرۈشلىرى ئارقىلىق رۇسىيە ھەم ياۋروپا ئىلىم ساھەسىگە ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە سىبىرىيەدە قانداق تۈركىي قوۋملەرنىڭ ياشايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى، ئېتنوگرافىيەسى ۋە ئۇلار ياشىغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە تۇنجى قېتىم كەڭ دائىرىلىك مەلۇمات بەرگەن. بۇ مەلۇماتلار ئۆز نۆۋىتىدە تۈركولوگىيەنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، بولۇپمۇ تۈركولوگىيەدە يېڭى بىر دەۋرنىڭ ئېچىلىشىغا تۈرتكە بولغان. شۇڭا، بىر مۇنچە ئالىملار تۈركولوگىيە تارىخىنى «رادلوفتىن بۇرۇنقى» ۋە « رادلوفتىن كېيىنكى» دېگەن دەۋرلەرگە ئايرىپ بايان قىلىدۇ ۋە رادلوفنىڭ قازاندىن پېتېربۇرگقا بارغان ۋاقتىنى تۈركولوگىيە تارىخىدا يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلىنىشى، دەپ قارايدۇ.⑨ رادلوفنىڭ ئەڭ زور تۆھپىسى ئالدى بىلەن تۈركولوگىيە ساھەسىنى ئەڭ مول، ئەڭ ئىشەنچىلىك بولغان ئەمەلىي تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىدۇر. ئەمىلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ « تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر» ۋە «تۈرك شىۋىلىرى لۇغىتىنىڭ تەجرىبىسى» دېگەن ئەسىرى تۈركولوگىيە ئۈچۈن ئانا ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. رادلوفنىڭ تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى ئىككىنچى مۇھىم تۆھپىسى بولسا ئۇنىڭ رۇسىيەدە ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ قۇرغۇچىسىغا ئايلانغانلىقىدۇر. رادلوف تەتقىقاتلىرىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورقۇن تۈركچىسى دەۋرى، قوچو ئىدىقۇتى ۋە قاراخانىيلار دەۋرى ، كونا ئۇيغۇر (چاغاتاي) تىلى دەۋرىگە ئائىت ھەر خىل ۋەسىقىلىرىنى قولغا ئالغان ۋە تۈركىي تىل تارىخىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ يۇچۇن تۈركلىرى (ھۇنلار) ۋە كۆكتۈركلەردىن كېيىنكى «ئۈچىنچى دەۋر»نى تەشكىل قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بولۇپمۇ 1890 ـ يىلىدىن 1918 ـ يىلىغىچە بولغان 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە رادلوف ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىدا ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنى مەتىن، تەرجىمە، گراممatika ۋە سۆزلۈكلەر نوقتىسىدىن تەتقىق قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان ۋە بۇ ساھەدىكى بىر يۈرۈش ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرشۇناسلىقنى رۇسىيە تۈركولوگىيەسىدە رەسمىي بىر ساھە قىلىپ تۇرغۇزغان. بۇ ساھەنىڭ شەكىللىنىشىدە يەنە پانتاسوف (1849 ـ 1909)، گرۇم گرجىمايلو (1860 ـ 1936) ۋە كاتانواف (1862 ـ 1922) قاتارلىقلارمۇ مۇھىم رول ئوينىغاندى. رادلوفنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتلىرىنى ئوقۇغۇچىسى س.ئې. مالوف داۋاملاشتۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ساھە رۇسىيەدە خېلى كۆپ تەرەپدارلىرى بولغان بىر ئىلىم تارمىقى سۈپىتىدە ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ كەلمەكتە. رادلوف تۈركولوگىيەنىڭ چەكسىز بىر ساھە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان، تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا زور ھەسسە قوشقان ۋە بۇ ساھەدە دەۋر ئاچقان بىر شەخس بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى پەقەت تۈركولوگىيە پېنىدە ئىشلەنگەن بىر كىشىلىك خىزمەت ياكى بىر تەجرىبە دەپ بىلگەن. ئۇ «مەن ئۆمۈر بويى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



يېڭى بىر ئىلىم بولغان تۈركولوگىيەنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ياشىدىم ۋە كۈچىمنىڭ يېتىشىچە بۇ ئىلىمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدىم. شۇڭا،مېنىڭ تەتقىقاتلىرىم، باشقىلارنىڭ ياردىمىگىمۇ مۇھتاج بولغان بۇ ئىلىمنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە داۋام قىلىشى ئۈچۈن بىر ئۇلتاش بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس››⑩ دېيىش ئارقىلىق تۈركولوگىيە تەرەققىياتىنىڭ ئالىملارنىڭ كەڭ دائىرىلىك ھەمكارلىقى نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. رادلوف تۈركىي قوۋملەرنىڭ كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كەڭ جۇغراپىيەلىك ساھەلەرگە يېيىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدە ئېتنىك مەنبەسى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر قانداق بىرقوۋمنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى يەككە يىگانە ھالدا تەتقىق قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئىلىم ساھەسىدە بۇ مەسىلىلەرگە ئالاقىدار تېمىلارنى ‹‹تۈركىي›› دېگەن بىر نام ئاستىدا تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەسەببۇس قىلغان ۋە ئۆزىمۇ تۈنجى بولۇپ بۇ نامنى قوللانغان.

تۈركولوگىيە تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، رادلوفنى «دەۋرى ئۆتكەن شەخس» دەپ قاراپ، ئىنكار قىلغانلارمۇ يوق ئەمەس. شۈبھىسىزكى، بۇ خىل قاراش رادلوفنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈپ، ئۇنىڭ تۈركىي تىللار تەتقىقاتى ئۈچۈن قىلغان ئەجرى ۋە قالدۇرغان ئىلمىي مىراسلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقتىن كېلىپ چىققاندى. ھەقىقەتەن، رادلوفنىڭ تەتقىقاتلىرىدا بەزىدە ئېغىر خاتالىقلارمۇ سادىر بولغان. رادلوفنىڭ ئىلىمگە ۋە تەتقىقاتقا بولغان قىزغىنلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاندىن سىرت، قولغا ئالغان تېمىلىرىمۇ كەڭ دائىرىلىك بولغان. بۇ ئەلبەتتە بۈيۈك بىر روھتۇر. لېكىن، رادلوفتا بەزى تېمىلارنى ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن ئىشلەيدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەن. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ تەتقىقاتىدا بەزىدە يۈزەكىلىك ۋە خاتالىقنىڭ كۆرۈلۈشىگىمۇ سەۋەپ بولغان. مەسىلەن، ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ ئاتلىسىنى ئىشلەشتە تازا ئەستائىدىل بولالمىغان. بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ تېكىستىنىمۇ ئالدىراپ ئىشلىگەچكە، ناھايىتى كۆپ خاتالىقلارنى سادىر قىلغان. شۇڭا، بۇ تەرجىمە تومىنىنىڭ تەرجىمىسىگە سېلىشتۇرغاندا پايدىلىنىش قىممىتى تۆۋەن بىر ئەسەرگە ئايلىنىپ قالغان. يەنە بىر تەرەپتىن سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ھەر بىر ئەسەردىن بىر خىل شىۋە ئىزدەيدىغان مېتود خاتالىقىنىمۇ سادىر قىلغان بولۇپ، بۇ ئۇسۇل ئۇنى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدا قاتتىق تەنقىدكە دۇچار قىلغان. يەنە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنىڭ مەتنىنى ئىشلەشتە ئۇنىڭ تىلىنى ئالتايچىغا يېقىنلاشتۇرۇش خائىشى ئېغىر بولغان. مەسىلەن، ‹‹قۇتادغۇ بىلىگ›› نىڭ مەتنىنى دەل ئالتاي شىۋىسىنى ئاساس قىلىپ ئىشلىگەچكە، بۇ ئەسەرمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ شۇ دەۋردىكى شەكلىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىگىنىدەك، ئۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولغانلارنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويغاندى. بۇنىڭدىن باشقا تۈركچە ئەسەرلەرنىڭ مەتنىنى تۇرغۇزۇشتا پېتېربۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان ۋە تۈركىي تىللارنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىنى تولۇق ئىپادە قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدىغان ترانسكرىپسىيە ئۇسۇلىنى تەتبىق قىلغانلىقىمۇ ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرىدىكى بىر قۇسۇر ھېساپلىناتتى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن رادلوفنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئىلىم يولى بىر تەرەققىيات يولىدۇر ۋە مۇكەممەللىشىش جەريانىدۇر. شۇڭا، ئىلمىي تەتقىقاتلاردا خاتالىقلارنىڭ

كۆرۈلۈشى تەبئىي ئەھۋال. مۇھىمى ئىنسان ئۆزىنىڭ خاتالىقىغا قانداق قاراش مەسىلىسىدۇر. رادلوفمۇ بىر ئىلىم ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خاتالىقلىرى ھەققىدە تەنقىت بېرىلگەن ھامان ئۇنى دەرھال قوبۇل قىلغان، كېيىن ئۆزى ھېس قىلغانلىرىنىمۇ تۈزەتكەن. بۇ ئارقىلىق ئىلىمنىڭ تېخىمۇ توغرا نەتىجىلىرىگە دادىللىق بىلەن قوچاق ئاچقان. رادلوفنىڭ سادىر قىلغان بەزى خاتالىقلىرى ۋە يېتەرسىز تەرەپلىرى دەۋرداشلىرىدىن تومسېن ۋە كېيىنكىلەردىن س. ئى. مالوف، ئا.ن. ساموپلوۋىچ، رەشىد رەھمەتى ئارات، ئې.ك.پېكارسكىي، ئى.يۇ.كراچكوۋسكىي، ك.ك.يۇداخىن، ن.ك.دمىترىيېف ۋە مەھمەت ئۆلمەز قاتارلىقلار تەرىپىدىن تۈزىتىلگەن ۋە تولۇقلانغان. شۇنداقتىمۇ ئۇلار رادلوفقا باھا بەرگەندە شۇ دەۋرنىڭ ئىلىم سەۋىيەسىنى ۋە تەلەپلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە تەھلىل قىلغان ۋە رادلوفنىڭ تۈركولوگىيەنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىرىشقان ۋە بۇ ساھەنىڭ مىننەتدارلىقىغا ئېرىشكەن بۈيۈك بىر ئالىم ئىكەنلىكىنى بىردەك ئېتىراپ قىلغان. دېمەك، رادلوف تۈركولوگىيە تارىخىدىكى بۈيۈك بىر سىمادۇر. ئۇنىڭ ئوبرازى كېيىنكى ۋاقىتلاردا يېتىشكەن نۇرغۇن ئىلىم ئىگىلىرىگە ئىلھام ۋە ئۆرنەك بولدى، ئەسەرلىرى مۇھىم بىر تەتقىقات تېمىسىغا ئايلاندى. تۈركىيەدە ئۇنىڭ «سىبىرىيەدىن»، «تىشاستۇۋستىك»، «تۈرك شىۋىلىرى لۇغىتىنىڭ تەجرىبىسى» دېگەن ئەسەرلىرى ئۈستىدە مەخسۇس ماگىستىرلىق ۋە دوكتۇرلۇق دىسسېرتاتسىيەسى يېزىلغىنىدەك، قازان تاتارلىرىدىن يېتىشىپ چىققان ۋە دۇنياغا مەشھۇر ئالتايشۇناسلاردىن بىرى بولغان ئاھمەت تەمىر 1991 ـ يىلى تۈركىيە تىل قۇرۇمى تەرىپىدىن «تۈركولوگىيە تارىخىدا ۋىلھېلم رادلوف دەۋرى» دېگەن كىتابىنى نەشىر قىلدۇرغان. ئۈچ بۆلۈمگە ئايرىپ يېزىلغان بۇ كىتاپنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە رادلوفنىڭ خۇسۇسىي ۋە ئىلمىي ھاياتى بايان قىلىنىش بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ قەدىمكى تۈركچە بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلىرىنىڭ قىسقىچە بىر تارىخى بېرىلگەن. ئەسەرنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە رادلوفنىڭ ئىلمىي ئوبرازى «ئۆرنەك»، «سۆزلۈك»، «سېلىشتۇرما گراماتىكا» ۋە «ساياھەتنامە ۋە زىيارەت دوكلاتلىرى» دىن ئىبارەت تۆت ماۋزۇ ئاستىدا تەتقىق قىلىنغان، بۇنىڭدىن باشقا رادلوف ئەسەرلىرىدىن ئۆرنەكلەر بېرىلگەن. ئۈچىنچى بۆلۈمدە بولسا رادلوف ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيەسى يىل تەرتىۋى بويىچە كۆرسىتىلگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسەرلەرنىڭ ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە ئىشلەنگەن ئىندېكسى بېرىلگەن. ئاھمەت تەمىر بىر تىلشۇناس بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئەسىرىدە رادلوفنىڭ پەن تارىخىدىكى ئورنىغا يۇقىرى باھا بەرگەن ۋە ئۇنىڭ «تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر» ۋە «تۈرك شىۋىلىرى لۇغىتىنىڭ تەجرىبىسى» دېگەن ئەسەرلىرىنىڭ تۈركولوگىيەنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىيىتىدىمۇ شاھانە ئەسەرلەر ھېساپلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مەن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 2008 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن «مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ دەۋرى» نامىدىكى «2 ـ قېتىملىق خەلقارا تۈركىيات تەتقىقاتلىرى سىمپوزىيۇمى»غا قاتناشقان ۋاقتىمدا، تۈركىيەنىڭ سەلجۇق ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن ئۇفۇك دەنىز ئاشچى دېگەن بىر تەتقىقاتچىنىڭ يىغىن ئەھلىگە سۇنغان «مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن رادلوفنىڭ لۇغەتچىلىكى» دېگەن ماقالىسى ناھايىتى دىققىتىمنى تارتقانىدى. ساموپلوۋىچنىڭ

«مەھمۇد كاشغەرىي 11 ـ ئەسىرنىڭ رادلوفىدۇر»⑪ دېگەن سۆزىنىڭ ئىلھامى بىلەن يېزىلغان بۇ ماقالىدا ئۇفۇك ئەپەندى مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن رادلوفنىڭ لۇغىتى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارغان، يەنى ئۇ ئىككى ئالىمنىڭ ياشىغان شارائىتى، تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى تىل تەكشۈرۈش جەريانى، لۇغەت تۈزۈشتىكى مەقسىتى، مېتودى ۋە ئۈرنەك قىلغان مەنبەسى، ئىككى لۇغەتنىڭ ھەجمى، ئوخشاشلىقى، پەرقى ۋە ئىلمىي قىممىتى ھەمدە تىلشۇناسلىق ۋە لۇغەتچىلىك تارىخىدىكى ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ناھايىتى ئەتراپلىق تەھلىل قىلغان، ئاخىرىدا ھەر ئىككى لۇغەتنىڭ ئۆلۈمسىز ئەسەرلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. كېيىنكى ئىلمىي ئەمگەكلىرىمىزدە بىز رادلوفنىڭ «تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۈرنەكلەر» ۋە «سىبىرىيەدىن» دېگەن ئەسەرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئومۇمىي مەلۇماتلارنى ئىلمىي مۇھىتىمىزغا سۇنۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن توپلىغان ماتېرىياللىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشىمىز مۇمكىن.

**ئىزاھلار:**

① ئاھمەت تەمىر : ‹‹تۈركولوگىيە تارىخىدا ۋىلھېلم رادلوف دەۋرى›› (ھاياتى، ئىلمىي ئوبرازى ۋە ئەسەرلىرى)، تۈركچە،84ـ85 ـبەتلەر، 1991ـ يىلى، ئەنقەرە، تۈرك تىل قۇرۇمى نەشرىياتى.

② ئاھمەت تەمىر : يۇقىرىقى ئەسەر، 74 ـ بەت.

③ ئاھمەت تەمىر : يۇقىرىقى ئەسەر، 85 ـبەت.

④ لى زېڭشياڭ : ‹‹تۈركىي تىللار ھەققىدە ئومۇمىي بايان››، خەنزۇچە، 329 ـبەت، 1992ـ يىلى، بېيجىڭ، مەركىزى مىللەتلەر ئىنىستىتۇتى نەشرىياتى.

⑤‹‹تۈرك ئېنسىكلوپېدىيەسى›› (‹‹تۈركولوگىيە›› ماددىسى)، تۈركچە، 32ـ جىلد، 456ـبەت، 1983ـ يىلى، ئەنقەرە، مىللىي مائارىپ نەشرىياتى.

⑥ ‹‹تۈرك ئېنسىكلوپېدىيەسى›› (‹‹رادلوف›› ماددىسى)،27ـ جىلد، 193ـبەت، 1978ـ يىلى، ئەنقەرە، مىللىي مائارىپ نەشرىياتى.

1⑦ ھاسان ئەرەن : ‹‹ تۈركولوگىيە لۇغىتى›› (چەتئەللىك تۈركولوگلار ـ ۋىلھېلم رادلوف)، تۈركچە، 265ـبەت، 1998ـ يىلى، ئەنقەرە، تۈرك تىل قۇرۇمى نەشرىياتى.

⑧ رەشىد رەھمەتى ئارات : ‹‹ ماقالىلار›› (I)، تۈركچە، 515ـبەت، 1987ـ يىلى، ئەنقەرە، تۈرك كۇلتۇرىنى تەتقىق قىلىش ئىنىستىتۇتى نەشرىياتى، نەشرگە تەييارلىغۇچى ئوسمان فىكرى سەرتكايا.

⑨ دىمىترىي ۋاسىلىيېف : ‹‹ تۈركولوگىيەدە رادلوف دەۋرى›› ، تۈركچە، 9ـ بەت، 1995ـ يىلى، ئەنقەرە، تۈرك ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات ئاگېنتلىقى(تىكا).

⑩ ئاھمەت تەمىر : يۇقىرىقى ئەسەر، 72ـ بەت.

⑪ ۋ.ۋ.بارتولد :[ ‹‹رادلوفنىڭ لۇغىتى››نى يېڭىدىن نەشر قىلىش مەسىلىسى]،‹‹ تۈركىيات مەجمۇئەسى››، تۈركچە، 2ـ جىلد، 385ـ387ـبەتلەر، 1928ـ يىلى، ئىستانبۇل.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» نىڭ ئۇيغۇر لۇغەتچىلىك تارىخىدىكى ئورنى

قەدىرىدىن نۇرئەھمەد

لۇغەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە، بىلىم جۇغلانمىسىنىڭ كۆلىمى ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇچۇرنى يىراق - يېقىنغا تارقىتىش ۋە ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇش ئېھتىياجى تۇغۇلۇپ، بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنى يازما ماتېرىياللارغا ئايلاندۇرۇش ئالىملارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشىغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك مەزگىللەرگە كەلگەندە، ئوخشاش بولمىغان تىللاردا سۆزلىشىدىغان ئىنسان توپى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇشلارنىڭ ئېشىپ بېرىشى لۇغەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنداق قىلىپ لۇغەتلەر تۇشمۇ - تۇشتىن بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. يېقىنقى زامانغا كەلگەندا، مىللىي ئورتاق تىلنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن تىلنى قېلىپلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ تۈزۈلگەن لۇغەتلەر بارلىققا كەلدى. ئىنسانىيەتنىڭ لۇغەتچىلىك ئىشلىرى يىراق قەدەمي زامانلاردىلا مەۋجۇد ئىدى. لۇغەتچىلىكنىڭ پەيدا بولۇشىنى بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرى تۈزۈلگەن سۇمېر تىلى (SUMERIAN) بىلەن ئاكاد تىلى (AKKADIAN) نىڭ قوش تىللىق سېلىشتۇرما سۆزلۈكىدىن سۈرۈشتۈرۈشىمىز مۇمكىن① لۇغەتچىلىك بارلىققا كەلگەندىن تا ھازىرغىچە ئېلىمىز ۋە چەتئەللەردە ئىزچىل داۋاملىشىپ ھەم ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكىمۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى، بايانىمىزنىڭ ئاساسى بولغان «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تۈزۈلگەن كۆپ تىللىق سېلىشتۇرما لۇغەت بولۇپ، لۇغەتچىلىك تارىخىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. تېمىغا رەسمىي كىرىشتىن بۇرۇن لۇغەتچىلىك تارىخىمىزغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى.

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا كۆپلىگەن يازما يادىكارلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. جۈملىدىن ئەڭ بۇرۇن لۇغەتچىلىك ساھەسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇيغۇر لۇغەتچىلىك تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق لۇغەتچىلىكىمىز ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، مەھمۇد

كاشغەرىنىڭ ئالەمشۇمۇل كاتتا ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ئىشەنچىلىك مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكى تەخمىنەن 6 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇدۇن يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن ۋەسىقىلەردىن مەلۇم بولىشىچە، «خەنزۇ تىلى ـ ئۇدۇن تىلى سۆزلۈكلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى »، «خەنزۇچە ـ ئۇدۇنچە سۆزلۈك لۇغىتى» ھەمدە «خەنزۇچە ـ ئۇدۇنچە قوش تىللىق مەكتۇپ» قاتارلىق لۇغەتلەر، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنى شارائىتىدا تۈزۈلگەن يەنى 9 ـ ئەسىردە تۈزۈلگەن « قەدىمكى خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»② مۇ لۇغەتچىلىك تارىخىمىزدىكى مۇھىم مەنبەدۇر. بۇ لۇغەتنىڭ ئون نەچچە پارچە كەمتۈك ۋارىقىنى ش ئۇ ئا ر مۇزېيىنىڭ ئارخېئولوگلىرى 1959 ـ يىلى قۇتتاغ (يالقۇنتاغ) ئېتىكىدىكى سىڭگىم بۇددا خارابىلىقىدىن تاپقان، لۇغەتنىڭ بۇ پارچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇ تىلىنى تەتقىق قىلىشتا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ لۇغەت 9 ـ ئەسىردە تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىنى تەتقىق قىلىشتا بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن مۇۋەپپەقىيەت قازانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماستىن يەنى مىلادىيە 11 ـ ئەسىردە تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەري ئىسلام دىنى شارائىتىدا تۈزۈپ چىققان « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك »تىن بىر نەچچە ئەسىر ئىلگىرى سۈرۈشكە بولىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكى بۇلۇپمۇ سېلىشتۇرما لۇغەتچىلىك دۇنيا تىلشۇناسلىق ۋە لۇغەتچىلىك ساھەسىدە ئالدىنقى ۋە يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ ئېيتالايمىز.

يۇقىرىقىدىن باشقا يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يېزىق دەۋرلىرىدە يېزىلغان نۇرغۇن تارىخي يازما يادىكارلىقلارنى ئاتاقلىق ئالىم ۋە تەرجىمان سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ ۋە كوماراجىۋالارنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن شۇ دەۋردە تىلشۇناسلىقنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ھىندى ۋە باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان نۇرغۇن بۇددا نوملىرى ۋە «مايتىرىيا سىمىت»، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»، «شۈۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن ئاتالغۇلارنىڭ ئىزچىللىقى، شۇ تارىخي دەۋرلەردىمۇ لۇغەتشۇناسلىقتا ئائىت نۇرغۇنلىغان قوللانمىلارنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ③. رەشىد رەھمەتى ئارات « ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى » دېگەن يازمىسىدا ئۇيغۇرلاردا «سانسكرىتچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» ④ نىڭ بارلىقىنى قەيت قىلىدۇ، لېكىن رەشىد رەھمەتى ئارات بۇ لۇغەت مۇئەللىپى، تۈزۈلگەن ۋاقتى، ھەجمى توغرۇلۇق ھېچقانداق ئۇچۇر بەرمىگەن، ئەلۋەتتە بۇنى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

دەرۋەقە ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكى ماكان ـ زامان شارائىتى بىلەن ئەينى دەۋردىكى ئۆز تىلىنى ئاساس قىلغان لۇغەتلەر بىلەن يەنە سېلىشتۇرما لۇغەتلەر، باشقا تىللارنىڭ سېلىشتۇرما لۇغەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى لۇغەتلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

خارازەملىك مەھمۇد بىن ئۇمەر زەمەھشەرى تەرىپىدىن 1128 ـ 1144 ـ يىللار

ئارىلىقىدا «مۇقەددىمەتۇل ئەدەب »، (ئەدەب مۇقەددىمىسى) ناملىق لۇغەت تۈزۈلگەن.

ئىبنى مۇھەننا تەرىپىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «ئىبنى مۇھەننا لۇغىتى»، (ئەرەبچە ـ تۈركچە ـ موڭغۇلچە لۇغەت) تۈزۈلگەن.

جەمال قارشىنىڭ ھىجرىيە 681 ـ يىلى (مىلادىيە 1282 ـ يىلى)«ئەسسۇراھۇفىل لۇغەت» (تىلدىكى روشەنلىك) ناملىق لۇغەتنى تۈزگەن، 1302 ـ 1303 ـ يىللىرى ئەرەب تىلىدا «سۇراھ لۇغىتى» گە ئىلاۋە دېگەن ئەسەرنى ئىلان قىلغان.

14 ـ ئەسىردە «قوچو مەھكىمىسى سۆزلۈكى» ناملىق لۇغەت تۈزۈلگەن، بۇ لۇغەت 14 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىنى بولۇپمۇ ئەينى چاغدىكى تۇرپان، قومۇل شىۋىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.⑤

16 ـ ئەسىردە نام شەرىپى ئېنىق بولمىغان بىر كىشى تەرىپىدىن «ئابۇشقا » دەپ ئاتالغان « كونا ئۇيغۇرچە ـ تۈركچە لۇغەت» تۈزۈلگەن.

«بەدائىيۇل لۇغەت» بۇ كونا ئۇيغۇرچە ـ پارىسچە لۇغەت ھۇسەيىن بايقارا سەلتەنىتى زامانىدا تۈزۈلگەن.

فەيزۇللاخان تەرىپىدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھىندىستان بابۇر سۇلتانلىقىدا «فەيزۇللاخان لۇغىتى»تۈزۈلگەن.

مۇھەممەد يەئقۇپ چىنگىي تەرىپىدىن 1658 ـ 1707 ـ يىللاردا «كىتابى زەبان تۈركى» ناملىق لۇغەت تۈزۈلگەن.

18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىرزا مۇھەممەد مەھدىخان تەرىپىدىن كونا ئۇيغۇرچە ـ پارسچە سۆزلەردىن « سەنگلاخ» لۇغىتى تۈزۈلگەن.

19 ـ ئەسىردە مەھمۇد ھويى تەرىپىدىن «خۇلاسائى ئابباسى»، شەيخ مۇھەممەد سالىھ تەرىپىدىن ( 1849 ـ 1896يىللاردا ) «ئەل تامغايى ناسىرى» لۇغىتى تۈزۈلگەن.

1882 ـ يىلى شەيخ سۇلەيمان ئەفەندى ئىستانبولدا «لۇغەتى چاغاتاي ۋە تۈركى ئوسمان» ناملىق لۇغەتنى نەشىر قىلدۇرغان .

نامەلۇم كىشى تەرىپىدىن «لۇغەتى ئەمىر نەۋائى» ناملىق لۇغەت تۈزۈلگەن. بۇ لۇغەت ئەرەبچە ـ پارسچە ۋە تۈركىي سۆزلەرگە ئىزاھ بېرىلگەن لۇغەتتۇر.

نامەلۇم كىشى تەرىپىدىن «دەربەيان لۇغەتى نەۋائى» لۇغىتى تۈزۈلگەن. مەزكۇر لۇغەتتە تۈركچە سۆزلەرگە پارسچە ئىزاھ بېرىلگەن.

نامەلۇم كىشى تەرىپىدىن 1880 ـ 1890 ـ يىللىرى ئەتراپىدا «ھاللى لۇغەتى چاغاتاي خەمسەيى نەۋائى» ناملىق لۇغەت، 1853 ـ 1854 ـ يىللىرىدا «ھاللى لۇغەتى خەمسەيى نەۋايى» ناملىق لۇغەت تۈزۈلگەن.

«ھاللى لۇغەتى چاغاتاي» مەزكۇر لۇغەتنىڭ مۇئەللىپى ۋە يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، پەقەت 1864 ـ 1865 ـ يىللىرىدا كۆچۈرۈلگەن دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ.

«نىسابى نەۋايى» چاغاتايچە سۆزلەرنىڭ پارسچە تەڭداشلىرى شېئىرىي يول بىلەن ئىزاھلانغان.⑥

دېمەك، لۇغەتچىلىكىمىز يۇقىرىقىدەك ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ماكان ـ زامان شارائىتى ئاستىدا ھەرخىل لۇغەتلەر تۈزۈلگەن.

تېمىمىزنىڭ ئۆزى بولغان «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»كە كەلسەك، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ خان زامانىدا يەنى 1795 ـ يىلى تاماملانغان بەش خىل تىلنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتىدۇر. «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» ئۇيغۇر لۇغەتچىلىك خەزىنىسىدىكى مۇھىم بىر مەنبەدۇر. بۇ

لۇغەت ئۇيغۇر تىلى سۆزلەمشۇناسلىق تارىخىدا ئىلىم-پەن دۇنياسىغا ئاز مەلۇم بولغان كاتتا ئەسەردۇر. بۇ لۇغەت ئەينى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ۋە ئۇنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا غايەت زو، مەزمۇنى باي، قىممەت باھاغا ئىگە مۇھىم مەنبەدۇر، شۇنداقلا ئۇيغۇرشۇناسلار ،شەرقشۇناسلار ئۈچۈن ، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تىلىنى ، ئومۇمەن تۈركىي تىللارنىڭ باشقا ئالتاي تىللىرى-موڭغۇل، مانجۇ تىللىرى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىپ تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە، بۇ لۇغەت ئالتايشۇناسلار ئۈچۈن قانچە قىممەتلىك بولسا، تىبەتشۇناسلار، خەنزۇشۇناسلار ئۈچۈنمۇ شۇنچە قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈپ چىقىش جەريانىغا قارايدىغان بولساق، كاڭشىخان (1662-1723)دىن چيەنلۇڭخان (1736-1796)غىچە بولغان ئىككى خانلىقتىكى بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت چىڭ سۇلالىسىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋر ئىدى. دەرۋەقە چىڭ سۇلالىسى ئىلىم-پەنگە، جۈملىدىن تىلشۇناسلىققا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكى ئۈچۈن ھەر مىللەت ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئۇلارغا ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن، مەسىلەن، كاڭشىخاننىڭ 12-يىلى (1674-يىلى) كاڭشىخان ئۆلىما فودالىنى چاقىرتىپ مانجۇ، خەنزۇ تىللىرىدا مەنىسىنى خەتمۇ-خەت تەرجىمە قىلغىلى بولىدىغان ۋە كەڭ قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنىڭ كۆپلىكىدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز بۇ خىل سۆزلەرنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئەۋلادلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، مانجۇ تىلىدا قايسى سۆزنىڭ قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى، قايسى سۆزنىڭ قانداق يەردە قوللىنىش كېرەكلىكىنى خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئىزاھلاپ بېرىدىغان مۇكەممەل بىر كىتاپ تۈزۈپ چىقىشقا ھەم شۇ كىتاپنىڭ ئۆزۈن زامانلارغىچە قولدىن-قولغا ئۆتۈپ مەڭگۈلۈك تەۋرۈك قىلىپ ساقلىنىش ئۈچۈن ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈشكە ئەمر قىلىدۇ. ئەپسۇس بۇ خىزمەتنى ئادا قىلىش ئىشى فودالىغا نىسىپ بولمايدۇ، لېكىن كاڭشى يەنە باشقا ئۆلىمالارغا ئەمر قىلىپ داۋاملىق ئىشلەشنى بۇيرۇيدۇ، شۇنىڭ بىلەن مارچى بىلەن مارخان قاتارلىق ئۆلىمالار ئارقىلىق مەزكۇر لۇغەت 35 يىلدىن كېيىن يەنى 1708-يىلى 12 مىڭ سۆزلۈك قىلىپ تۇنجى لۇغەت پۈتۈپ چىقىدۇ. چىڭ خانى ئۆز قولى بىلەن «مانجۇچە لۇغەت» دەپ ئىمزا قويۇپ بېرىدۇ، ئارقىدىنلا خان مەتبەسىدە نەشر قىلىپ چىقىلىدۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چىڭ سۇلالىسى ھەر مىللەت ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئۈزلۈكسىز تەشكىللەپ، لۇغەتچىلىك خىزمىتىنى ئۇنۇملۇك داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشىپ نەتىجىدە: «مانجۇچە-موڭغۇلچە لۇغەت» (1717-يىلى)، «مانجۇچە-خەنزۇچە لۇغەت» (1771-يىلى) «مانجۇچە-موڭغۇلچە-خەنزۇچە لۇغەت» (1779-يىلى)، «مانجۇچە- موڭغۇلچە- خەنزۇچە- تىبەتچە لۇغەت» (1771- يىلدىن- 1795-يىلغىچە)، «مانجۇچە- تىبەتچە- موڭغۇلچە -ئۇيغۇرچە- خەنزۇچە لۇغەت» (1795-يىلى) لەرنى تۈزۈپ چىقىدۇ⑦ .

مەزكۇر لۇغەت تۈزۈش باشلانغاندىن تاكى پۈتۈپ چىققۇچە بولغان 121 يىللىق مۇساپىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ئەينى دەۋردىكى قالاق بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، نەشر قىلىش، تۈزۈش ئىشلىرىنىڭ مۈشكۈللىكىدىن ھەمدە ئىلىم ئىگىسى

كۆچىنىڭ كەملىكىدىن بۇنداق بىر چوڭ ھەجىمدىكى قامۇسچىل ئەسەرنىڭ پۈتۈپ چىقىشى ھەقىقەتەن كاتتا ئىش. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چىڭ خانى ئۆزى ئىدارە قىلغان دۆلەتتىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى ياخشى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇلىنى ياخشىلاش، مىللەتلەر ئارا ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتلەردىكى ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ، بۇنىڭ مىسالى ئۈچۈن چيەنلوڭنىڭ سۆزىنى كۆرۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز: «تەختكە ئولتۇرغان دەسلەپكى چاغلىرىمدا، ماڭا تەۋە چېگرا خەلقلىرىدىن مۆتىۋەرلەرنىڭ ھەر يىلى ھوزۇرۇمغا كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ تىللىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم، ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتمەستىن ئۇلارنىڭ تىللىرىدا سۆزلىيەلەيدىغان بولۇپ قالدىم، ھازىرغىچە بۇ تىللارنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرىنىمۇ چالا قويماي بىلىۋالدىم (موڭغۇل تىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، مۇشۇ ئاساستا تېبەتلەرنىڭ تىلىنىمۇ ئۆگەندىم، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرچىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، بۇ تىلدىمۇ سۆزلىشەلەيدىغان بولدۇم»⑧، يەنە چيەنلۇڭ خاننىڭ موڭغۇلچە ئەمىر - پەرمانلارنى ئۆزى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئاندىن تارقىتىشقا يولیۇرۇق بېرىدىغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى قىسمىنى ئىشلەشكە ئىشتىراك قىلغان ئىلىم ئەھلىلىرى توغرىسىدا تا ھازىرغىچە ئىلىم ساھەسىدە بىرەر ئېنىق مەلۇمات يوق، چۈنكى ئۇلارغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى ھەم ئەسلى قولىيازمىسىدا كىملىكى ئەسكەرتىمىگەنلىكى يۈزىسىدىن بولسا كېرەك، شۇنداقتىمۇ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق ئۇيغۇرچە قىسمىغا ئىشلىگۈچىلەرنى تېپىش مۇھىم خىزمەتدۇر.

مەزكۇر لۇغەت 18 مىڭدىن ئارتۇق سۆزگە ئىگە بولۇپ مانجۇ، تېبەت، موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرى بويىچە سېلىشتۇرما تەرجىمە لۇغىتىدىن ئىبارەت، مانجۇ تىلى قالغان تۆت تىلغا تەرجىمە قىلىنغان، تەرجىمىلەرگە مانجۇ يېزىقى بىلەن ئۇقۇلۇشى بېرىلگەن، تېبەتچىگە ئىككى خىل يەنى ھەرپلەرنىڭ قەدىمكى ئىملاسى بويىچە ئۇقۇلىشى ۋە ھازىرقى جانلىق تىل بويىچە تەلەپپۇزى، ئۇيغۇرچە سۆزلەرگىمۇ مانجۇچە ئۇقۇلغۇ بېرىلگەن.

مەزكۇر لۇغەتنىڭ ئىككى نۇسخىسى بېيجىڭ شەھىرىدىكى خان سارىيى مۇزېيى كۇتۇپخانىسىدا ، بىر نۇسخىسى لوندوندىكى ئۇلۇغ بېرىتانىيە مۇزېيي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. لۇغەتنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقات ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئېلىمىزدە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات بەك ئاجىز ھالەتتە تۇرماقتا. بۇ جەھەتتە، رازاق مۇھەممەد نىياز، تاھىرجان مۇھەممەد، مەھمۇد زەيدىي، غەيرەتجان ئابدۇرەھمان ئوزغار، جىن بىڭچى ۋە شى شۇچىڭ قاتارلىق ئەپەندىلەرنىڭ ئەمگەكلىرىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سادىق تۆمۈر ئەپەندى «« بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» ئۈچۈن «تىل ۋە تەرجىمە»» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 6 - سانىدا ئۇيغۇرچە - خەنزوچە، خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە كۆرسەتكۈچ تۈزۈش جەھەتتە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرغا قويغان. شى شۇچىن مەزكۇر لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە قىسمەن سۆزلەردىكى فونېتىكىلىق ھادىسىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

دۆلەت سىرتىدا بولسا مەلۇم بۆلۈشچە ياۋروپا، ياپونىيە، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە مەزكۇر لۇغەت ئۇستىدە دەسلەپكى تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان، مەسىلەن، ئەنگلىيەلىك دېنىسون روسس قۇشلار نامى ئۇستىدە قىسمەن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان، ياپونىيەلىك توراجىرو نايتو بىلەن تورو خانەدا ئىسىملىك بۇ ئىككى ئالىم 1912 - يىلى بىر قىسىم ئەمگەكلەرنى قىلغان ، ئارىلىقتا نۇرغۇن سەۋەبلەرگە كۆرە - 1968 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت ياپون تىلى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە نەشردىن چىققان. تۈركىيەدە بولسا تېمۇر كوجائوغلۇ تەرىپىدىن يېزىلغان ماقالىدا بۇ لۇغەت ئۇستىدە قىسمەن تەتقىقات خىزمەتلىرىنى ئىشلەنگەنلىكى بايان قىلىنغان.⑨

لۇغەت شەكىل جەھەتتە - ئەسلى قولىيازما شەكلى 6 جىلد 36 دەپتەر، 2563 بەت شۇۋەنزى قەغىزىگە موي قەلەم بىلەن قىزىل رامكا ئىچىگە قارا سىياھدا يېزىلغان، لۇغەتنىڭ خەت چۈشكەن ئېگىزلىك 34.1 سانتىمېتىر كەڭلىكى 15.6 سانتىمېتىر، لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇرچە سۆزلەر خەت شەكلى جەھەتتە قالايمىقان، خەتلەر بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن، ئۇقۇش تەس، بەزى يەرلىرى توم زىچ يېزىلغان بولسا، بەزى يەرلىرى ئىنچىكە ئازادە كەڭتاشا يېزىلغان، ئىملار جەھەتتىمۇ قالايمىقان، مەسىلەن، «خان»دېگەن سۆزنىڭ « خ »ھەرپى ئۇستىدىكى چېكىتى چۈشۈپ قالغان، ئەلۋەتتە بۇنداق ئەھۋال قەدەمدە بىر ئۇچرايدۇ، بۇ بەلكىم سۆز ئۇستىلىرىنىڭ يېزىق ۋە بەت ئېتىبارى بىلەن شۇ خىل شەكىلدە يازغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ، لۇغەتنىڭ ئۇستىگە مانجۇچە كىتاب ئىسمى ۋە خەنزۇچە تور ئىسمى، بەت نامى كىرگۈزۈلگەن، لېكىن كىتاب ئالدىدا ھېچقانداق ئاساسى مەزمۇن ياكى مۇندەرىجە بېرىلمىگەن.

كېيىن مەزكۇر لۇغەت بېيجىڭ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىغا ئاساسەن مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1957 - يىلى تىپوگرافىيە نۇسخىدا نەشر قىلىنغان. بۇ «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» دە بەش خىل تىلدىكى سۆزلەر يەنى، مانجۇچە - تىبەتچە - موڭغۇلچە - ئۇيغۇرچە - خەنزۇچىدىن ئىبارەت مۇشۇ تەرتىپ بويىچە تىزىلغان. مىللەتلەر نەشرىياتى «لۇغەت» نى نەشر قىلغاندا، 16 فورماتقا كىچىكلەتكەن، كىتابنىڭ بېشىغا 93 بەتلىك ئومۇمىي مۇندەرىجە بېرىلگەن. بۇ ھەر قايسى قىسىملارنىڭ ئالدىدىكى كىچىك مۇندەرىجىلەردىن مۇجەسسەملەنگەن. پۈتۈن كىتاب ئۈچ توم بىر يۈرۈشلۈك قىلىپ تۈزۈلگەن. ئۇنىڭ تېكىست قىسمى 4973 بەت، قوشۇمچە قىسمى 72 بەت، جەمئىي 5045 بەت بولغان.

لۇغەت قۇرۇلما جەھەتتە، سۆزلۈك ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئەمەس، مەزمۇن تەرتىپى بويىچە، يەنى سۆزلۈك ئىپادىلىگەن مەنە - چۈشەنچىلىرى بويىچە تۈركۈم، ساھەلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن. مەسىلەن، ئاسمان، يەر، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، دۆلەت، ھۆكۈمەت، مەنسەپ، قانۇن-تۈزۈم، ئۆرپ - ئادەت، قوۋم-قېرىنداش، يۈرۈش - تۇرۇشلار، ئۆي - ئىمارەتلەر، كىيىم - كېچەكلەر، قەغەز - قەلەم، خەت - ئالاقە، مۇراسىم، كىمىچىلىك، دېھقانچىلىق، دىنىي - ئېتىقاد، ھەربىي ئىشلار، ئەلەمچىلىك، باخشىلىق، كۆڭۈل ئېچىش، مەدەنىيەت ۋەھاكازالار، ھەم ئۇلار بىلەن بىۋاستە باغلانغان سۆزلەر تۈركۈم - تۈركۈم قىلىپ جايلاشتۇرۇلغان.

لۇغەت كەڭرەك دائىرىدىكى مەلەم چۈشەنچە ئومۇمىيلىقىقا ئىگە بولغان سۆزلەر «سەرجەمئى» دېگەن نام ئاستىدا كۆرۈلىدۇ، مەسىلەن، «ئاسمان سەرجەمئى»، «يەر سەرجەمئى»، «چاغ - سائەتنىڭ سەرجەمئى»، «يەرنىڭ سەرجەمئى»، «پادشاھنىڭ سەرجەمئى»، «يارلىقنىڭ سەرجەمئى»، «بەگ قويادۇ(ر) غاننىڭ سەرجەمئى(1)(2)» ،«ياساقنىڭ سەرجەمئى»، «تەرتىپلىكنىڭ سەرجەمئى»، «نەغمەنىڭ سەرجەمئى»، «خەت ئۆرگەنىشنىڭ سەرجەمئى»، «چەرىكنىڭ سەرجەمئى»، «لەشكەرلەرنىڭ خىزمەتلەرنىڭ سەرجەمئى»، «كىشىنىڭ سەرجەمئى (1)(2)(3)(4)(5)(6)(7)(8)(9) »، «خۇشالىق قۇلدارنىڭ سەرجەمئى»، «ئەجايىب - غەرايىبلارنىڭ سەرجەمئى»، «تەبىب - تەرىمجىنىڭ سەرجەمئى»، «ئۇلتۇرۇش - باقىشنىڭ سەرجەمئى(1)(2)(3)»، «زەرائەت - ھوسۇلنىڭ سەرجەمئى (1) (2)»، «ئوت - تۇتۇننىڭ سەرجەمئى»، «تەۋار - بوزنىڭ سەرجەمئى»، «ئەگىن - ياراشىقنىڭ سەرجەمئى»، «جابدۇق نىمەلەرنىڭ سەرجەمئى»، «قىلادۇ(ر)غان - ئىتەدۇ (ر) غاننىڭ سەرجەمئى»، «كىمەنىڭ سەرجەمئى»، «ئەرابە - مافەنىڭ سەرجەمئى»، «يەيەدۇغان نىمەلەرنىڭ سەرجەمئى(1)(2)»، «رەڭگارەڭ يەمەكلىكنىڭ سەرجەمئى»، « رەڭگارەڭ مەيۋەلەرنىڭ سەرجەمئى»، «ئوتنىڭ سەرجەمئى»، «دەرختىنىڭ سەرجەمئى»، «گۈلنىڭ سەرجەمئى»، «جانۋار قۇچقاچنىڭ سەرجەمئى»، «ئۇلاغ مالنىڭ سەرجەمئى(1)(2)»، «قۇرتنىڭ سەرجەمئى»، «يىلباسۇننىڭ سەرجەمئى»، «پۈرلۈك لالەلىكنىڭ سەرجەمئى»... لاربولۇپ، (يۇقىرىقى يالاڭ تىرناق ئىچىدىكى سانلار شۇ سەرجەمئىنىڭ قانچە يەردە بولسا شۇنچە سان بىلەن تەكرارلانغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بېرىلدى) ھەر بىر سەرجەمئى بۆلەك ۋە قىسىمدىن تەشكىل تاپقان، مەسىلەن، «كىشىنىڭ سەرجەمئى » 18 قىسىم، 23 بۆلەككە بۆلۈنگەن، «كىشىنىڭ قىسىمى»، «كىشى مەزھىبىنىڭ قىسىمى»، «دوست - يارەننىڭ قىسىمى»، «قارى - ياشنىڭ قىسىمى»، «كىشى بويىنىڭ قىسىمى»،... .«جانۋار قۇچقاچنىڭ سەرجەمئى»، 4 قىسىم 20 بۆلەككە بۆلۈنگەن. مەسىلەن، «جانۋارنىڭ قىسىمى»، «قۇچقاچنىڭ قىسىمى»، ،«قاناتلىق نىمەلەرنىڭ بويىغە قوشۇلغان قىسىمى »، «جانۋارنىڭ تەبرەيدۇ(ر)غان مىدرەيدۇ(ر)غان قىسىمى»..قاتارلىقلار، ھەم ئۆز ئىچىدىن رەڭگى، ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيتى، چوڭ - كىچىكلىكى، جىنس پەرقى قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئايرىلغان. مەسىلەن، جانۋارنىڭ سەرجەمئى ئاستىدىكى بۆلەك ۋە قىسىملارغا قارايدىغان بولساق - سىرمۇرغ، مادە سىرمۇرغ، ئۇچار سىرمۇرغ، سارغىچ بۈركۈت، ئالا بۈركۈت، ئاقىش بۈركۈت، كۆكۈچ بۈركۈت، قارا بېلىقچى، قىزغىش بېلىقچى، ياشىل بېلىقچى، كۆكۈش بېلىقچى، يوللۇق بېلىقچى، تېنچلىق قۇچقاچ، سارغىچلىق قۇچقاچ، قىزغىچلىق قۇچقاچ، تۇمشۇقلۇق قۇچقاچ، چوقۇغاق قۇچقاچ (تۇمۇر تۇمشۇق ) ئورۇ تىل قۇچقاچ، قىزىل قاشقالىق چوقۇغاق قۇچقاچ، ئالا قۇچقاچ، تاغ ياشىللىق قۇچقاچ، خەبەرچى قۇچقاچ، خۇشاللىق قۇچقاچ، خۇشۋەقىتلىق قۇچقاچ، غەملىق قۇچقاچ، ئەرتە يازداقى قۇچقاچ، بەھەرداقى قۇچقاچ، مەھىربان قۇچقاچ، يولبارسباش قۇچقاچ (يولۋاس باش قۇچقاچ)، فەريادچى قۇچقاچ، قەفاقباش قۇچقاچ... دېمەك، لۇغەت مۇشۇ تەرىقىدە 52 سەرجەمئى، 286 قىسىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



558 بۆلەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا لۇغەت ئاخىرىقى بەتلىرىدە ئايرىم تۈرلەر بويىچە قىسىملەر بېرىلگەن.

مەزمۇن جەھەتتە - لۇغەت ئىگىلىگەن دائىرە ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، مەزمۇنى مول، سىياسى، ئىقتىساد، ئەدەبىيات - سەنئەت، پەلسەپە، دىن، تارىخ، ئەخلاق، مىللەت، تىل - يېزىق، تىبابەتچىلىك، جۇغراپىيە، ئىلمىي نۇجۇم، تەقۋىمچىلىك، ھەربىي ئىشلار ...قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. مەزكۇر لۇغەت مۇھىم بەش خىل تىلنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى بولۇپ، ئۇ تولىمۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ لۇغەت شۇ دەۋر خەلقىمىزنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتى سەۋىيەسى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى، سىياسىي تۈزۈلمىسى، مەدەنىيەت، مائارىپى، ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەت ھەمدە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئالاقىسى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرىدىغان قامۇس خاراكتېرىگە ئىگە كاتتا ئەسەر.

لۇغەتنىڭ مەزمۇن مول، قىممىتى يۇقىرى، تارىخىي ھەم ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە، بولۇپمۇ بىز ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى قىسمى ئەڭ قىممەتلىك بىباھادۇر. مەزمۇن دائىرە جەھەتتە تولىمۇ كەڭ، ئۇ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق مول سۆزلەم ماتېرىياللىرىنى دىگۇدەك ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن سۆز خەلقنىڭ جانلىق، كونكرېت تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغان جۈملىدىن، بەزى ئاتالغۇلار ھۆنەر - كەسىپ، ئەمەل - مەنسەپ، يېمەك - ئىچمەك، جان - جانۋار سۆزلىرى، شۇنىڭدەك ئايرىم سۆزلەم قاتلاملىرىغا دائىر سۆزلەرنى رئال تۇرمۇشىمىزدىن تېپىش تەس. مەزكۇر لۇغەت ئۆز نۆۋىتىدە بەش خىل تىلنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى، بۇ كۆپ خىل تىل سېلىشتۇرما لۇغىتى ساھەسىگە ئاز بولمىغان قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى تەمىن ئېتىدۇ.

بۇنىڭ تۈزۈلۈش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا ئالدى بىلەن مانجۇچە تۈزۈلۈپ، ئاندىن باشقا تۆت خىل يېزىق بىلەن شۇ سۆزنىڭ تەڭدىشىنى ياكى تەرجىمىسى بېرىلگەن، تەرجىمە جەريانىدا بەش خىل تىلنى ئۆز - ئارا سېلىشتۇرما قىلغان، ئۆز - ئارا ئۆرنەك ئالغان، بۇ خىل سېلىشتۇرما ئۇسۇلى ئۆز زامانىدا شۇ خىل شارائىت ئاستىدا ھەقىقەتەن مۇشكۇل ئىش، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن ئاخىرىدا بۇ لۇغەت ناھايىتى مۇۋاپپەقىيەتلىك ھالدا پۈتۈپ چىقىلغان⑩.

بۇ لۇغەت ئوخشىمىغان تىللارنىڭ ئۇقۇلۇش ئۇسۇلى بويىچە تۈزۈلگەن. بۇ ئېھتىمال شۇ زامان ۋە ماكان تەققەززاسىدىن بولسا كېرەك، مەسىلەن، تىبەتچىسىنىڭ ئاستىغا ئىككى خىل مانجۇچە ئىزاھەت بېرىلگەن، بىرى ھەرپمۇ - ھەرپ بويىچە، يەنە بۇغۇملۇق ئۇقۇلۇشى؛ يەنە بىر خىلى، تەلەپپۇز بويىچە بېرىلگەن ترانسلىتېراتسىيە، يەنى ئەمەلى تەلەپپۇزى شەكلى، ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭمۇ ئاستىغا مانجۇچە ئۇقۇلغۇ بېرىلگەن، بۇ ئۆز ۋاقتىدىكى تىبەت، ئۇيغۇر تىللىرىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسىنى چۈشۈنۈش بولسا كېرەك. بۇ ھەم ئۆز نۆۋىتىدە تىبەت ۋە ئۇيغۇر تىللىرىنى تارىخىي تىلشۇناسلىق نوقتىسىدىن تەھلىل قىلىشقا چوڭ پايدىسى بار.

بۇ لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىدىن قارىغاندا - كۆپ تىللىق لۇغەتلەرنى تۈزۈشتە بۇ خىلدىكى مەزمۇن ئۇسۇلى ھەممىسىدىن ئۇيغۇنراق بولسا كېرەك، سۆزلەرنىڭ شەكلى، بىرىنچى تاۋۇش ھەر تىلدا ھەرخىل بولۇشقا قارىماي، مەسىلەن،

كىشى تەن ئەزالىرىدىن، باش ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە تۈزۈلگەن لۇغەتلەردە ھەر تىلدا ھەر خىل جايدا كېلىشىگە قارىماي، ئىپادىلىگەن مەنىسى، نەرسىسى بىر بولغىنى ئۈچۈن، مەزمۇن تەرتىپتە ئېلىپبە بىلەن چەكلەنمىگەن ھالدا ھەممە تىلدا بىر جايدا بېرىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ھال «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» كە كىرگەن تىللارنىڭ ، خۇسۇسەن بۇلار ئىچىدىكى بىر تىل سىستېمىغا مەنسۇپ بولغان تىللارنى قىياسىي ئۆگىنىشكە ياخشى ئىمكانىيەت تۇغدۇرغان.

«بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» مانجۇ تىلى ئۈچۈن، شۇنداقلا لۇغەتتىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ ئۆز سۆزلەم ماتېرىيالى ئارقىلىق تەكرارلىنغان ھەر بىر تىل ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك مول ماتېرىيال مەنبەسىدۇر، لۇغەتنىڭ ئومۇمى تۈزۈلىشى ۋە قۇرۇلمىسى ئارقىلىق شۇنى قىياسەن تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن، بۇ لۇغەتكە كىرگەن ھەر بىر تىل ماتېرىيالى ئارقىلىق شۇ تىلنىڭ پۈتكۈل مەنىسى، سۆزلەم بايلىقى ھەققىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئومۇمى تەسەۋۋۇر ھاسىل قىلىش مۇمكىن، لۇغەتتىكى ئۇيغۇر تىلى ماتېرىيالى شۇ دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆزلۈكلىرىنى ، مورفولوگىيەسىنى، فونېتىكىسىنى، گرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە باشقىلارنى ئۆگىنىش ئۈچۈن يېتەرلىك مول ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ لۇغەت ئۇيغۇر تىلىنىڭ شۇ دەۋردىكى سۆزلەم بايلىقىنى ئۇنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى ،گرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنى، مورفولوگىيە ھالىتىنى كۆرسەتكۈچى تارىخىي ھۆججەت. ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى، سۆزلەر ئېتمولوگىيەسىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشتە، شۇ دەۋردىكى جانلىق تىلنى ۋە ئۇنىڭ يېزىق تىل بىلەن بولغان پەرقى ۋە مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن باي ۋە رەڭگارەڭ ئىشەنچلىك ماتېرىيال خەزىنىسى سۈپىتىدە قىممەتكە ئىگە. لۇغەتتىكى ھەر بىر ئۇيغۇرچە سۆزگە ئۇنىڭ قانداق ئوقۇلىشى كېرەكلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ بېرىلگەن ئوقۇلغۇسى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. لۇغەتنىڭ ئۇيغۇر تىلى قىسمىدىكى سۆزلەرگە مەنىلىرىنى تولۇقراق ئىنىقلاش مەقسىتىدە ئۇلارنى ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەققاسلاپ سېلىشتۇرۇپ شۇنىڭ بىلەن بىللە لۇغەتتىكى باشقا تۆت خىل تىل بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىش ئىنتايىن پايدىلىق. بۇ سۆز مەنىسى، سېمانتىكىسى بىلەن باغلانغان تەتقىقاتلار ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

لۇغەتتىكى ئۇيغۇر تىلىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەينى زامان قېرىنداش تۈركىي تىللارنىڭ تارىخى مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ۋە شۇ دەۋردىكى باي ئەدەبىي مىراسلار ۋە يازما ئەدەبىيات تىل ھەققىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېڭى نەتىجىلەرگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. لۇغەتنىڭ ئۇيغۇر تىل قىسمىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى، سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى، تىل خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ئەينى دەۋر لۇغەتچىلىك تەرەققىياتى ۋە ئۇيغۇر تىلى قىسمىنىڭ تۈزگۈچىلىرىنىڭ كىملىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىقلاپ چىقىشتا پايدىسى ۋە ئەھمىيىتى زوردۇر.

لۇغەت مورفولوگىيە، فونېتىكا جەھەتتىن كلاسسىك ئەدەبىي تىل نورمىلىرىغا ئەمەل قىلغان، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ھەممىسى كىرگەن، ھازىرقى

www.uyghurkitap.com



سۆز ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تولۇق ئىشلىتىلگەن. لۇغەتنىڭ تىلى ،گراماتىكىلىق قورۇلۇشى ئەمەلي خەلق تىلىغا تولىمۇ يېقىن،چۈشىنىشلىك، بۇ نەرسە ئېھتىمال، لۇغەتنى تۈزۈشتە كۆزدە تۇتۇلغان مەقسەتلەردىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. لۇغەتنىڭ تىلى ئاددىي، چۈشىنىشلىك، قوللىنىشچانلىقى، ئىشلىتىشچانلىقى يوقىرى بولغان سۆزلەر بىلەن يەنى جەمئىيەت ھاياتىدا كۈندىلىك تۇرمۇش بىلەن بىۋاستە باغلانغان تۇرلۇك ـ تۇمەن خەت ئالاقە، ئىش كۈن ـ تەرتىپلىرى، شۇنىڭدەك بىر قىسىم تەزكىرە، شەجەرە، ھۈنەر ـكەسىپ رىسالىسى، تەبىرنامە ۋە باشقىلاردا قوللىنىلغان تىل، بۇ تىل خەلق جانلىق تىلى ئىغىز ئەدەبىياتى تىل ئۇسلۇبىدىكى ئۇيغۇر تىلىدۇر.

شۇنىسى ئېنىقكى، لۇغەت تۈزگۈچىلەر ئۆز دەۋر تىلىنىڭ سۆزلەملىرىنى تولۇق ئىگىلەپ لۇغەتتە مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشقان، بولۇپمۇ مانجۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا سېلىشتۇرما قىلىش جەريانىدا تىل ئۇستىلىرى تىل ماتېرىياللىرىدىن يەنى ئۆز تىل ماتېرىيالىمىزدىكى شۇ سۆزنىڭ تەڭدىشىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان، مۇبادا شۇ سۆزنىڭ ئۆز تىلىمىزدا تەڭدىشى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئامال بار تىللارنى توغرا، ئېنىق ۋە دەلمۇدەل كەلتۇرۇپ تەرجىمە قىلىشقا تىرىشقان.

دەرۋەقە، بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى پۇختا ئىگىلەيمىز دەيدىكەنمىز، شۇنىڭ ئۇچۇن «قەدىمكى تىل دەۋرىگە ،ئوتتۇرا ئەسىر تىل دەۋرىگە ۋە يېقىنقى زامان تىل دەۋرىدىكى ھاياتي كۈچكە ئىگە سۆز ـ ئاتالغۇلارغا مۇراجەت قىلىشىمىز، بۇنىڭ ئۇچۇن ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتكەن، زامانىمىزغا تولۇقى بىلەن يىتىپ كەلگەن يۇقىرىقىدەك كۆپ تىللىق قامۇسچىل خاراكتېرىدىكى سېلىشتۇرما لۇغەتنى قېزىش، رەتلەش، توپلاش بىلەن بىرگە ئۇنىڭدىكى سۆزلەملەرنىڭ گراماتىكىسىنى، مورفولوگىيەسىنى ۋە باشقا ساھەدىكى ئاتالغۇلارنى، سۆزلەرنىڭ ئېتمولوگىيەسىنى سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق ئانا تىل تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ، ئانا تىل تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئانا تىلنىڭ ساپلىقىنى ۋە مۇكەممەللىكىنى ئۆستۈرۈپ، ئانا تىلىمىزنىڭ لۇغەت بايلىقىنى ئاشۇرۇشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

لۇغەت I+QiFv9N s$cMhx3mpGHwzLt گەرچە 18 ـ ئەسىردە تۈزۈلگەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا بىرقەدەر يېقىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولغاچقا، شۇ دەۋردىكى سۆزلەرنى توپلاش، قېزىش، رەتلەش، ئاندىن مۇۋاپىقلىرىنى قوللىنىش؛ ئۆزىمىزنىڭ تىل قائىدىلىرىدىن پايدىلىنىپ يېڭى سۆز ياساش ئارقىلىق تىلىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان سۆز ـ ئاتالغۇ قەھەتچىلىكى، بولۇپمۇ يېڭىدىن كىرىۋاتقان پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، تۇرمۇشىمىزدىكى بەزىبىر ئاتالغۇلارغا مۇۋاپىق سۆز تېپىپ چىقىشىمىزدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە.

قىسقىسى، خەلقىمىزنىڭ لۇغەتچىلىكى مىڭ يىلدىن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. لۇغەتچىلىك تارىخىمىزدا سېلىشتۇرما تىل لۇغىتى دەسلەپ مەيدانغا كەلگەن ۋە ئىزچىل ھالدا لۇغەتچىلىكىمىزدىكى ئاساسي ئېقىم بولۇپ كەلمەكتە. لۇغەتچىلىكىمىز 9 ـ

ئەسىردىكى «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت» ۋە ئۇنىڭدىن 2 ئەسىر كېيىن يەنى 11 - ئەسىردىكى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى ئاساسىي نامايەندە قىلىپ، ئىنسانىيەت لۇغەتچىلىكىدە يۇقىرى، يېڭى سەھىپە ئاچقان. بۈگۈنكى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر لۇغەتچىلىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ خېلى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ ئېيتالايمىز. ئۇيغۇر قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان لۇغەتلىرىنى تەتقىق قىلىش لۇغەتچىلىك نۇقتىسىدىنلا مۇھىم بولۇپ قالماستىن، بەلكى قەدىمكى ۋە يېقىنقى زاماندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، تارىخىنى، تىل - مەدەنىيىتىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى شۇنداقلا 18 - ئەسىرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى توغرا كۆرسىتىپ بېرىشتە ناھايىتى زور مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەلۋەتتە.

## پايدىلانمىلار:


* 《五体清文鉴》，北京，民族出版社，**1957***

①كورەش تاھىر : «لۇغەتچىلىك ھەققىدە»،«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى،2006 - يىللىق 3 - سان، 96 - بەت.

②ق ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»،شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 1986، - يىلى،10 - 15 - 16 - بەت.

③ئابدۇزاھىر تاھىر،ئابدۇسالام ئابلىز:«20 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى لۇغەتچىلىكىمىز»،«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتوتى ئىلمىي ژۇرنىلى»،1997 - يىل 2 - سان 29 - بەت.

④رەشىد رەھمەتى ئەرات: «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»،«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»،(يۇسۇپجان ياسىن تەرجىمىسى)، 2011 - يىلى1 - سان47 - بەت.

⑤ئايشەمگۈل ئابدۇرېشىت: «ئۇيغۇرلارنىڭ لۇغەتچىلىكى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 2002يىل4 - سان،95 - 96 - بەت

روقىيە ئوسمان: «چاغاتاي تىلىغا ئائىت لۇغەتلەر ھەققىدە»،«شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2009 - يىل1 - سان،87 - 88 - 89 - 90 - بەت

伊尔江：《五体清文鉴及其研究述评》，语言与翻译，1988,4,40 页 ⑦ 塔

⑧مەھمۇد زەيىدى: «بەش تىللىق لۇغەت» - ئۇيغۇر تىلى تارىخى بويىچە مۇھىم مەنبە»،«تىل ۋە تەرجىمە»،1991 - يىل 2 - سان،27 - 28 - بەت

⑨ 《Türklük Araştırmaları dergisi II》, 《 Marmara üniversitesi fen- Edebiyat Fakültesi》, İstanbul, Mart 2002, pg 140-141

⑩金炳喆：《五体清文鉴和它的价值》，辞书研究。1986,5 期，100,102



(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ **2009** - يىللىق كونا ئۇيغۇر تىلى كەسپى ماگىستر ئاسپىرانتى)



تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر تىلى بىلەن تۈرك تىلىنىڭ فونېتىكىسى ئۈستىدە سېلىشتۇرمىلىق تەھلىل

مېھرىگۈل خېلىل    گۈلنار مىجىت

## 1. كىرىش سۆز

تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتساق، ئۇيغۇر تىلى بىلەن تۈرك تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە تەۋە تىللاردۇر. بۇ ئىككى تىل قەدىمكى تۈرك تىلىدىن بۆلۈنۈپ چىققان تۇغقان تىللار بولغاچقا، گىراماتىكا، لېكسىكا بولۇپمۇ فونېتىكا جەھەتتىن ئوخشاشلىق ۋە يېقىنلىقى ئىگە. لېكىن بۇلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم تىل بولۇپ شەكىللىنىپ، بۈگۈنگىچە بولغان ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئىككى تىل ئارىسىدا ئەتراپلىق، تەپسىلىي، بىر قەدەر چوڭقۇرلاشقان سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئۇيغۇر تىلى بىلەن تۈرك تىلى ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى تېپىپ چىقىشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلىدۇر.

## 2. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سېلىشتۇرۇلمىسى

تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشاشلا 8 سوزۇق تاۋۇش بار بولۇپ، تىل ئورنىنىڭ ئالدى ـ كېيىنلىكى، يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ۋە لەۋ ھالىتىگە ئاساسەن، ئۇلارنى تۆۋەندىكىدەك ئايرىپ چىقىشلى بولىدۇ.

| لەۋ ھالىتى / تىل ئورنى / تىل ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى | ئۇيغۇر تىلى | | | | | تۈرك تىلى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | لەۋلەشكەن | | لەۋلەشمىگەن | | | لەۋلەشكەن | | لەۋلەشمىگەن | |
| | كەينى | ئالدى | ئارا | كەينى | ئالدى | كەينى | ئالدى | كەينى | ئالدى |
| يۇقىرى | u | ü | i | | | u | ü | ı [1] | i |
| يېرىم يۇقىرى | o | ö | e [2] | | | | | | |
| يېرىم تۆۋەن | | | | | ä | | | | |
| تۆۋەن | | | | a | | o | ö | a | ä |

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گەرچە تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تاۋۇش ئورنى ئاساسىي جەھەتتىن بىردەكلىكىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، تىل ئورنىنىڭ ئالدى

[1] مەزكۇر ماقالىدە توركولوگىيە ساھەسىدە ئىشلىتىلىدىغان ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى قوللىنىلدى.

- كەينىلىكى، يۇقىرى - تۆۋەنلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە مەلۇم پەرقلەرگە ئىگە. تۈرك تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنىنىڭ ئالدى - كېينىلىكىگە قاراپ، تىل ئالدى ۋە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش دەپ ئىككى تۈرگە، تىل ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ، يۇقىرى ۋە تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش دەپ ئىككى تۈرگە، لەۋ ھالىتىگە ئاساسەن، لەۋلەشكەن ۋە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنىنىڭ ئالدى - كېينىلىكىگە قاراپ، تىل ئالدى، تىل ئارقا ۋە ئارا سوزۇق تاۋۇش دەپ ئۈچ تۈرگە، تىل ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ، يۇقىرى، يېرىم يۇقىرى، يېرىم تۆۋەن، تۆۋەن دەپ تۆت تۈرگە، لەۋ ھالىتىگە قاراپ، لەۋلەشكەن ۋە لەۋلەشمىگەن دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراپ ئۆتەيلى:

| تۈرك تىلى | سۆز مەنىسى | ئۇيغۇر تىلى | سۆز مەنىسى | سوزۇق تاۋۇش |
|---|---|---|---|---|
| al | ئال | al | ئال | a |
| baba | ئاتا | ata | ئاتا | a |
| bäš | بەش | b äš | بەش | ä |
| gäjä | يېرىم كېچە | kečä | يېرىم كېچە | ä |
| bin | مىڭ | miŋ | مىڭ | i |
| bir | بىر | bir | بىر | i |
| ï rmak | ئېرىق | e riq | ئېرىق | ï |
| b ï čak | پىچاق | pïčaq | پىچاق | ï |
| dokuz | توققۇز | toqquz | توققۇز | o |
| on | ئون | on | ئون | o |
| buz | مۇز | muz | مۇز | u |
| bu | بۇ | bu | بۇ | u |
| göl | كۆل | köl | كۆل | ö |
| göz | كۆز | köz | كۆز | ö |
| yüz | يۈز | yüz | يۈز | ü |
| üzüm | ئۈزۈم | üzüm | ئۈزۈم | ü |

ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ۋە غەيرى تىللارنىڭ تەسىرى ئاستىدا، تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى مۇستەقىل بولغان تۇغقان تىللارغا ئايلانغان بولۇپ، بۇ ئىككى تىلنىڭ فونېتىكا سىستېمىسىدىن بىز تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىرىشلەرنى كۆرەلەيمىز.

1. تۈرك تىلىدىكى a ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەردە ä، e، o گە ماس كېلىدۇ. مەسىلەن:

| تۈرك تىلى | ئۇيغۇر تىلى | سۆز مەنىسى |
|---|---|---|
| gam | ğäm | غەم |
| askär | äskär | ئەسكەر |
| ağïl | eğil | ئېغىل |
| ağïr | eğïr | ئېغىر |
| av | ov | ئوۋ |

| سۆز مەنىسى | ئۇيغۇر تىلى | تۈرك تىلى |
|---|---|---|
| تومۇر | tomur | damar |

2. تۈرك تىلىدىكى ä ئۇيغۇر تىلىدىكى a، ö، i، e غا ماس كېلىدۇ.

| سۆز مەنىسى | ئۇيغۇر تىلى | تۈرك تىلى |
|---|---|---|
| جاپا | japa | jäfa |
| ئالما | alma | älma |
| بۆشۈك | böšük | bäšik |
| تۆگە | tögä | däwä |
| پىدا | pida | fäda |
| كېلىن | kelin | gälin |

3. تۈرك تىلىدىكى ĭ ئۇيغۇر تىلىدىكى a، ä، i، e، u غا ماس كېلىدۇ.

| سۆز مەنىسى | ئۇيغۇر تىلى | تۈرك تىلى |
|---|---|---|
| ئالتە | altä | altĭ |
| پۇرسەت | pursät | fĭrsat |
| ئالتۇن | altun | altĭn |
| يېرىم | yerim | yarĭm |
| خېنە | xenä | kĭna |

4. تۈرك تىلىدىكى i ئۇيغۇر تىلىدىكى ä، u، ü گە ماس كېلىدۇ.

| سۆز مەنىسى | ئۇيغۇر تىلى | تۈرك تىلى |
|---|---|---|
| ئەل، دۆلەت | äl | il |
| زەنجىر | zänjir | zinjir |
| بۇرادەر | buradär | biradär |
| مۇنبەر | munbär | minbär |
| تۈلكە | tülkä | tilki |

5. تۈرك تىلىدىكى o ئۇيغۇر تىلىدىكى a، u غا ماس كېلىدۇ.

| سۆز مەنىسى | ئۇيغۇر تىلى | تۈرك تىلى |
|---|---|---|
| خارتۇم | xartum | xortum |
| تۇپراق | tupraq | toprak |
| يۇغۇرماق | yuğurmaq | yoğurmak |
| بۇرچ | burč | borč |
| بۇزۇق | buzuq | bozuk |

6. تۈرك تىلىدىكى u ئۇيغۇر تىلىدىكىa، ä، o، ö، ü گە ماس كېلىدۇ.

| سۆز مەنىسى | ئۇيغۇر تىلى | تۈرك تىلى |
|---|---|---|
| توغرا | toğra | doğru |
| جۈمە | jümä | juma |
| غورۇر | ğorur | gurur |
| هوقۇق | hoquq | hukuk |

| | | |
|---|---|---|
| mujizä | möjizä | مۆجىزە |
| numunä | nämunä | نەمۇنە |

7. تۈرك تىلىدىكى ö ئۇيغۇر تىلىدىكى ä گە ماس كېلىدۇ.

| تۈرك تىلى | ئۇيغۇر تىلى | سۆز مەنىسى |
|---|---|---|
| göwdä | gäwdä | گەۋدە |

8. تۈرك تىلىدىكى ü ئۇيغۇر تىلىدىكى ä، i، o، u، ö گە ماس كېلىدۇ.

| تۈرك تىلى | ئۇيغۇر تىلى | سۆز مەنىسى |
|---|---|---|
| zümrüt | zumrät | زۇمرەت |
| zürafa | zirapä | زىراپە |
| küčük | kičik | كىچىك |
| güya | goya | گويا |
| jüda | juda | جۇدا |
| bülbül | bulbul | بۇلبۇل |
| dünya | dunya | دۇنيا |
| hükümdar | hökümdar | ھۆكۈمەت |
| hür | hör | ھۆر |

9. تۈرك تىلىدىكى بەزى سوزۇق تاۋۇشلار ئۇيغۇر تىلىدا يېرىم سوزۇق تاۋۇش y غا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

| تۈرك تىلى | ئۇيغۇر تىلى | سۆز مەنىسى |
|---|---|---|
| iğnä | yiŋnä | يىڭنە |
| ip | yip | يىپ |
| irin | yiriŋ | يىرىڭ |
| ïrak | yiraq | يىراق |

## 3. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ سېلىشتۇرۇلمىسى

تۈرك تىلىدا 21 ئۈزۈك تاۋۇش بار بولۇپ، باشقا غەيرى تىللارنىڭ تۈرك تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى تەسىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تاۋۇش ئورنى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ. تۈرك تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى تۆۋەندىكىدەك:

| تەلەپپۇز ئورنى / تەلەپپۇز ئۇسۇلى | | قوش لەۋ | لەۋ چىش | تىل ئۇچى | تىل ئوتتۇرىسى | تىل ئۈستى | تىل تۈۋى | كىچىك تىل | بوغۇز |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پارتىلغۇچى | جاراڭسىز | b | | t | | | k | | |
| | جاراڭ | p | | d | | | g | | |

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | لىق | | | | | | | | |
| سىرىلاڭغۇ | جاراڭسىز | | f | s | | | | | H |
| | جاراڭلىق | | w | z | ž | | | ğ | |
| پارتىلغۇچى - سىرىلاڭغۇ | جاراڭسىز | | | | | | | | |
| | جاراڭلىق | | | | j | | | | |
| دىماغ تاۋۇشى | | m | | n | | | | | |
| قوۋۇز تاۋۇشى | | | | l | | | | | |
| تىترەڭگۈ تاۋۇش | | | | r | | | | | |
| يېرىم سوزۇق تاۋۇش | | | | | | y | | | |

تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇز ئورنى ئوخشاش بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىدە قوش لەۋ تاۋۇشى، لەۋ - چىش تاۋۇشى، تىل ئۇچى تاۋۇشى، تىل ئوتتۇرىسى تاۋۇشى، تىل ئۇستى تاۋۇشى، تىل تۈۋى تاۋۇشى، كىچىك تىل تاۋۇشى ۋە بوغۇز تاۋۇشى بار. تەلەپپۇز ئۇسۇلى جەھەتتىن، ئىككىلىسىدە پارتىلغۇچى تاۋۇش، پارتىلغۇچى - سىرىلاڭغۇ تاۋۇش، دىماغ تاۋۇشى، قوۋۇز تاۋۇشى، تىترەڭگۈ تاۋۇش ۋە يېرىم سوزۇق تاۋۇشلار بار. مەسىلەن:

| تۈرك تىلى | سۆز مەنىسى | ئۇيغۇر تىلى | سۆز مەنىسى | ئۇزۇك تاۋۇش |
|---|---|---|---|---|
| bağ | باغ | bağ | باغ | B |
| baš | باش | baš | باش | B |
| pišir - mäk | پۇشۇرماق | pušur - maq | پۇشۇرماق | p |
| dost | دوست | dost | دوست | d |
| dünya | دۇنيا | dunya | دۇنيا | d |
| toprak | تۇپراق | tupraq | تۇپراق | t |
| tan | تاڭ | taŋ | تاڭ | t |
| gir - mäk | كىرمەك | gir - mäk | كىرمەك | g |
| git - mäk | كەتمەك | git - mäk | كەتمەك | g |
| kül | كۆل | kül | كۆل | k |
| küčük | كىچىك | kičik | كىچىك | k |
| fakat | پەقەت | päqät | پەقەت | f - p |
| fayda | پايدا | payda | پايدا | f - p |
| watan | ۋەتەن | wätän | ۋەتەن | w |
| wakït | ۋاقىت | waqit | ۋاقىت | w |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| Sän | سەن | sän | سەن | s |
| sabir | سەۋىر | säwir | سەۋىر | s |
| bäš | باش | bäš | باش | š |
| taš | تاش | taš | تاش | š |
| yüz | يۈز | yüz | يۈز | z |
| göz | كۆز | göz | كۆز | z |
| yol | يول | yol | يول | y |
| yaka | ياقا | yaqa | ياقا | y |
| hayat | ھايات | hayat | ھايات | h |
| här | ھەر | här | ھەر | h |
| yağ | ياغ | yağ | ياغ | ğ |
| ağač | ياغاچ | yağač | ياغاچ | ğ |
| jan | جان | jan | جان | j |
| jäfa | جاپا | japa | جاپا | j |
| čay | چاي | čay | چاي | č |
| mal | مال | mal | مال | m |
| miras | مىراس | mïras | مىراس | m |
| on | ئون | on | ئون | n |
| bän | بەن | män | مەن | n |
| bil - | بىل - | bil - | بىل - | l |
| dal | تال | tal | تال | l |
| rahat | راھەت | rahät | راھەت | r |
| bir | بىر | bir | بىر | r |
| žapon | ياپون | yapon | ياپون | ž - y |
| žandarma | ژاندارما | žandarma | ژاندارما | ž |
| hazan | خازان | xazan | خازان | h - x |

تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشىمۇ بۇ ئىككى تىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

1. تۈرك تىلىدىكى b تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدا بەزىدە d، m، p، w ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بەزىدە b چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| تۈرك تىلى | ئۇيغۇر تىلى | سۆز مەنىسى |
|---|---|---|
| bän | män | مەن |
| bängü | mäŋgü | مەڭگۈ |
| bajak | pačaq | پاچاق |
| balta | palta | پالتا |
| akïbät | aqiwät | ئاقىۋەت |

| | | |
|---|---|---|
| xabär | xäwär | خەۋەر |
| baba | dada | دادا |
| böbräk | böräk | بۆرەك |

2. تۈرك تىلىدىكى k ئۇيغۇر تىلىدا بەزىدە ğ، q، x ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

| تۈرك تىلى | ئۇيغۇر تىلى | سۆز مەنىسى |
|---|---|---|
| aksak | aqsaq | ئاقساق |
| kaläm | qäläm | قەلەم |
| akšam | axšam | ئاخشام |
| kadïn | xotun | خوتۇن |
| kayïp | ğayïp | غايىپ |
| kaz | ğaz | غاز |

3. تۈرك تىلىدىكى d تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدا بەزىدە t ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ

| تۈرك تىلى | ئۇيغۇر تىلى | سۆز مەنىسى |
|---|---|---|
| dal | tal | تال |
| dar | tar | تار |
| damga | tamğa | تامغا |
| därä | tirä | تىرە |
| däwä | tögä | تۆگە |

4. تۈرك تىلىدىكى s ئۇيغۇر تىلىدا š ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

| تۈرك تىلى | ئۇيغۇر تىلى | سۆز مەنىسى |
|---|---|---|
| sač | čač | چاچ |
| sač- | čač- | چاچ- |

5. تۈرك تىلىدىكى f ئۇيغۇر تىلىدا بەزىدە p ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

| تۈرك تىلى | ئۇيغۇر تىلى | سۆز مەنىسى |
|---|---|---|
| fayda | payda | پايدا |
| fil | pil | پىل |
| figan | piğan | پىغان |

6. تۈرك تىلىدىكى n ئۇيغۇر تىلىدا ŋ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

| تۈرك تىلى | ئۇيغۇر تىلى | سۆز مەنىسى |
|---|---|---|
| bin | miŋ | مىڭ |
| yäni | yäŋi | يېڭى |
| tanrï | täŋri | تەڭرى |
| än | äŋ | ئەڭ |

7. تۈرك تىلىدىكى p ئۇيغۇر تىلىدا b، m ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

| تۈرك تىلى | ئۇيغۇر تىلى | سۆز مەنىسى |
|---|---|---|
| pazar | bazar | بازار |

| | | |
|---|---|---|
| parmak | barmaq | بارماق |
| pamuk | mamuq | ماموْق |

8. تۈرك تىلىدىكى f ئۇيغۇر تىلىدا p ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

| تۈرك تىلى | ئۇيغۇر تىلى | سۆز مەنىسى |
|---|---|---|
| saf | sap | سەپ |
| fayda | payda | پايدا |
| wazifä | wäzipä | ۋەزىپە |

9. تۈرك تىلىدىكى w ئۇيغۇر تىلىدا بەزىدە g، ğ، b، y ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

| تۈرك تىلى | ئۇيغۇر تىلى | سۆز مەنىسى |
|---|---|---|
| däwä | tögä | تۆگە |
| üwäy | ögäy | ئۆگەي |
| kawun | qoğun | قوغۇن |
| kowalamak | qoğlamaq | قوغلىماق |
| var | bar | بار |
| äw | öy | ئۆي |

10. تۈرك تىلىدىكى d ئۇيغۇر تىلىدا بەزىدە t ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

| تۈرك تىلى | ئۇيغۇر تىلى | سۆز مەنىسى |
|---|---|---|
| dur | tur | تۇر |
| dal | tal | تال |
| duz | tuz | تۇز |
| damak | tamaq | تاماق |
| dayak | tayaq | تاياق |

11. تۈرك تىلىدىكى سۆز بېشىدا كەلگەن w تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدا بەزىدە چۈشۈپ قالىدۇ.

| تۈرك تىلى | ئۇيغۇر تىلى | سۆز مەنىسى |
|---|---|---|
| wurgu | urğu | ئۇرغۇ |
| wurmak | urmaq | ئۇرماق |

يۇقىرىدىكىلەردىن كۆرۈۋالالايمىزكى، تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى مەيلى سوزۇق تاۋۇش ۋە مەيلى ئۈزۈك تاۋۇش جەھەتتىن بولسۇن نۇرغۇنلىغان ئوخشاشلىقلارغا ئىگە بولۇپ، بۇ ئورتاقلىق تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەنبەداش تىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە، بۇ ئىككى تىلنىڭ ھەرقايىسى تۈركىي تىللار ئارىسىدىكى تىل ئالاھىدىلىكىنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

4. خۇلاسە

گەرچە تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىللىرىدا كۆپ جەھەتتە ئورتاقلىقلار بولسىمۇ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان تۇغقان تىللار بولۇش سۈپىتى بىلەن، يەنىلا نۇرغۇنلىغان ئوخشىماسلىقلارمۇ بار. تۆۋەندىكى ئوخشىماسلىقلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچى، سوزۇق تاۋۇشلارغا قارىتا ئېلىپ ئېيتقاندا، تەلەپپۇز ئورنى ئوخشاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولمىغانلىقتىن ئىككى تىلدىكى سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن فونېمىلارمۇ ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، تۈرك تىلىدىكى ağïl (ئېغىل) سۆزىدىكى a تاۋۇشى تىل كەينى، تۆۋەن سوزۇق تاۋۇشىغا، ï تىل كەينى، يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشقا تەۋە. ئۇيغۇر تىلىدىكى egïl (ئېغىل) سۆزىدىكى e تاۋۇشى ئارا، يېرىم يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشقا كىرىدۇ. كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولغىنى بىلەن، فونېتىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بۆلۈپ چىققاندا، ئىككى خىل تىلدىكى سوزۇق تاۋۇشلار يەنىلا مەلۇم پەرققە ئىگە.

ئىككىنچى، ئۈزۈك تاۋۇشلارغا قارىتا ئېلىپ ئېيتساق، ئىككى تىلدىكى پارتىلىغۇچ تاۋۇشلارنىڭ تەرەققىياتى مەلۇم جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە. لېكىن قەدىمكى تۈرك تىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، بەزى جەھەتلەردە تۈرك تىلىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىر قەدەر كۆپ بولسا، يەنە بەزى جەھەتلەردە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ خېلى كۆپ. ئالايلۇق، قەدىمكى تۈرك تىلىدا سۆز بېشىدا كەلگەن نەپەسلىك، جاراڭسىز تاۋۇش k، t قاتارلىقلار تۈرك تىلىدا نەپەسسىز، جاراڭلىق تاۋۇش d، g ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى تۈرك تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى köz (كۆز)، toquz (توققۇز) تۈرك تىلىدا ئايرىم - ئايرىم göz، dokuz دەپ يېزىلىدۇ. قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى tiš (چىش) ئۇيغۇر تىلىدا čiš تۈرك تىلىدا diš دەپ يېزىلىدۇ.

ئۈچىنچى، قەدىمكى تۈرك تىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر تىلى بىلەن تۈرك تىلىدىكى بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلار ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى bän (مەن)، bin (مىڭ) سۆزىدىكى b تاۋۇشى تۈرك تىلىدا ئەينەن ساقلىنىپ قالغان (مەسىلەن: bän، bin)، ئۇيغۇر تىلىدا بولسا m غا ئۆزگىرىپ كەتكەن (مەسىلەن: män، miŋ).

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① جۇۋ جېڭچىڭ، جۇۋ يۇنتاڭ: «تۈركچە - خەنزۇچە لۇغەت» (خەنزۇچە). [M] بېيجىڭ: سۇدا ئىشلىرى باسمىخانىسى، 2008 - يىلى.

② تۈرك تىللار قۇرۇمى: «تۈركچە سۆزلۈك» (تۈركچە). ئەنقەرە، 2009 - يىلى.

③ زەينەپ نىياز: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن ئومۇمىي بايان — فونېتىكا ۋە سىنتاكسىس». [M] بېيجىڭ: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 - يىلى.

④ جاڭ دىڭجىڭ، ئابدۇرېشىت ياقۇپ: « تۈركىي تىللار ئەدەبىياتى تەتقىقاتى». [M] بېيجىڭ: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، 2009 - يىلى.


**(ئاپتورلار : مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرستىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى فاكولتېتى جۇڭگو قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقاتى كەسپى 2012 ـ يىللىق دوكتور ئوقۇغۇچىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات فاكولتىتى 2012 ـ يىللىق ماگىستر ئوقۇغۇچىسى)**

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# قارا دۆۋە يەرلىك تىلى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

ئابلاجان يۈسۈپ تەھۇر

قارا دۆۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسىنىڭ بىر قولى بولغان ئۇيغۇر بەش شەھەر ئەلنەغمىسى ئاساسلىق ساقلانغان، تۇرلۇك سېھىرلىك پاراگلارغا تېما بولۇپ كەلگەن، تىرىشچانلىق بىلەن ئۆملۈكنى ئۆزلىرىگە مىزان قىلغان قارا دۆۋە ئۇيغۇرلىرى ئەسىرلەردىن بېرى ياشناپ كەلگەن مۇقەددەس زېمىن. بۇ تۇپراقتا ئۆسۈپ يېتىلگەن قارا دۆۋە ئۇيغۇرلىرى قومۇل رايونىدا قارلۇقغولنى بويلىغان بەش شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە مەدەنىيەت رايونىنى شەكىللەندۇرگەن. بۇ خىل ئۆزگىچە مەدەنىيەت قارا دۆۋە ئۇيغۇرلىرى نورمال ئالاقىدە قوللىنىلىدىغان قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. بۇ ماقالىدا قارا دۆۋە يەرلىك تىلىنىڭ خاسلىقلىرى دەسلەپكى قەدەمدە يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

قارا دۆۋە قومۇل شەھىرىنىڭ 70 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان يېزا. قارا دۆۋە يېزىسى قارا دۆۋە ۋە لاپچۇقتىن ئىبارەت ئىككى رايونغا بۆلىنىدۇ. لاپچۇق قارا دۆۋىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان. قارا دۆۋىنىڭ جەنۇب، غەرب تەرەپلىرى پايانسىز چۆل - جەزىرىلەرگە جۈملىدىن دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ چۆللۈك تەكلىماكان چۆللۈكىگە تۇتىشىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، قارا دۆۋىدە قىروسىز مەزگىل ئۇزۇن، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇپ، بۇ مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇزلاردىكى شېكەر ماددىسىنىڭ ئېشىشىنى پايدىلىق تەبىئىي شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن. شۇڭا بۇ جايدىن چىقىدىغان ئۈزۈم، چىلانلارنىڭ شېكەر شىرنىسى كۆپ، ئېتى قېلىن، تاتلىق بولۇپ، «قارا دۆۋە چىلىنى»، «قارا دۆۋە ئۈزۈمى» نامى بىلەن مەشھۇر.

سۆزىمىز «قارا دۆۋە» دېگەن يەر نامى ھەققىدە بولۇنغىنىدا، «قومۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى »دە كۆزگە چېلىقىدىغان «قارا دۆۋىنىڭ تۈگمەنبويى دېگەن يېرىدە بىر قارا سايلىق دۆڭ بار، شۇ دۆڭنىڭ نامىغا «قارا دۆۋە» دېيىلگەن» دېگەن قاراشنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىراق، يەرلىك خەلقنىڭ تىلىدا «قارتۆۋى» دېيىلىدىغان، يۈز يىل بۇرۇن رۇسىيە ئالىمى كاتانوف «قارا تۆبە» دەپ خاتىرىلەنگەن بۇ يۇرتنىڭ ئىسمى ئۇ كىچىككىنە دۆڭ تۆپەگىلا قويۇلۇپ قالمىغان بولسا كېرەك، چۈنكى قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «بۈيۈك ۋە يۈكسەك» مەنىسىنى بىلدۈرگۈچى «قارا» سۆزى قوشۇلۇپ سۈپەتلەنگەنىكەن، ئۇ دۆڭ ياكى تۆپە بولغان ھالەتتە شۇنداق چوڭ بولۇشى كېرەك، بىراق تۈگمەنبويىدىكى ئۇ دۆڭ ئۇنچىلىك زور ئەمەس. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، قارلۇقغول قارا دۆۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش شەھەر رايونىنىڭ مۇھىم سۇ مەنبەسى. قارا دۆۋە ئەنە شۇ قارلۇقغولنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان. شۇڭا بىزنىڭ پىكرىمىزچە ئەنە شۇ قارا، ئۇلۇغ سۇ بولغان قارلۇقغولنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان بۇ يۇرت «قارا تۆۋەن» بولۇپ، كېيىنچە كەينىدىكى «ن» تاۋۇشى قومۇل شېۋىسىدىكى باشقا سۆزلەرگە ئوخشاشلا چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك.

قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيەلىك بويۇملار بىزگە بۇ جايدا بۇنىڭدىن 3000 يىللار بۇرۇنلا موڭغۇل - ياۋروپا ئارىلاشما ئىرقىغا تەۋە كىشىلەرنىڭ

ياشىغانلىقىنى ۋە مەدەنىيەتتە خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۈگۈنكى كۈندىكى قارا دۆۋە ئۇيغۇرلىرى ئەنە شۇ زاماندىكى كىشىلەرنىڭ بىۋاستە ئەۋلادى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە تۆۋەندىكىدەك ئېتنىك مەنبەلەرنى ئاساس قىلىدۇ. مىلادىيە 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەردە پىشامشاندىن بىر تۈركىي ئاھالىنىڭ بۈگۈنكى قارا دۆۋە رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ، لاپچۇق(纳职) ناھىيەسىنى قۇرغانلىقى ھەققىدە تارىخىي مەلۇماتلار كۆزگە چېلىقىدۇ. مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە ئورقۇن ۋادىلىرىدىن كۆچۈپ كىرگەن زور بىر تۈركىي ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇلۇشى قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ، جۈملىدىن قارا دۆۋە ئۇيغۇرلىرىنىڭمۇ يەنە بىر مۇھىم ئېتنىك مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قارا دۆۋە ئۇيغۇرلىرى تىلغا ئېلىنغاندا ئۇلارنىڭ تۇرپان ئۇيغۇرلىرى بىلەن بولغان ئوخشاشلىقلىرى ئىختىيارسىز تىلغا ئېلىنىدۇ. 1732 ـ يىلى تۇرپان بېگى ئىمىن خوجا جۇڭغار ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ بىر تۈمەندىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ گۇاجۇغا كۆچكەن. ئۇلار قومۇلدىكى چىڭ ئارمىيەسى بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇۋاتقان تالناچىن (بۈگۈنكى تاشۋېلىق) قا كەلگەن. بۇ چاغدا ئاران توققۇز مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭلا قالغانلىقى «چىڭ سۇلالىسى شىزۇڭ خانغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»دا كۆزگە چېلىقىدۇ. تالناچىنغا بارغۇچە كېمىيىپ كەتكەن ئىككى مىڭغا يېقىن كىشىنىڭ ھېچبولمىسا زور كۆپچىلىكىنىڭ تۇرپاندىن قومۇلغا ئۆتۈشتىكى بىرىنچى ئۆتەڭ قارا دۆۋە ـ لاپچۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش شەھەر رايونىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلىپ ئېلىش مۇمكىن. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىچكىرىدىن چىققان خۇيزۇ قوزغىلاڭچى بەي يەنخۇ ياقۇپبەگكە قوشۇلۇش ئۈچۈن مېھرىبانۇ ۋاڭ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆزى بىلەن بىللە يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق قومۇل خەلقىنى مەجبۇرىي ھالدا ئېلىپ ماڭغان. بۇ قومۇللۇقلارنىڭ بىر قىسمى ئۈچ يىلدىن كېيىن ئاندىن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كەلگەن، يەنە بىر قىسمى ئاقسۇغىچە بولغان جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا قارا دۆۋە خەلقى بۇ قاچ ـ قاچتا تۇرپانغا بېرىپ پاناھلانغان، مېھرىبانۇ ۋاڭ ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن چېچىلىپ كەتكەن قومۇل خەلقىنى يىغقاندا بىر قىسىم قارا دۆۋىلىكلەر ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. قارا دۆۋىدىكى بىر قىسىم چوڭ ياشلىقلارنىڭ رىۋايەتكە قارىغاندىمۇ، قارا دۆۋىدە بىر قېتىملىق زور قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەن بولۇپ، قارا دۆۋە خەلقىدىن بۇ قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كەتكەنلىرى تۇرپانغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە كېيىنچە قارا دۆۋە يۇرت بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى يۇرتلىرىنى ئەسلىشىپ تۇرپاندىن قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. شۇنىڭ بىلەن قارا دۆۋىنىڭ يەرلىك تىلىدا تۇرپان شېۋىسىنىڭ ئالامەتلىرى ئىپادىلىنىدىغان بولغان. بۇ رىۋايەتتە ئېيتىلغان ئەھۋال بەي يەنخۇ يېغىلىقىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئەھۋالغا ناھايىتى ئوخشىشىپ قالىدۇ. بۇ خىل تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ قارا دۆۋە ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەنە بىر ئېتنىك مەنبەسىنىڭ تۇرپان تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى ۋە قارا دۆۋىلىكلەرنىڭ بىر مەزگىل تۇرپاندا ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. قارا دۆۋە ئۇيغۇرلىرى يۇقىرىقىدەك ئېتنىك تەركىبلەرنىڭ قوشۇلۇشىدا ئۆزىگە خاس بولغان پىسخىك ئامىللارنى ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىنى، شۇنىڭدەك قومۇل شېۋىسىنىڭمۇ، تۇرپان شېۋىسىنىڭمۇ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۇرگەن يەرلىك تىلىنى ياراتقان.

قارا دۆۋە يەرلىك تىلى ھەققىدە بىز ئېرىشكەن ئەڭ دەسلەپكى مەلۇمات رۇسىيە تۈركولوگى ن. ف. كاتانوفنىڭ 1892 ـ يىلى «قارا تۆبەنىڭ توي قىلغانى» نامىدىكى تەكشۈرۈش خاتىرىسىدۇر. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى تۇرپان شېۋىسى توغرىسىدا يېزىلغان بىر قىسىم ماقالىلاردا قارا دۆۋە يەرلىك تىلىنىڭ تۇرپان شېۋە رايونىغا تەۋە ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى.

مەزكۇر ماقالىدا 2011 ـ يىلى 20 ـ فېۋرال قارا دۆۋىدە ئېلىپ بېرىلغان تىل تەكشۈرۈش ئاساسىدا قارا دۆۋە يەرلىك تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە توختىلىپ ئۆتۈلىدۇ ۋە قارا دۆۋە يەرلىك تىلىنىڭ قۇمۇل، تۇرپان شېۋىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. تىرناقنىڭ ئىچىدىكى «ق» ھەرپى قۇمۇل شېۋىسىگە، «ت» ھەرپى تۇرپان شېۋىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. قائىدە بويىچە ھەممە سۆزلەر ئوخشاش كەلسە قائىدىنىڭ كەينىگىلا تىرناق ئىچىگە ئىزاھات بېرىلدى. قائىدىسىزلىك كۆرۈلگەندە كونكېرىت سۆزلەرگە تىرناق بىلەن ئىزاھات بېرىلدى.

*قارا دۆۋە يەرلىك تىلىنىڭ فونېتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى:*

1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئەھۋالى

1) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقى

(1)قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا لەۋ ۋە تىل ئورنى جەھەتلەردە ئاھاڭداشلىقىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى ئىزچىللىقا ئىگە ئىكەنلىكى، ھەتتا ئەدەبىي تىلدا لەۋ ئاھاڭداشلىقى ۋە تىل ئورنى ماسلىشىشچانلىقى بۇزۇلغان سۆزلەردىمۇ بۇ خىل ئىزچىللىقنى ساقلانغانلىقى كۆرۈلىدۇ.(ق، ت) مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|---|---|
| تەتۈر: | تۆتۈر | ئەرزان: | ئارزا |
| ئۆچەرگۈز: | ئۆچۈرگۈز | يۆگەي: | يۆگۆي |
| كۆسەي: | كۆسۆ | كۆتەر ـ: | كۆتۈر |
| ئۆچەي: | ئۆچۆگە | ئوسال: | ئوسول |
| موزاي: | موزو | ئادەم: | ئەدەم |
| بەداشقان: | باداشقان | كالتە: | كالتا |
| دەسمال: | داسمال | | |

بۇ خىل ئىزچىللىق بىر قىسىم ياسالما سۆزلەردە، شۇنىڭدەك پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە، ئۆتكەن زامان بىرىنچى شەخس ۋە رەۋىشداش شەكىللىرىدە، ئىسىمنىڭ سان، تەۋەلىك ۋە كېلىش كاتېگورىيەلىرى بىلەن تۇرلەنگەندە روشەن ھالدا كۆرۈلىدۇ.(ق، ت) مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|---|---|
| بۆلەك: | بەلەك | قوللىرىمغا: | قوللۇرۇمغا |
| قوندۇرۇپ: | قوندۇرۇپ | قوندۇرغۇزۇپ | |
| قوندۇم: | قوندۇم(قوندام ئەمەس) | كۆزۈم: | كۆزۈم |
| كۆزۈڭ: | كۆزۈڭ(كۆزەڭ ئەمەس) | كۆزۈڭلار: | كۆزۈڭلار(كۆزەڭلار ئەمەس) |
| قوللىرى: | قوللۇرى | | |

(2) قەدىمكى تۈرك، ئۇيغۇر تىللىرىدا «ك،گ» ئۇزۇك تاۋۇشلىرى ھامان تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن، «ق، خ، ڭ» ئۇزۇك تاۋۇشلىرى ھامان تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن بىللە ماسلىشىپ كېلىدۇ. قۇمۇل ـ تۇرپان رايونىدىكى بۇ خىل ئورتاق ئالاھىدىلىك قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدىمۇ ئەدەبىي تىلدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشىراق ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرمۇ مۇشۇ قائىدە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان.

يۇقىرىقى قائىدىگە كۆرە، ئەدەبىي تىلدا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن ئىپادە قىلىنىدىغان بەزى سۆزلەر قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|
| پوشكال: | پۆشكەل (ق، ت) |
| ئۇكام: | ئۆكەم (ق، ت) |
| ساڭگىلات-: | سەڭگەللەت(ق) |
| گال: | گەل(ق) |
| هاسىرا-: | هەسىرە-(ق) |
| چوكان: | چۆكەن(ق، ت) |

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|
| داڭگال: | دەڭگەل(ق) |
| چاڭگال: | چەڭگەل(ق) |
| كالپۇك: | كەلپۈك (ق، ت) |
| چوكا: | چۆكۈش (ق) |
| نىمىشقا: | نىمىشكە(ق، ت) |
| توكۇر: | تۆكۈر(ق) |

ئەدەبىي تىلدىكى يەنە بىر قىسىم سۆزلەردىكى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. (ق، ت) مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|
| قەغەز: | قاغاز |
| مۆڭگۈز: | مۆڭگۆز |

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|
| دەرەخ: | داراق |
| تەخسە: | تاخسا |

2) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

(1) بەزى سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا كەلگەن «ئا»، «ئە» تاۋۇشلىرى «ئي»، «ئى» تاۋۇشلىرىغا ئاجىزلىشىدۇ، بۇ ئەرەبچە، پارسچىدىن كىرگەن سۆزلەردە تېخىمۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|
| پەرىشتە: | پىرىشتە(ق، ت) |
| زەينەپ: | زىينەپ(ق) |
| ئەۋەت-: | ئىۋەت-(ق) |
| پەيشەنبە: | پىيشەمبە(ق، ت) |

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|
| چاچرا-: | چىچىرا-(ق، ت) |
| قاترا-: | قىترا-(ق، ت) |
| بەدەن: | بىدەن(ق، ت) |
| مەيدە: | مىيدە(ق، ت) |

(2) سۆز بېشىدا ياكى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئارىسىدا كەلگەن «ئە، ئي» تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزدا جاراڭسىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|
| ئېشەك: | ئىشەك(ق، ت) |
| كېپەن: | كىپەن(ق) |
| تېزەك: | تىزەك(ق) |
| چېلەك: | چىلەك(ق، ت) |

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|
| دەيمەن: | دىيمەن(ق) |
| جەينەك: | جىينەك(ق) |
| يەيمىز: | يىيمىز(ق) |
| كېسەل: | كىسەل(ق) |

بەزى سۆزلەردە ھەتتا «ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقاندىن كېيىنمۇ يەنە بىر «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. (ق) مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|
| مېۋە: | مىيۋە |

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|
| بىغەم: | بىيغەم |

2. ئۈزۈك تاۋۇشلار

1) ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

(1) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىنىڭ قومۇل شىۋىسىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى، قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا بوغۇم ئاخىرىدىكى «ن» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى قومۇل شىۋىسىدىكىدەك ئېغىر ئەمەس. مەسىلەن:

| قارادۆۋە | قومۇل | قارا دۆۋە | قومۇل |
|---|---|---|---|
| چۆگۈن: | چۆگۈ(ق، ت) | ئوتۇن: | ئوتۇ(ق) |
| يانچۇق: | ياچۇق(ق) | | |

بىراق بۇمۇ مۇتلەق بولمايدۇ. قومۇل بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ كۆپلۈكى تۇپەيلى تىللارنىڭ ئۆز ئارا تەسىرىدىنمۇ قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدىمۇ نۇتۇقتا ئايرىم سۆزلەردە يەنە «ن» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى كۆرۈلىدۇ.

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|---|---|
| قازان: | قازا(ق) | دەيمەن: | دىيمە(ق، ت) |
| بىلەن: | مىنە(ق) | تۈگمەن: | تىيمە(ق، ت) |
| ئون ـ يىگىرمە: | ئو ـ يىگىرمە(ق) | خامان: | خارما(ق، ت) |
| كېيىن: | كىيى(ق، ت) | ئوبدان: | ئامدا(ق) |
| چاشقان: | چاشقا(ق) | بىدەن: | بىدە(ق، ت) |

(2) قارا دۆە يەرلىك تىلىدىمۇ خۇددى قومۇل شېۋىسىدىكىگە ئوخشاش بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «ي» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى بىر قەدەر كۆپ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|---|---|
| سايرىماق: | سارىماق(ق، ت) | بىلەي: | بۇلۇ(ق، ت) |
| چايقىماق: | چاقىماق(ق) | موزاي: | موزو(ق، ت) |
| ئايغىر: | ئاغىر ئات(ق) | كۆسەي: | كۆسۆ(ق، ت) |
| قايرىل: | قارىل(ق، ت) | چويلا: | چولا(ق، ت) |
| ئويغاق: | ئۇخاق(ق) | | |

(3) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا قومۇل شېۋىسىگە ئوخشاشلا بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «ل» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىدىن باشقا «ئال ـ»، «قىل ـ»، «كەل ـ»، «بول ـ»، «قىل ـ»، «سال ـ» قاتارلىق پېئىللار تۈۋەندىكىدەك شەكىللەردە كەلگەندە، بولۇشلۇق، بولۇشسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پېئىل ئۆزىكىدىكى «ل» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. (ق، ت) مەسىلەن:

تۈپ سۆزلەر ئۈچۈن: يالغان: ياغان يالغۇز: ياغۇز

رەۋىشداش شەكىللىرى: بولغىلى: بوغىلى بولغىچە: بوغىچە بولغىلى: بوغىلى

بولغۇچە: بوغۇچە بولۇپ: بوپ بولغاچقا: بوغاچقا بولغانسېرى: بوغانسېرى

سۈپەتداش شەكىللىرى: بولغان: بوغان بولغۇم: بوغۇم بولغانلىق: بوغانلىق

بولۇۋاتقان: بوۋاتقان، بويتقان، بويتقا، بوۋاتقا

پەرەز ـ قارشىلىق مەيلى پۈتمىگەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى: بولسا: بوسا

بۇيرۇق ـ تەلەپ مەيلى پۈتمىگەن هازىرقى زامان خەۋەر شەكلى: بولسۇن: بوسۇن

بولغاي: بۇغاي

باشلانما تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى، ئىزچىل هازىرقى زامان خەۋەر شەكلى: بولغۇلۇۋاتىدۇ: بوغۇلۇۋاتىدو

ۋاسىتىسىز بايان مەيلى ئىزچىل هازىرقى زامان خەۋەر شەكلى: بولۇۋاتىدۇ: بوۋاتىدۇ، بويتتۇ

بولماقتا: بوماختا

مەقسەت پېئىلى شەكلى ئۈچۈن: بولماقچى: بوماقچى

ۋاسىتىلىق بايان مەيلى، ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى: بولۇپتۇ: بوپتو

ۋاسىتىسىز بايان مەيلى، پۈتكەن هالىق ئۆزەك شەكلى، ئۆتكەن زامان: بولۇۋالدى: بوۋالدى

www.uyghurkitap.com


ۋاستىسىز بايان مەيلى، پۈتكەن ئۆتكەن زامان شەكلى:بولىۋىدى، بومىۋىدى:بوۋىدى، بومىۋىدى

يۇقىرىقى پېئىللار تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە بولۇشلۇق شەكلى بىلەن كەلگەندە پېئىل ئۆزىكى تەركىبىدىكى«ل» تاۋۇشى چۈشۈپ قالماي، بولۇشسىز تۈرى بىلەن تۈرلەنگەندە چۈشۈپ قالىدۇ. (ق، ت) مەسىلەن:

ۋاستىسىز بايان مەيلى، ئىمكان تۇسلۇك ئۆزەك شەكلى، ئىزچىل ھازىرقى زامان شەكلى: بولالاۋاتىدۇ، بولالمايۋاتىدۇ، بولامايۋاتىدۇ:

ۋاستىسىز بايان مەيلى، ئىمكان تۇسلۇك شەكلى، پۈتمىگەن ھازىرقى زامان شەكلى: بولالايدۇ، بولامايدو:

ۋاستىسىز بايان مەيلى، پۈتمىگەن ئۆتكەن زامان شەكلى:
بولاتتى، بومايتتى بولۇردى، بوماستى

ۋاستىسىز بايان مەيلى، پۈتمىگەن ھازىرقى زامان شەكلى: بولار، بوماس

ۋاستىز بايان مەيلى، ئاددىي ئۆتكەن زامان شەكلى: بولدى، بومدى:

ۋاستىز بايان مەيلى، پۈتمىگەن ھازىرقى زامان شەكلى: بولدۇ، بومايدۇ

بۇيرۇق ـ تەلەپ مەيلى، پۈتمىگەن ھازىرقى زامان شەكلى: بولاي، بوماي بولۇڭلا، بوماڭلا بول، بوما

ئىسىمداش شەكلى بولۇش، بوماسلىق:

پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداش شەكلى: بولىدىغا، بومايدىغا

(4) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا بەزى سۆزلەردە قومۇل شېۋىسىگە ئوخشاشلا «ئا»، «ئو»، «ئۇ» تاۋۇشلىرىدىن كېيىن بوغۇم ئاخىرى بولغان «غ» تاۋۇشى ۋە «ئە» تاۋۇشىدىن كېيىن بوغۇم ئاخىرى بولغان «گ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|---|---|
| ئاغرىپ: | ئارىپ(ق، ت) | ئۇرغاق: | ئۇراق(ق، ت) |
| ئوغلاق: | ئولاخ(ق) | توغراق: | توراق(ق) |
| لەگلەك: | لەلەك(ق) | توغرام: | تورام(ق) |
| ئەلگەك: | ئەلەك(ق) | | |

قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا قومۇل شېۋىسىدە يۇقىرىقىدەك قائىدىگە ئاساسەن چۈشۈرۈپ قويۇلىدىغان بىر قىسىم سۆزلەردىكى «غ»، «گ» تاۋۇشى چۈشۈرۈپ قويۇلمايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|---|---|
| باغلا: | باغلا(ت) | ماغدۇر: | ماغدىر(ت) |
| زاغرا: | زاغرا(ت) | تولغاق: | تولغاق(ت) |
| ساغرۇ: | ساغرو(ت) | | |

قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا بەزى سۆزلەردىكى يۇقىرىقىدەك «غ»، «گ» تاۋۇشلىرى «ي» تاۋۇشى بىلەن ئۆۋەتلەشتۈرۈلىدۇ. (ق، ت) مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|
| تۆگمەن: | تىيمەن، تىگمەن |
| قوغلا ـ : | قويلا ـ |

(5) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسى، بوغۇم ئاخىرىسىدا كەلگەن «ر» تاۋۇشى چۈشۈرۈپ قويۇلمايدۇ. (ق) مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|---|---|

تاغاق: تاراق    يۆتكىمەك: يۆرتكىمەك
خامان: خارما    يوتقان: يورتقا
ئارپا: ئارپا    سەت: سەرت

(6) «ق»، «ك»، «چ»، «ب» قاتارلىق ئۆزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان تۈس ياردەمچىلىرى بىلەن كەلگەندە رەۋىشداشنىڭ ئاخىرىدىكى «پ»لىق رەۋىشداش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ. (ق، ت) مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|---|---|
| قۇرۇپ كەتتى: | قۇر كېتتى | چۈشۈرۈپ قوي: | چۈشۈرقوي |
| قويۇپ قوي: | قوي قوي | كېلىپ تۇر: | كېپ تۇر |

(7) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا كۆپىنچە ئەرەب ـ پارسچە كىرمە سۆزلەردە «ۋ» تاۋۇشىنىڭ «گ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى بار. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|---|---|
| ۋاق: | گاخ(ق، ت) | ئەرۋاھ: | ئەرگا(ق، ت) |
| سۇۋىماق: | سۇگىماق(ق) | زۇۋۇلا: | زۇگۇلا(ق، ت) |
| ھاندۇرۋا: | ئەندىرگە | يۇۋاش: | يۇگاش(ق، ت) |
| ھالۋا: | ھالگا(ق، ت) | ھاۋا: | ھاۋا، ھاگا(ق) |
| ھاۋانچا: | ھاگانچا(ق، ت) | ئۇۋاق: | ئۇگاخ(ق، ت) |
| زاۋال: | زاگال(ق) | ئاۋال: | ئاگال(ق، ت) |
| پالۋان: | پالگان(ق، ت) | ۋايىت: | گايىت(ق، ت) |

ئۇنىدىن باشقا قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا ئايرىم سۆزلەردە «ۋ» تاۋۇشى «غ» تاۋۇشىغىمۇ نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن: «ۋاراق» سۆزى قارا دۆۋىدە «غورەك، غارەك» دەپ قوللىنىلىدۇ.

(8) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا ئەدەبىي تىلدىكى «خ» تاۋۇشى بەزى سۆزلەردە «غ»، «ق» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|---|---|
| خوجا: | غوجا(ق، ت) | ئۇستىخان: | ئۇسقان(ق) |
| خۇرجۇن: | غۇرجۇن(ق) | دەستىخان: | داسقان(ق) |
| سېغىزخان: | سېغىزغان(ق) | | |

(9) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا يەنە بىر قىسىم سۆزلەردىكى «پ» تاۋۇشى «ۋ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|---|---|
| قاپاق: | قاۋاق(ق، ت) | شورپا: | شوۋا(ت) |
| كۆپۈك: | كۆۋۈك(ق) | قاپارتقۇ: | قاۋارتقۇ(ق) |

(10) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا، «ب» تاۋۇشىنىڭ «ۋ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى مەۋجۇت بولۇپ، كونتېكىست شارائىتىدا كۆپ كۆرۈلىدۇ. (ق، ت) مەسىلەن:
بۇرۇنقى قائىدە يوسۇنلاردا قىز ۋالىنى ئۆيىدىن چىقارمايدۇ. قىز بالا ئۆيدە ئولتۇرىدۇ.
شۇنىڭ مىنە ئۇنى «نە ۋارسە؟» «مە بىگىم بەگەن بۇلاخقا ۋارىمە»، «شىيەگە ۋېرىپ ئىشلەپ كىلىمە» دىيگەندىن كيىن، شۇنىڭ مىنە «بىگىم بەگەن بۇلاق»، ئەخىرسى ۋېرىپ، گەپ ئۆزگىرىپ «بىگام بۇلاق»قا ئۆزگىرىپ قاپتۇ.
(11) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا قومۇل، تۇرپان شېۋىلىرىگە ئوخشاش قەدىمكى تۈركىي، ئۇيغۇر

www.uyghurkitap.com



تىللىرىدىكى سۆز بېشىدىكى ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا كەلگەن «ت» تاۋۇشى قەدىمكى شەكلىنى ساقلاپ قالغان.(ق) مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|---|---|
| چىش: | تىش | چۇش: | تۇش |
| چۇشۇرگە: | تۇشۇرگە | چىشى: | تىشى |
| چۇشەن: | تۇشەن | | |

(12) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ كېيىنكى بوغۇمىدا كېلىدىغان «ج» تاۋۇشى «چ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|---|---|
| كۆپجۇمەك: | كۆپچۇمەك(ق) | سانجىق: | سانچىق(ق) |
| ئىنجىقلىماق: | ئىنچىقلىماق(ق، ت) | قانجۇق: | قانچۇق(ق) |

(13) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا دىماغ تاۋۇشلىرىنىڭ «ي» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى بار. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|---|---|
| ئېڭەك: | ئىيەك(ق) | مېڭە: | مىيىە(ق، ت) |
| قىممەت: | قىيمەت(ق) | لەڭمەن: | لەيمەن(ق، ت) |

بۇ خىل ئەھۋال قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

(14) قەدىمكى تۈرك، ئۇيغۇر تىللىرىدا كۆپىنچە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ بوغۇم بېشىدا سوزۇقلار كەلمىگەنلىكتىن، قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا سۆز بېشىدا كەلگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بېشىغا بىر «ھ» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. (ق، ت) مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|---|---|
| ئوسما: | ھوسما | ئەقىلسىز: | ھېقىلسىز |
| ئېزىز: | ھېزىز | ئاشىق: | ھاشىق |

(15) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا سۆز ئاخىرىدا كېلىدىغان «ز» تاۋۇشى بەزىدە «س» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپمۇ قالىدۇ. (ق، ت) مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|---|---|
| قىز: | قىس | توققۇز: | توققۇس |
| كۆزىمىز: | كۆزىمىس | | |

## گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

(1) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەرنىڭ 1 ـ شەخس، كۆپلۈك ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ئۇچۇن «ـ نىڭ» قوشۇمچىسى ئىشلىتىلگەندىن باشقا، «ـ نى» قوشۇمچىسىمۇ قوللىنىلىدۇ. (ق، ت) مەسىلەن: مېنىڭ ئۆيۈم: مېنى ئۇيۇم، مېنىڭ ئۇيۇم

(2) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرنىڭ سان كاتېگورىيەسى ئۇچۇن قوشۇلىدىغان «ـ لار، ـ لەر» قوشۇمچىلىرى قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىشى ئىزچىللىقى بويىچە كېلىدۇ. يەنى تۆۋەندىكىدەك تىل ئالدى تاۋۇشلۇق سۆزلەردىن كېيىن «ـ لەر» قوشۇمچىسى ئىشلىتىدۇ. (ق، ت) مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
|---|---|---|---|

كۆزۈڭلار: كۆزۈڭلە ئۆزۈڭلار: ئۆزۈڭلە

ئىككىڭلار: ئىككىڭلە دەڭلار: دەڭلە

(3) سۆپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى ئۈچۈن «ـ ارق»، «ـ ەرەك» قوشۇمچىسى قوللىنىلىدۇ. (ق، ت) مەسىلەن:

ئەدەبىي تىل قارا دۆۋە يەرلىك تىلى ئەدەبىي تىل قارا دۆۋە يەرلىك تىلى

چوڭراق: چوڭاراق تۈزۈكرەك: تۈزۈگەرەك

ئىلدامراق: ئىلداماراق ئۈزۈنراق: ئۈزۈناراق

(4) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا كىشىلىك سانلار ئۈچۈن «ـ ۆلەن» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. (ق، ت) مەسىلەن:

ئەدەبىي تىل قارا دۆۋە يەرلىك تىلى ئەدەبىي تىل قارا دۆۋە يەرلىك تىلى

بىرەيلەن: بىرۆلە توققۇزەيلەن: توققۇزۆلە

(5) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا 2 ـ شەخسنىڭ هۆرمەت تۈرى، سىپايە تۈرى قوللىنىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئاددىي تۈرى كۆپ قوللىنىلىدۇ. بۇ جەھەتتە قومۇلنىڭ تاغ رايونلىرىنىڭ تىلىغا ئوخشايدۇ، قومۇلنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى «ئۆزلە»دىن روشەن پەرقلىق هالدا قارا دۆۋىدە چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال هەممەيلەن ئۆز ئارا «سەن» دېيىش ئارقىلىق يېقىنلىقنى ئىپادە قىلىشىدۇ.

(6) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا شەخس ئالماشلىرى ۋە كۆرستىش ئالماشلىرىغا يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى «غا»نىڭ قوشۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ساقلىنىشى بىر قەدەر ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىل قارا دۆۋە يەرلىك تىلى ئەدەبىي تىل قارا دۆۋە يەرلىك تىلى

ماڭا: ماڭغا(ق، ت) ئۇڭا: ئۇڭغا(ق)

ساڭا: ساڭغا(ق، ت) شۇڭا: شۇڭغا(ق)

بۈگۈنكى ئۆزبېك تىلىدا بۇ خىل ئەھۋال يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى «ـ گە» بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىپ تىلنىڭ ماسلىششى بۇزۇلغان (مېنگە، سېنگە دېگەندەك)، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا تاۋۇش چۈشۈپ قالغان بولسا قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا بۇ ئالاھىدىلىك ساقلانغان. ئۇندىن باشقا قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا «غ» تاۋۇشىنىڭ ساقلىنىشى يەنە تۆۋەندىكى سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ. ياڭغاق: ياڭاق(ت)، يالاڭغاچ: يالىڭاچ(ق، ت)

(7) كۆرستىش ئالماشلىرىنىڭ ئوخشاتما كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى ۋە سوئال ئالماشلىرىدىن «قانداق»لار قارا دۆۋە يەرلىك تىلىنىڭ ئىستېمالىدا:

قارا دۆۋە يەرلىك تىلى ئەدەبىي تىل قارا دۆۋە يەرلىك تىلى ئەدەبىي تىل

قاناق: قانداق(ق، ت) مۇشۇنداق(ق،ت) ماشناق:

ماناخ: مۇنداق(ق، ت) مۇشۇنداق(ق،ت) شۇناق:

ئاشناخ: ئاشۇنداق(ق، ت) شۇنداق(ق، ت)

دېشناخ: ئاشۇنداق(ق، ت) ئاناق: ئۇنداق(ق، ت)

مايناق: مۇنداق(ت)ئېناق: قايناق: قانداق(ق)

ئۇنداق(ق) دېناخ: ئۇنداق(ق)

شۇناق: شۇنداق(ق، ت) مۇشناق:

قاتارلىق شەكىللەردە كۆرۈلىدۇ.

قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا، قومۇل شېۋىسى بىلەن ئورتاق بولغان، ئەمما ئەدەبىي تىلدا يوق

كۆرسىتىش ئالماشلىرىدىن «دې»، «دېشۇ»، «دېبۇ»لار بار. كۆرسىتىش ئالماشلىرىدىكى «دې» تۇرپان شېۋىسىدىمۇ بار بولۇپ، تۇرپاندا «دا» ھالىتىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

يۇرت قوزغىلىپ چىقىپ، دېشۇ ئىگىزنى ۋېشىغا، دۆڭگە بىر تۇر سەپتو.

دې جاڭگال - بىس تېرىقچىلىق قىيتقا يە ۋوغاندىنكى، شەدىن بۇلاپ ئەپكىتىدىكە.

بىزنىڭدەك گادايلا دېبى يەدە ئوتىغاندى كىيىن، ئۇششاق قويىدو.

(8) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا باغلىغۇچى «ئەكىن»نىڭ قوللىنىلىش چاستوتىسى يۇقىرى ۋە «ئە» تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلاشقاندىكى «ئېكىن» شەكلى، «زە» يۈكلىمىسى قوشۇلغاندىكى «ئەكىنزە»، «ئېكىنزە» شەكلى، شۇنداقلا «ن» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغاندىكى «ئەكى»، «ئېكى»، «ئېكىزە»، «ئەكىزە» قاتارلىق شەكىللىرى مەۋجۇت. (ق) مەسىلەن:

ئەكىزە شىيەدە دەۋازنۇڭ ئىچىدىن سەپ، دەۋوزنىڭ ئىشىگىدە پوستا تۇرغانلانىمۇ سەپ توخماخ ۋىلە، ئۆتۈرۈپ، ئەكىنزە ھاسارغا بىرنى بىر يۆلەپ، ئاغامچىلا ۋىلەن تاتىشىپ چىقىپ، ماشەدىن ئېكىن قېچىپ كەتكېنىكەن يوقۇرسۇ تەرەپكە.

ئەكىزە شۇناق قىپ بۇمىغاندىن كىيىن، ئەكى، يۇرت قوزغىلىپ چىقىپ، دېشۇ ئىگىزنى بېشىغا، دۆڭگە بىر تۇر سەپتو.

ئەكىن ئۇلار ئاتلىق تۇمان توزىتىپ، قىنىشلىرىنى ئوينىتىپ بېينىغا ماڭغاندىن كىيىن....

ئېكى شۇنىڭ ۋىلە بىزە ئاش قىلىدو.

(9) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا، پېئىلنىڭ ئىزچىل تۇسلۇك سىنتېتىك شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «-يت» ياكى«-ۋات، -ۋۇات، -ىۋات، -ۇۋات» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ پېئىللارنىڭ ئىزچىل تۇسلۇك ئۆزەك شەكلى «-پ»لىق رەۋىشداشلارغا «-يات» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بى قوشۇمچىسىغا ئۆزگەرسە قومۇل شېۋىسىدە «-يت، -بيت» قوشۇمچىلىرىغا ئۆزگىرىدۇ. قومۇل شېۋىسىدە تامامەن ئالدىنقى شەكىل ئىشلىتىلسە، قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا «-ۋات، -ۋۇات، -ىۋات، -ۇۋات» قوشۇمچىلىق شەكلى كۆپرەك، «-يت، -بيت» قوشۇمچىلىق شەكلى ئازراق قوللىنىلىدۇ. (ق) مەسىلەن:

ئەكى شۇنىڭ ۋىلە ئىيەدە چېپىيتقاننى كۆرۈپ:«خالايىق، جېنىڭنى قۇتقاز، بوينۇمىزنى چېپىيتىدو، ئۆتۈرۋاتىدو، جېنىڭنى قۇتقاز» دەپ ئەۋاز كەمەدو ئۆتۈرىيتقا يەدىن.

بولۇۋاتقان: بويتقا، بۇۋاتقا، بولالمايۋاتىدۇ: بولامايۋاتىدۇ

(10) پېئىللارنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ مەيلى خەۋەر شەكلى I شەخس كۆپلۈك تۈرى پېئىل ئۆزىكىگە «-يىنىڭ، -اينىڭ، -ينى، -يني، -يلي، -نىڭ »قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. (ق) مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
| --- | --- | --- | --- |
| كېتەيلى: | كىتىينى | ئالايلىچۇ: | ئالايىنىڭچو |
| ئالايلى: | ئالايلي، ئالايىني، | ئالايلىكىنا: | ئالايىنىكىنا |
| ئالايىنىڭ | | ئالايلىلا: | ئالايىنىڭلا |
| ئالمايلى: | ئامايىنى | | |

(11) پېئىلنىڭ بۇيرۇق تەلەپ مەيلى، 1- شەخس، 3-شەخس قوشۇمچىلىرى «-ەي»نىڭ ئورنىغا «-بي» قوشۇمچىسى قوللىنىلىدۇ. (ق) مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى | ئەدەبىي تىل | قارا دۆۋە يەرلىك تىلى |
| --- | --- | --- | --- |
| دېمەي: | دىمىي | بېرەي: | بىرىي |
| دەي: | دىي | بەرمەي: | بەمىي |

ئۆتەي: ئۆتى بېرەي: بىرى
ئۆتىمەي: ئۆتمى بەرمەي: بەمى
دېمەي: دىمى ئۆتىگەي: ئۆتىگى
دەي: دى ئۆتىمىگەي: ئۆتىمىگى

(12) پېئىللارنىڭ پۈتمىگەن ھازىرقى زامان شەكلىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىسى «ـمەي» قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا «ـمى» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. (ق) مەسىلەن:

ئەدەبىي تىل قارا دۆۋە يەرلىك تىلى ئەدەبىي تىل قارا دۆۋە يەرلىك تىلى
ئۆلتۈرمەيدىكەن: ئۆتەمىيدىكە كۆرمەيمەن: كۆمىيمە
كىرمەيدىكەن: كىرمىيدىكە قويۇپ بەرمەيمىز: قويپەمىيمىز

(13) پېئىللارنىڭ ۋاسىتىلىق بايان مەيلى ئۆتكەن زامان شەكلى پېئىللارنىڭ كەينىگە «ـىۋىكەن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. (ق) مەسىلەن: بۇ غازلار تۇشۇپ تۇرغاندىن كېيىن، بۇغازنى ئاتاي دىۋىكەندۇق.

(14) قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدا ئىملىق سۆزلەرنىڭ ھايۋانلار چاقىرىش ھەيدەش سۆزلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

| | چاقىرىش سۆزلىرى | ھەيدەش سۆزلىرى |
|---|---|---|
| قوي | تىۆ ـ تىۆ ـ تىۆ، مەھ ـ مەھ | كۇشو |
| كالا | | پوش ـ پوش، ھوش ـ ھوشە |
| توخۇ | تۇ ـ تۇ ـ تۇ | كۇشو |
| ئىت | ماھ ـ ماھ ـ ماھ | چىق، چىغە |
| مۈشۈك | پىش ـ پىش ـ پىش | پىشىي |

ئۇندىن باشقا ئات ـ ئېشەك، قېچىرلارنى ئوڭغا ماڭدۇرۇش ئۈچۈن «يى ـ يى ـ يى»، سولغا ماڭدۇرۇش ئۈچۈن «ئۇۋوۋ ـ ئۇۋو ـ ئۇۋو»، توختىتىش ئۈچۈن «ۋو ـ ۋو ـ ۋو»، ھەيدەش ئۈچۈن «تىر ـ چو» ئىملىقلىرى قوللىنىلىدۇ.

2011 ـ يىلى 20 ـ فېۋرال قارا دۆۋىدىكى مەخمۇت ئۇستا بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتتە توپلانغان تىل ماتېرىياللىرىدىن ئۆرنەك:

*قىزىل تۇرا ھەققىدە رىۋايەت*

ئەسكىشادا قۇللۇق كۆل ماينىاق بىر ئىگىز تاغدەك بىر نىمىكە، شۇنى تىشىپ كامار قىپ ئۆي قىپ ئوتىغان نىمىكەن قالماقلار. موشو يەردە بىر قىزىل تۇرا دەپ بىر تۇرا بار. ئېگىزنىڭ بېشىغا سېلىپ قويغان تۇرىكەن. ئۇلار بۇرۇن ئۇ جاڭگالدا ئوتۇغاندىكىن، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىپ جان باقىدىكەن، ئاناي تېپىپ بىز خەقنى. ئېكى ئۇ تۇرنى نىمە ئۈچۈن سەپ قويدۇ دىسە، ئاشۇ ئەسكىشاردىن مۇشۇ ئاياقنى تېرىغلى، بۇغداي، قوناق بىر نىملەرنى ئات ـ كاللارنى ئاپىرىپ شىيەردە تېرىغاندىكىن، ئەكىنزە شۇلار پەيلەپ تۇرۇپلا ئاتلىق چىقىپ كىپ، كاللارنى، ئاتلارنى ئاقىچكىتىپ سويۇپ يەپ، بىزنى ياياق قويىدىكەن. ئەدەمنى ئۆتەمىيدىكەن. ئەكىزە شۇناق قىپ بۇمىغاندىن كېيىن، ئەكى، يۇرت قوزغىلىپ چىقىپ، دېشۇ ئىگىزنى بېشىغا، دۆڭگە بىر تۇر سەپتو. تۇرنى ساغاندىن كېيىن، مۇشۇ ئەتىيازلىق تېرىقچىلىق ۋاختىدا بىر ئەدەم، ئىككى ئەدەم شۇنى ۋېشىدا تۇرۇپ پوس قىلىدىكەن، گۇزەت قىپ ئاياقىا قاراپ. ئەكىن ئۇلار ئاتلىق تۇمان توزىتىپ، قىنىشلىرىنى ئوينىتىپ بېينىغا ماڭغاندىن كېينلا: «چاققان تۇت، چىقىپ كىلىدۇ قالماقلار!» دىگەندىن كېيىن، ئات ـ كاللارنى شۇ قويلاپ، بېينىغا قېچىپ چىقىۋالدىغان گەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



بىيەگە، يۇرتنى ئىچىگە كىلامايدىكەن. دې جاڭگال - بىس تىرىقچىلىق قىيتان يە ۋوغاندىنكى، شىيەدىن بۇلاپ ئەپكىتىدىكەن. ئىكىنزە شۇ تۇرنى ۋىشىدىكى ئەدەم قاراپ تۇرىدىكەن. «مانا تۇمان توزۇپ چىكىلىدو» دىگەندىن كىينىلا بىينىغا قىچىپ چىقىۋالىدىكەن.

*بىگام بۇلاق ھەققىدە رىۋايەت*

بۇرۇن ۋاڭلانىڭ ۋاختىدا لۇشچەندىكى كۆلدە غاز، ئۆردەكلەر تۇشۇپ تۇراركە،بۇ غازلار تۇشۇپ تۇرغاندىن كىين، بۇغازنى ئاتاي دىۋىكەندوق، پادىشانىڭ ئوغلى، غاز ئۇچۇۇكتىپتو، بىر بالا شەدە سۇغا چومۇپ، پالتاقشىپ يۇرگەندىن كىين، غاز ئۇچۇۇكتىپدو - دە. مە ئاتىدىغان غازنى ئۇچۇرۋاتتى بۇ دەپ، بالىنى ئاتماخچى بولىدو. ئاتماخچى ۋۇغاندىن كىين، ئىكى يىنىدىكى ۋىزىرى: « ئىي غوجام، بۇنى ئاتمايني، مۇنى بىشىغا بىر تۇخۇمنى قويقويۇپ، ئاندىن شۇ تۇخۇمنى نىشانە قىلايني! ئەگەر ئوق تىيىپ كىتسە بىشىغا، ئۆلسۇن، يوق تۇخۇمغا تىيىپ كىتسە، بىز ماينىاق قىپ ئوينىساقمامدو» دىۋىكەن، ئۇ پادشانىڭ ئوغلى كىچىكلا بىر بالا چاۋا:«ۋوي، شۇناق قىلايني، بولىدو» دەپتو. ئىكى شۇنىڭ ۋىلە بىر پاچىق لايني بىشىغا ئەپ قويۇپ، لايغا تۇخۇمنى مىندۇرقويۇپ، ئىگىز قىپ، ئۇ ئەخمەق بالا چاۋا، ئۇ ۋاڭنىكى ئوغلىمۇ، ئەكىنزە نىشانە قىپ، ۋاڭلا قىپتو، تۇخۇمنى چىچىپتو. بالا قوقۇنچىدا ئۆرلىكىتىپتو بو. ئىكىنزە ئۇ پالگانىكە شۇ لۇشچەندە يۇرگەن بىر، شۇنىڭغا ئاتتۇرۇپتو چۇ. ئۇ ئۇستا پالگان بولغاندىكىنى يوقايىنغا قارىتىپ ئاتمادۇ، بالىنى ئاتامدۇ؟! ئىكى شۇنىڭ ۋىلە:«ھەي ياخشى مەرگەنىكەنسە سەن» دەپ، ئۇ بۇلاخنى قومۇل ۋاڭنىڭ بىيرىۋىتىپتو شۇ پالۋاڭغا. «سەن مىشەدە ئۆردىك ئىتىپ، غاز ئىتىپ جىنىڭنى باق. ساڭا بەدىم بۇ بۇلاخنى» دىگەندىن كىين. ئۇ ۋاڭنى ئوغلىنى «بىگىم، بەك» دەپ قويىدىكە. شۇنداق بولغاندىن كىين «بىگىم بەگەن بۇلاخ» دىيدىغا گەپ. شۇنىڭ مىنە ئۇنى «نە ۋارسە؟» «مە بىگىم بەگەن بۇلاخقا ۋارىمە»، «شىيەگە ۋىرىپ ئىشلەپ كىلىمە» دىيگەندىن كىين، شۇنىڭ مىنە «بىگىم بەگەن بۇلاق»، ئەخىرسى ۋىرىپ، گەپ ئۆزگىرىپ «بىگام بۇلاق»قا ئۆزگىرىپ قاپتو.

*«يۇردۇم ئالەمنى» ناخشىسىنىڭ كىلىپ چىقىشى*

بىر پادشانىڭ بىر ئوغلى ۋاركەندوق. ئوغلى ھىيچ ئىش قىمايدىكەن، ئۇخلاپ، ئويناپ. ئاتىسىنى سۆزىگە كىرمىيدىكەن. غەمما يىمىي ئۇخلاپلا يۇرىيدىكە بۇ -چو! شۇنىڭ ۋىلەن:« سەن بىر جاھاننى كىزىپ ئايلىنىپ كەچو» دەپ، سەپ قويۇپتو بىزە پۇل مىنەن. بۇنى سەپ قوغاندى كىين، شۇ مىڭىپتو چو. ئەكىنزە، قارتۇۋگە ۋاسىما، قومۇلغا ۋاسىما، ،تۇرپاڭ، پىچاڭغا باسىما شۇ، ھەمما ئەدەمدە بىر غەم بولىدىكەن - دە، يە تىرىيمەن داۋاتقان، چىلان كۇچلىيمەن داۋاتقان، غىمى يوق ئەدەم يوق، بىكار يۇرگەن ئەدەم يوق. شۇنىڭ ۋىلەن ئىكى يىنىكىپتو بىر نىچچى يىللاردىن كىين، قولىدا ھىيچنىمە يوق، پادىشانىڭ ئوغلى، خەجلىيدىغا پۇلمۇ يوق ۋوغاندىن كىين، پادشا سۇراپتو:«ھە، نىملەرنى كۆدۇڭ؟» دەپ.

«يۇردۇم ئالەمنى كەزدىم،
بارچىدا غەم بار،
سۇردۇم، غەمسىز كىشى جاھاندا
بىر خۇدايىم بار.» دىگەن ماقام شۇنداق پەيدا بولغىنىكە.

*قارا تۇۋنىڭ بۇرۇنقى زامانلاردا توي قىلغىنى*

بۇرۇنقى قايىدە يوسۇنلاردا قىز ۋالىنى ئۆيدىن چىقارمايدۇ. قىز بالا ئۆيدە ئوتۇرىدۇ. مەسىلەن،

ئۇ قارومۇ، ساغرومۇ، مەسلەن. مەمما كۆمىيمەن. ماڭغا ئەپ بىرىدىغان ئىش ۋۇسا، «پالانچى، ناھايىتى ئابدا ئەدەم، ئامدان ئەپلىشىمىز. مۇشۇنى قىزنى ئەپ بەسەك ئوغلىمىزغا» دىگەندىن كىيىن، ئۇ قاناق قىزدۇ، پاكارمۇ، ئىگىزمۇ، ئۇنى بىلمىيدىغان گەپ. «مۇشۇنى ئەپرىمىز» دىسى، «ھە»لا دىيمىز بىز. ئۇ ئۆيگە بىرىپ، ئۇ قىز ۋالىغا گەپ قىلىدىغان، تىپىشىدىغان ئۇناق ئىش يوق. ئىكىزە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بىر داسقاننى ئاپىرىپ، «ماياناق قىزىڭلارنى بەرسەڭلار» دەپ بىر ئەدەمغا قۇللۇغ ۋىرىدۇ. ئۇلارما ئىكى «بۇلىدو، پالانچىنى ئوغلىغا بەسەك بىرىينى» دىيدو. ئۇ قىزما تىغى ئاڭلىمايدۇ ئۇ گەپلەرنى جۇمۇ! ئۇ يىگىتنى نىملىگىنىمۇ ئۇخمايدو. شۇنىڭ بىلەن «بىرىينى» دىگەندىن كىيىن، داسقان ئاپىرىدو. داسقىن ئاپاغاندىن كىيىن، شۇنىڭ ۋىلە بىكىتىدىغا گەپ ھىساپتا بۇنى. ئۇ ۋاختىدا بىر كالا سامىسا، توي قىلامايدو، قوينى ئوننى ساغام بىلەممە بىكا. قول ئىلگىدە ۋا ئەدەملەر قويدىن بەشنى كالىدىن بىرنى سالىدو. ئەكىزە ئۇ توينى قىغاندىن كىيىن، توينى قىغان ۋاختىدا، يۇپقا چوۋات(بازا نىپىدىنما يۇپقا)قا بىزە گۇرۈشنى پولو قىپ سالىدو، ئىكى پۇرچاخنى پۇشۇرۇدو. ئىكى ئۇنى بىزە ئارلاشتۇرۇپ، ئۇ ۋاخلاردا گۇرۈشنى تىپىش تەس بوغاندىن كىيىن، قىممەت، بىر شىڭ(تۆت سىڭىرلىك چەينەكتەك كەمگە سىلىپ ئۆلچىنىدۇ، ئون شىڭ بىر كۇرە ۋولىدو، ئون كۇرە بىر تاغا بولىدو) گۇرۈش، بىر تاغار بۇغداي، بىر كالا، بەش ـ ئالتى قوي سالىدو. ئەكي توينى باشلىغاندىن كىيىن، توي يانتىغى سەپ بىرىمىز دەپ، قىس تەرەپكە ئوتۇن سەپ بىرىدىغان ئىش ۋا. ئۇ زامانلادا ئوتۇننى جاڭگاللاغا ۋىرىپ، يانتاغدى، لوقاغدى ئەكىلدىغان گەپ. يىگىت تەرەپنىڭ مەلىلەنى، ئەل ـ ئىغىينا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى چىللايدو. ئاراۋولورى ۋا بەزەنلەنىڭ. ماياناق توي يانتىغى سالىمىز تويغا دەپ چىللىسا، تۇغقانلار ئاراۋولورنى قىتىپ كىلىدو. ئەكىن ھىپىزلار داپنى ئەپ، ناخشىنى ئەيتىپ، بىر ھاراۋىغا ئوتۇرۇشۇپ بارىدو جاڭگالغا. ئىكى جاڭگالغا باغاندىن كىيىن، شۇ لوقاغلاردىن، يۇلغۇنلاردىن سەپ، بىسىپ كەپ، سەككىز ـ ئون ئاراۋۇ ۋىلە، توي يانتىغى سەپ بىرىمىس دەپ قىس تەرەپكە ئاپارسا، قىس تەرەپتىن بىر قازا ئاشنى قىپ، ئەكىنزە ئۇ يانتاق ئاپارغان يىگىتلەرگە ئاشنى بىرىدو. ئەكي قىس تەرەپتىن يىگىتلەر ئاراۋۇلارنىكى لوختىلىرىنى يۇشۇنۇۋالىدو. يۇشۇنۇۋاسا، يىگىت تەرەپنىڭ يىنىپ كىلىپي دىسە، ئاتنىكى يە بەلىگىنى، يە جەگىننى، يە بويۇنچىغىننى ئاۋاغان. شۇنىڭ مىنە يىنىپ كىلامايدو. ئەكي بۇلا، يىگىت تەرەپنىڭ پىيەلىلىرىنى يوشۇنۇپ تىقىۋالىدو. ئەكي شۇنىڭ مىنە شيەدە ئويۇن قىپ تۇرغاندى كىيىن، پىيەلىنى بىرىڭلە، دىگەندى كىيىن، ئەمىسە جابدۇقلانى ياندۇرپىرىڭلە، دىيدىغان گەپ. ئاراۋا جابدۇغىنى ياندۇرپەسە، ئەكي پىيەلىلەرنى قويۇپ قويدو. ئىكى ئەتىسى ئەكىنزە يىگىت تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى ئاش قىپ ياشلانى چىللايدو. ياشلا شۇنىڭ مىنە داپلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، غىرجەكلىرىنى تارتىپ ئويۇن ـ تاماشا بىلەن بارىدو. چىللىغان ئەدەم ئۇچ ياستۇق، بىر يورتقان، كۆرپە قىلىدو. ئۇنىكىدە بىر ئەدىيالغا يۆگەپ كىپ، ياشلا ئارتىپ مۇرىسىگە داپنى چىلىپ، ناخشىنى ئىيتىپ، ھىنە بىر تۇغقىنى چىللىغان ۋوسا ئىيەگە بارىدو. ئىيەدىن بىر ئۇچ ياستۇق، يورتقان، كۆرپىنى ئەپ كىلىدو. بەش ـ ئالتي تۇغقىنى چىللايدو مۇنى. ئەكي ئۇ نىملەنى ئەكىپ ئۆيگە تىزىپ قويۇپ، ئەكي توي ۋاشلايمىز، دەپ ئاخشىمى قىس تەرەپنىكىدىمۇ ئويۇن(مەشرەپ) بولىدو، يىگىت تەرەپنىكىدىمۇ مەشرەپ بولىدو. ئەكي مەشرەپ تۈگىگەندىن كىيىن، ئەتىسى تويغا كىلىدو. تويغا كەسە ئاگال قىزنىكىگە بارىدىغا ئىش. قىزنىكىدە لىگەنلەرگە قاق، ئۇزۇم، چىلان دىگەندەك مۆگىلەرنى ئەچىقىپ، ئەر جامائەتلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئايلىغا تۇتتۇدو. ئەكي ئۇنىڭدىن بەش - ئون دانە ئەپ يانچۇققا سەپ، ئەكي ئۆيگە ماڭاينى دەپ ئۆيگە كىرىمىس. ئەكىزە شۇ ھېلىقى چاۋاتنى بېشىغا بىزە گورۆشنى، پۇرچاخنى سەپ، گۆش ۋاسىدو. ئۇ گۆشنى ئۇششاق قىۋاتمايدو. ئۆگە - ئۆگە، ئىلىكنى ئىلىك، دولىنى دولا، سۆجىنى سۆجە قىپ، بايلار، چاپىنى كاتتىلار تۆرىدە ئوتىغاندىن كىيىن، ئۇلاغا يۇغا قويىدو، بىزنىڭدەك گادايلا دېبىيەدە ئوتىغاندى كىيىن، ئۇششاق قويىدو. ئەكى شۇنىڭ ۋىلە بىزە ئاش قىلىدو، ئاشنى ئىچىپ، بىزەزىر پولالارنى يېيىشىپ، يالىقا يۆگىۋاپ، ياندۇرۇپ ئەپكىلىپمىز. ئېكى ئايالالار بارىدو ئاقىدىن. ئەكي شۇنىڭ ۋىلە قىزنى كۆچۇردىغاڭغا، ئەم قىزنى بەسەڭلە، دەپ سەككىز ئون ئەدەم قالىدو شىيەدە. مانا قىزنى جابدۇيتتۇ دەپ تۇركېتكەن. ئەكي ئۇ قىزنى ئەچىقىپ ئاراۋۇغىغا ساغاندىن كىين، ئا شەدە بىرسى بىر لاتىنى تارتىپ، توسايدۇ بۇنى. توسىۋاغاندىن كىيىن، شۇنىڭ ۋىلە، قويپەسەڭلا، دىسە، ياق، قويپەمىيمىز، دەپ ئۇنىمىغاندى كىيى، ئېكى ئۇلارغا، ئۇچ - تۆت لىگەن پولونىڭ ئۇستىگە گۆشنى بېسىپ، ئۇچ كىشىلىكمو، تۆت كىشىلىكمو گۆشنى ئېچىقادىن كىيىن، جىق ياشلا توسۇۋالىدو. ئەكىنزە، قويۇپبېرىپ قوساڭلار، كەش ۋوكتىپارىدو، دەپ ئۇ ئاشنى، گۆش - پولونى بەسە، شۇنى توسىغا ياشلا پولونى تالىشىپ، چېچىپ، شۇنداقلا قىپ يۇرۇپ، ئېكى قويۇپ بېرىدو قىزنى. ئېكى قىزنى ئۆيگە ئەكىۋالىدو. ئاخشىمى مەشرەپ قىپ ئوينايدو. ئەكي ئەتىسى چىللاشقا دەپ بىرنىم با ھەنە. قىس تەرەپنىڭ يېقىن تۇغقانلارنى، يىگىت تەرەپنىڭ مەلىسىدىكىلەرنى قىشقىرىپ، بىر مىچىت جامائاتنى شوۋىلىق ئاش قىپ، پولو سەپ، بېشىغا بىزە گۆشنى بېسىپ، ئېكى تاماقنى ياۋاپ، شۇنىڭ مىنە تۇگىيدو. ئېنى ئەتىسى ئېكىنزە يىگىت تەرەپنى قىس تەرەپنىڭ چىللايدو. توي بىر كۇن بولىدو. ئىككىنجى كۇنى قىس تەرەپنىڭ، ئۇچىنجى كۇنى يىگىت تەرەپنىڭ چىللاشقا قىلىدو. ئېكىنزە يەنە قىس تەرەپنىڭ يىگىتنى، ئاتىسىنى، ئانىسىنى قىشقىرىپ، بەش - ئالتى، يەتتى - سەككىز ئەدەمنى تېغىما ئامدان تاماق قىپ ئۇنى مېيما قىلىدو. ئېكى ئۇنى ئەتىسى يىگىت تەرەپنىڭ ئېكىنزە قىس تەرەپنى چىللاپ قۇدۇغۇي چىللاشقىسى قىلىدو. ئېكىنزە يەنە قىز ۋىلە يىگىتنى يېقىن تۇغقانلىرى بەش - ئون كۇنلەردىن كىيىن ئۆيلىرىگە قىشقىرىپ مېيما قىپ قويىدو.

### *سۇ تىگمىنىنىڭ بايانى*

بۇرۇن مۇشۇ قارتۇۋىدە شۇ سۇ تىيمىنىدە ئۇن تاتىپ يىيمىس. تۇگمەنبويىدا بەش - ئالتى سۇ تۇگمەن ۋار دىگەن. ئۇ مۇشناق يۇغا ئېرىقنى كۆتۇرۇپ ئاپىرىپ، ئېكىزە تۇۋەيىنگە ئىڭىشىپ، قوش ۋىلە چۇشەرگەندى كىيىن، ئېرىققا سەكرەپ چۇشۇپ ئېكىن چاقپىلەكنى پىقىرتىدو. بۇ بىر ئىنېرگىيە ئەمدى. ئەكي ئېنى ئايىغىغا باغاندا دې مۇشۇ سايلادەك ئېكى ھېنە ئېرىقنى كۆتۇرۇپ ئاپىرىپ، ئىگىزدىن سەكرەپ تۇشىدىغا قىپ، يىغاشتا بىر قوش قىپ تىيمەنىنىڭ چاقپىلىكىگە ئۇردۇرغاندى كىيىن، ھېنە بىر تىگمەن ماڭىدو. ئېكى شۇ تىمەندىن غىرىڭ - غىرىڭ، غىرىڭ - غىرىڭ، قىپ بۇغداي، قوناقنى يانچىپ تۇيمەننى ماڭدۇرىدو.

#### *قارا تۇۋۇنىڭ بانا بولۇشى*

بىزنىڭ ئالتىنجىدا يۇغان ھاسار، سوخما با. قېدىم زاماندا شۇ سوخمىنى ئىچى بىر شەھەركەندوق. بۇرۇن قالماق سوقۇشۇپ، ئېكىنزە قالماق مىشەگە كىپ، ئۇيغۇرلارنى شۇنداق بىر قىرغىنچىلىق قىپتو. شۇ قىرغىنچىلىق قىغان ۋاختىدا شەھەرنى ئىشىگىگە يۇغا دەرۋازىنى تاقاۋاغاندىن كىيىن، شىيەدە توساپ تۇرۇپ، قېچىپ شەھەردە ئۇ ۋاختا مىلتىق، قۇرال ۋومىغاندىن كىيىن، ھاسارنى ئىچىگە كىرۋاساق قۇتۇلۇمىز دەپ، كىرۋاغاندىن كىيىن، بۇلار دۇۋلەپ كىپ،

قىنىش، نەيزىلەر ۋىلە قوقۇتۇپ، سىلە بىيەدە ياتساڭلار ئاشقا ئۆلىسىلە، نا يوق، ياتىۋەگىنىڭلا مىنە. سىلە چىقىڭلا. سىلەنى دۈمبەڭلەگە خەت چاپلايمىس. خەت چاپلانغان ئەدەم بوسا ئامان قالىدو. خەت چاپلانمىغان ئەدەم كاللىسى ئىلىنىدو، دىگەندىن كىيىن، ئىكىن شەدە مەلوم بىر ئەدەمنى قولغا كەلتۈۋامادو، چىقىڭلا، مىنە مەن ئاما قالدىم، قاغا ئەدەملەگە شۇناق دىمەمدو. چىخسا، بىس ئۇنۇڭغا كەڭچىلىك قىلىمىس. بىينىغا چىقىڭلا دىگەندىن كىيىن، شۇنىڭ ئىچىدە ياشلا، مە ئاگال چىقىمە، دىسە، مە ئاگال چىقىمە دەپ، قىرى-قۇرىلارنى شىيەدە ئىتىرەۋىرىپلا ياشلا دۈۋەلەپ، دوۋزنىڭ ئالدىغا كىلدىغا گەپ، پەيدۈي ۋوپ. ئەكى ئىككى يىنىدى ئىككى ئەدەم، يۇرە ساڭغا خەت چاپلايمىز دەپ، بىر-بىر-بىر چىقىرىپ (يالمان دەپ بىر يە ۋا، ئىگىز ساينى بىشىدا، شۇنى ئاقىدا ئۇيسا شۇ قان چىقىدىغا ئاشەدىن) ئاپىرىپ كىپ، ئىككۆلەن باغاندى كىينىلا شىيەدە كاللىسىنى ئەپ ئۆتەگىلى تۇردىغا گەپ. ئەكي شۇنىڭ ۋىلە ئىيەدە چىپىيتقاننى كۆرۈپ:«خالايىق، جىنىڭنى قۇتقاز، بوينۇمىزنى چىپىيتىدو، ئۆتۈرۋاتىدو، جىنىڭنى قۇتقاز» دەپ ئەۋاز كەمەمدو ئۆتۈرىيتقا يەدىن. «بولدى، بىز ئۆلدۈق، قاغىنىڭ قۇتۇل» دەپ. ئىككى قالماق بىر ئەدەمنى ئىككى قولىدىن تۇتۇپ، قىنىشنى ماشناق دەملەپ، ئەپ ماڭىدىغا ئىشكە دىيدو. ئەكى يولدا كىتپاغاندى كىيىن، تۇيۇقسىز سەپلا، ئۇ ۋاختا قولنى باغلىمىغاندى كىيىن ئىينىڭ، قولىنى باغلىسا ئىيەدە تۇيۇنۇپ قالدو ئەمەسمۇ، ئايلىغا سەپ كىتپاغا نىمىنى شي يەدىنلا تاشنى ئەپ ئۇردۇمۇ، ئەكىنزە :«ئاقىدىكىلە، جىنىڭنى قۇتقاز» دەپ بىردىن بىرگە خەۋەر قىپ، ئەكىنزە شىيەدە دەۋازنۇڭ ئىچىدىن سەپ، دەۋۋزنىڭ ئىشىگىدە پوستا تۇرغانلانىمۇ سەپ توخماخ ۋىلە، ئۆتۈرۈپ، ئەكىنزە ھاسارغا بىرنى بىر يۆلەپ، ئاغامچىلا ۋىلەن تاتىشىپ چىقىپ، ماشەدىن ئىكىن قىچىپ كەتكىنىكەن يوقۇرسۇ تەرەپكە. قىچىپ كەتكە ۋاختا ئىكى باللانى قاناق قىلدو دىسە، ئاچارچىلىخ ۋوغاندى كىيىن، تىرىخنى جوۋنىنىڭ ئارىسىغا سىيپەۋىرىپ، كىچىككىنتە باللانى، قۇرساق ئاش ۋوغاندى كىيىن، ئەم بۇنى تىيرىپ يەڭلە، دىگەندىكىن، ئاشۇ باللا يۇڭنىڭ ئارىسىدىن دوپلاپ يامايدو ئەمەسمو، بىر دا، بىر دا تىيرىپ، شۇنۇڭغا كۈيمۇنۇپ قاپتۇ. باللارنى تاشلىۋىتىپلا ئەكىن ئاتا-ئانىلىرى چىقىپ كىتىيدىغا گەپ. كۆزۈمۈزما كۆمۈسۈن دەپ. ئىكى باللا ئاشقا، ئۇسسۇلۇقتا ئۆلمەمدو شىيەدە. ماينااق ۋوپ قىچكىتىپ، كىيىن ئىكىن قاراتۇۋ بانا ۋوغاننىڭزى، ئىكى، ئاستا ئەسلى يۇرتۇمۇز ماشەكە بىزنىڭ، يۇرتۇمۇزغا كىتىينى دەپ، تۇرپاندىن، پىچانلاردا يۇرۇپ، سەرگەردان ۋوپ يۇرۇپ، ئىكى يىنىپ كەگەنكە.

*قارا تۇۋىلىكنىڭ بىر كۈنى*

ئەتىگەندە نامازغا چىقىمىس، نامازدىن يىنىپ كىرگەندىن كىيىن، بەزەللە تەرتىم با دەپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىدو. ئاندىن ناشتىلىق چاي تەييالايدو. ناشتا مۇيىم ئەمدى. ناشتىنى قىۋاغاندىن كىيىن ئىكىن باغچى-بوغۇن(ئىغىل)لاغا كىرىپ ئوت-پوت ئەپ، ئۆلاق-قارىلانى ئۇيلاپ، ئۆلانى جۆندەپ قوغاندى كىيىن ئىكىنزە، چوڭ چاي قىلىدو. يە مانتا قىلىدو، يە دوبازا سالىدو. ئەكى سەي-پەي قورۇپ چاي-پاي تەييا قىلىدو. ئىكى چاينى ئىچىمىس، ئىكىنزە ئىشى يوق قىرى-قۇرىلا يىتىپ ئۇخلايدو، ئەكى ياشلا گاۋىسى قوي ۋاقىلى كەتكەن، گاۋىسى دىخانچىلىق قىغىلى كىتكەن، يە سۇغاغىلى كىتكەن، ئەشۇنىڭ بىلەن ئىكىن، پىشىن بۇغاندى كىيىن، قىرىلا تەرەتنى ئەپ پىشىننى ئۆتۈيدو. پىشىننى ئۆتەپ بوپ، ئىكىنزە يازنى كۈنى ۋوسا تاماق تەييا ۋولدو، تاماقنى ئىچىدىغا ئىش. تاماقتى كىيىن ئۇخلايدو. ئاڭغىچە ناماز دىگەر ۋولدو.

قىشنى كۆنى ۋوسا ئاخشىمى كەچ، ناماشىامنى ئاخىرسى ئوتتۇرۇپ ئاش ئىچىمىس. ناماشىامنى ئۆتىيمىز. شۇنىڭ ۋىلە ئېكىزە پاراڭ-ماراڭ سەپ ئوتتۇرۇپ، ناماز قۇتە ۋۇلدۇ، ئۇنى ئۆتىيمىز، ئېكى ئۇخلايدىغا ئىش.

*ئىلگەرى زاماندا نامازنىڭ بايانى*

نامازغا چىخمىغا ئەدەمنى دۇرە(ياغاشقا كالىنى تېرىسىنى ئىككى-ئۇش قات قىپ چەم قىلىپ بېكىت قوغا تاياق) بىلەن سالىدىغان گەپ. «جامائەت، پالانچى نامازغا چىقماپتو، يۇرۇڭلە» دەپ كىرگەندىن كىيىن، شىيەدە يە بىرسى خەۋەر قىلىدو:«چاقىقا، جامائەت چىخكىيتتو، قاش» دىگەندى كىيىن، ئاستا ئاقا ئىشىك ۋىلە باخچىما-باخچا قېچىپ كىتېدو. ئەكى جامائەت كىرىپ، «نە كېتتى» دىسە، «پالانچى قوي ۋاققىلى كېتتى، يە سۇغا كېتتى» دەپ قۇتۇلىدىغان ئىش. ئەگەر شەدە ئورنىدا يېتىپ تۇتۇلۇپ قاسا، «تات بۇنى!» دەپ تاتىپ ئەچىقىپ سەپ، دۇمبىلىرىنى شۇ قىزارتىۋاتىدىغا.

خۇلاسە

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتشۇناسلىقىدا هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسىمۇ، تۇرپان شېۋىسىمۇ مەركىزىي دىيالېكتقا تەۋە. قومۇل بىلەن تۇرپان ئەسىرلەر مابەينىدە ئۆز ئارا ئالاقىسى هېچ ئۈزۈلمىگەن يۇرتلار بولۇپ ئارىدىكى ئۇزۇن مۇساپە مەلۇم توسقۇنلۇقلارنى پەيدا قىلىسىمۇ، بىراق يەنىلا بۇ ئىككى يۇرت ئۆز ئارا ئالاقىلار ئەڭ كۆپ بولۇنغان يۇرتلاردىن سانىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىختا بىر نەچچە ئەسىرلەپ ئورتاق سىياسىي تېررىتورىيەدە ياشىغانلىقى بۇ ئىككى يۇرت خەلقى تىللىرىنىڭ ئوخشاشلىقىغا سەۋەب بولغان. مەلۇمكى دىيالېكتلارنى ئايرىشتا مەمۇرىي بىرلىككە قاراپ ئايرىش توغرا ئۇسۇل ئەمەس. ئەمەلىي تىل پاكىتلىرىغا هۆرمەت قىلغان ئاساستا ئايرىشلا ئەڭ توغرا ئۆلچەم بولالايدۇ. قارا دۆۋە ئۇيغۇرلىرى گەرچە تۇرپان ئۇيغۇرلىرى بىلەن بەزى تارىخىي باغلىنىشلارغا ئىگە بولسىمۇ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە قارا دۆۋە يەرلىك تىلىنىڭ تۇرپان شېۋىسىدىن بەكرەك قومۇل شېۋىسىگە يېقىن كېلىدىغانلىقى، شۇنداقلا رەۋەيدۇللا هەمدۇللا ئەپەندىنىڭ 1984 - يىلى 5 - سان «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «تۇرپان شېۋىسى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاهىزە» ناملىق ماقالىسىدا «تۇرپان شېۋە رايونى تۇرپان، پىچان، توقسۇن ۋە قومۇلنىڭ قارا دۆۋە، لاپچۇق دېگەن يەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەپ يازغان هۆكۈمىدە بەزىبىر كاملىقلار بارلىقى ئەمدىلەتىن سېزىلدى. قومۇل شېۋە رايونى ئادەتتە قومۇلنىڭ ئەنئەنىۋي مەمۇرىي رايونلىرى بويىچە «بەش شەهەر، ئون ئىككى تاغ، ئالتە تۈر ۋە شەهەرئىچى» (هاپىز نىيازنىڭ «قومۇل گۈلىستانلىقى»دىن) دەپ ئۈچ رايونغا بۆلۈنىدۇ. بۇ ئۈچ رايوننىڭ تىلىدا بەزى پەرقلەر مەۋجۇت. قارا دۆۋە ئەنە شۇ بەش شەهەرنىڭ بىرى بولۇپ، تەكشۈرۈشىمىز ئارقىلىق قارا دۆۋە يەرلىك تىلىنىڭ فونېتىكا ۋە گىراماتىكىلىق قائىدىلىرى تۇرپانغا نىسبەتەن قومۇل شېۋىسىگە تېخىمۇ بەكرەك يېقىنلىقىدىن قارا دۆۋە يەرلىك تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسىنىڭ بەش شەهەر تىلى تارمىقىغا ياتىدىغانلىقى بىلىندى. ئەلۋەتتە بۇنداق دېگەنلىك قارا دۆۋە يەرلىك تىلىدىكى تۇرپان شېۋىسىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس. بۈگۈنگىچە قومۇل، تۇرپان شېۋىلىرىگە ئائىت يېزىلغان ماقالىلەرنىڭ هېچقايسىسىدا بۇ ئىككى شېۋىنىڭ ئورتاقلىق ۋە پەرقلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ باقمىغان. بىراق مەزكۇر ماقالىنى يېزىش جەريانىدا تۇرپان شېۋىسىنى قوللانغۇچىلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆهبەتلەر ۋە ئىلگىرى يېزىلغان ماقالىلار ئاساسىدا قارا

دۆۋە يەرلىك تىلىدا خاسلىق دەپ قارالغان نۇقتىلار ھەققىدە ئىستاتىستىكا قىلدۇق، نەتىجىدە مەزكۇر يەرلىك تىلدىكى تۇرپان شېۋە تەركىبلىرى بىلەن قومۇل شېۋە تەركىبلىرى ئارىسىدىكى ئورتاقلىق بىلەن پەرقنىڭ نىسبىتىنى تەڭدە تەڭ دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پەرقنىڭ يەنە 83%ى قومۇل شېۋە تەركىبلىرى بىلەن، 8%ى تۇرپان شېۋە تەركىبلىرى بىلەن ئوخشاش، 9%ى قارا دۆۋە يەرلىك تىلىغا خاس بولۇپ چىقتى. بۇ ئىستاتىستىكىلىق مەلۇمات گەرچە قارا دۆۋە يەرلىك تىلىنىڭ ئەھۋالىنى مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىسىمۇ، بىراق بۇ يەرلىك تىل ھەققىدە فونېتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق خاسلىقلار ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە چىقىرىلغان ئىستاتىستىكا بولغاچقا يەنىلا قارا دۆۋە يەرلىك تىلىنىڭ مەۋجۇت ھالىتىنى بىر قەدەر توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ دەپ قارىدۇق ۋە قارا دۆۋە يەرلىك تىلىنىڭ قومۇل شېۋە رايونىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي تىل پاكىتلىرى ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆرسىتىپ بەردى دەپ ھېسابلىدۇق.

قارا دۆۋە يەرلىك تىلىنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنى تېخىمۇ ئىنچىكە تەسۋىرلەپ بېرىشتە ھالقىلىق رول ئويناپلا قالماستىن، يەنە ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشتە، شۇنداقلا قارا دۆۋە رايونىدىلا ساقلانغان ئۇيغۇر بەش شەھەر ئەلنەغمىلىرىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا قارا دۆۋە يەرلىك تىلى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتشۇناسلىقى، تارىخشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىق ئىلىملىرى ئۈستىدە كونكېرت تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زۆرۈردۇر.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


2011 ـ يىلى 20 ـ فېۋرال قارا دۆۋىدىكى مەخمۇت ئۇستا بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت

ۋاڭ شىلۇڭ: «ئىمىن خوجا بەگكە دائىر بىر قانچە مەسىلە»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2002 ـ يىل 1 ـ سان

رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «تۇرپان شېۋىسى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىل 4 ـ سان

ياسىن نىياز: «تۇرپان شېۋىسى توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىل 1 ـ سان

قومۇل شېۋىسىنى تەكشۈرۈش مەخسۇس گۇرۇپپىسى تۈزگەن، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى

خەمىت تۆمۈر، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى

ھاپىز نىياز: «قومۇل گۈلىستانلىقى» قولىيازما پ د ف نۇسخىسى

«قومۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى

خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنى تەكشۈرۈش پىروگراممىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1994 ـ يىل 3 ـ سان

نۇسرەت ئەرشىدىن: «تۇرپان دىيالېكتى ۋە ئۇنىڭ شېۋىلەرگە بۆلۈنۈش مەسىلىسى»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1997 ـ يىل 3 ـ سان

ئوسمان تۆمۈر: «قومۇل ۋە لاپچۇق ھەققىدە»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 ـ يىلى 3 ـ سان


(ئاپتور: مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەھرىرى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

ۋ. شۇدىمان (دېموكراتىك گېرمانىيە)

# ئىران تىلىدا يېزىلغان تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى رەتلىنىش ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

تەرجىمان: ئىمىن تاجى تۇرگۇن

ئىران تىلىدا يېزىلغان تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە ۋ. لېنتىز (W.Lentz) 1956 - يىلى ناھايىتى چوڭ ھەجىملىك ۋە مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان دوكلاتىنى بەرگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن 1960 - يىلى مارىي بويىسې (Mary Boyce) «ەبرمانىيە تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرىدا مانى دىنىغا ئائىت ئىران تىلىدا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار كاتالوگى» ناملىق ئەسىرىدىمۇ بۇ ھەقتە قىسقىچە مەلۇمات بەرگەن. كەمىنىمۇ 1960 - يىلى ۋە 1970 - يىلى يازغان ئىككى پارچە ماقالەمدىمۇ بۇ ھەقتە مەلۇمات بەرگەن ئىدىم. ئەمما يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن بۇ ھەقتە پايدىلىق بولغان دوكلاتلارنى بېرىشكە ئامالسىز قالغان ئىدۇق. ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىللىرى مۇتەخەسسىسى، ئىران تىلىدىكى تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە نەشىر قىلدۇرۇشتىكى باشلامچى ۋولتېر . ب. خېنىنىنىڭ (Walter. B. Henning) بالدۇرلا ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات خىزمىتىدە بىر مەزگىللىك ئۈزۈكچىلىك يۈز بەرگەن ئىدى. يەنە بىر نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مارىي بويىسېنىڭ (Mary Boyce) كاتالوگىنىڭ نەشىردىن چىقىشى كىشىلەرنى تۇنجى قېتىم تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە ناھايىتى مۇھىم ۋە سىستېمىلىق تەتقىقات ئۈچۈرىغا ئىگە قىلدى ھەمدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بۇ ھەقتىكى نەشىر بويۇملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە مۇھىم شەرتلەرنى ھازىرلاپ بەردى. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ناۋادا، ئىران تىلىدىكى تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات خىزمەتلىرى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلدى دېيىلسە، بۇ تۆھپە ئەلۋەتتە خەلقئارا ئىلىم ئالماشتۇرۇشنىڭ كۈچەيتىلىشى ۋە ەبرمانىيە جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە تۇرپان يازما يادىكارلىقلار تەتقىقات قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ تەتقىقات قوشۇنى 1967 - يىلىدىن باشلاپ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى كۈچۈيتىشكە باشلىغان.

ئىران تىلىدا يېزىلغان تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ۋە كۆپىنچىلىرى مانى دىنىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلاردۇر. مۇشۇ مەزگىللەردە (1970 - يىلىدىن بېرى) نەشىر قىلىنغان نەشىر بويۇملىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

1973 - يىلىغا قەدەر بىر قىسىم ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىق ئوتتۇرا ئەسىر پارس ۋە پارفىيە تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار قايتا نەشىر قىلىندى. بۇ ھەقتىكى ئۆلچەملىك ۋە سىستېمىلىق ترانسكرىپسىيەلەرنى مارىي بويىسېنىڭ (Mary Boyce) « مانى دىنىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر پارس، پارفىيە تىلى

تېكىستلىرى» ناملىق ئەسىرىدە ئورۇنلىدى. ترانسكرىپسىيە قىسمىدا تەرجىمە قىلىش ناھايىتى تەس بولغان سۆزلەر ۋە ئابزاسلارنىڭ ئىزاھاتىنى قوشۇمچە قىلدى. بىر قىسىم بايانلارنى ئى. س. ئاندېرىس (E.C, Anderss) ۋولتىر . ب. خېنىنىنىڭ (Walter. B. Henning) غا ئاغزاكى ئېيتىپ بەرگەن. مەن بۇنىڭدا ۋولتىر . ب. خېنىنىڭنىڭ (Walter. B. Henning) ماڭا ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى ئاساس قىلدىم. ئەمما ئەڭ دەسلەپكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ ترانسكرىپسىيە ۋە دەسلەپكى نەشرلىرىدە يېتەرسىزلىكلەر ساقلانغان. بۇ ھەقتە تۈزۈلگەن دەرسلىكتە قىسقىچە سۆزلۈك جەدۋىلىنى قىستۇرغان بولۇپ، كېيىن 1977 - يىلى «ئوتتۇرا ئەسىر پارس ۋە پارفىيە تىلىدىكى مانى دىنىغا ئائىت سۆزلۈكلەر قوللانمىسى» ناملىق ئەسەر نەشر قىلىنغان. كىتابقا س. سالىمانىنىڭ (Salemann) كىرىش سۆزى، ر. زىۋانزىگىرنىڭ (R. Zwanziger) تىلشۇناسلىق ۋە گراماتىكا تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن يازغان ناھايىتى قىممەتلىك بىر كاتالوگنى قوشۇمچە قىلغان. بۇنىڭدىكى سۆزلۈك جەدۋىلى ئىران تىلى ۋە مانى دىنى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى نۇرغۇنلىغان ئالىملارنى بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان يېڭى تونۇشقا ئىگە قىلغان. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىرغا قەدەر ئوتتۇرا ئەسىر پارس ۋە پارفىيە تىللىرىغا دائىر كىتابلارنىڭ تۈزۈتۈلۈپ قايتا نەشر قىلىنىشى بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

تاساددىيى بىر پۇرسەتتە 1975 - يىلى ج.پ. ئاسماسىن ئۇزۇن مۇددەت تۈزۈتۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىلگىرى نەشر قىلىنغان ئىران تىلىدىكى مانى دىنىغا ئائىت كىتابلارنىڭ ئېنگىلىزچە تەرجىمىسىنى نەشر قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن مارىي بويىسېنىڭ (Mary Boyce) خىزمىتى تېخىمۇ تولۇقلىنىپ مۇكەممەللەشكەن.

بۇلاردىن باشقا، ئۇنىڭ كىتابىدا يېقىنقى يىللاردا ئېلان قىلىنغان نۇرغۇن ماقالىلەر، مارىي بويىسېنىڭ (Mary Boyce) دىققەت قىلمىغان ئىران تىل - ئەدەبىياتىغا ئائىت كىتابلارمۇ كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئىككى كىتابتىكى ئىران تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى ر. شمىت (R. Schmitt) تەھرىرلىگەن.

ئوتتۇرا ئەسىر پارس، پارفىيە تىلىغا ئائىت سۆزلۈكلەر ۋە سوغدى تىلىدىكى تاق سۆزلەر ئى ۋالدىشمىد(E. Waldschmidt) ۋە لۈنىسنىڭ « مانى دىنىنىڭ ئەيساغا تۇتقان پوزىتسىيەسى» ،«خەنزۇ ۋە ئىران تىلىدىكى مانى دىنىغا ئائىت ئەمرى - مەرۇپلار» ناملىق كىتابلىرىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئىككى كىتابنى گ.گرۇپ (G. Gropp) رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان. ئوتتۇرا ئەسىر پارس ۋە پارفىيە تىلىدىكى تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرىنى س. بىرۇننىر (C. Brunner) «ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلى گراماتىكىسىغا ئائىت ئىككى پارچە ئەسەر» ناملىق ئەسىرىدە (1977 - يىلى نيۇيۇركتا نەشر قىلىنغان) پايدىلانغان.

ئوتتۇرا ئەسىر پارس ۋە پارفىيە تىلىدىكى ئادەم ئىسىملىرىغا ئائىت توپلانمىلارنى م. مايزوفىر (M. Mayrhofer) «ئىران تىلىدىكى ئادەم ئىسىملىرى لۇغىتى» گە كىرگۈزۈلدى. بۇ كىتابنى ر. زىۋانجىگول نەشرگە تەييارلىغان.

ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىقى، ئىران تىلىدىكى تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدىكى بىر قىسىم قولىيازما تېخى ھازىرغىچە نەشر قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىدى. مەن بۇ جەھەتتە بۇ خىزمەتنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى بىلىمەن ۋە بۇ جەھەتتە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يېقىنقى يىللاردا بۇ ھەقتىكى يازمىلار ئىچىدە د.ن.ماكېنىزنىڭ (D. N. Mackenzie) 1979 - يىلى ۋە 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان «Sabuhraqan» ناملىق ئىككى كىتابى بۇ جەھەتتە ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. ماكېنىز توپلىغان بۇ بىر قىسىم يازما يادىكارلىقلارنى ئەڭ دەسلەپ ف.ۋ.مۇللىر

www.uyghurkitap.com



« (F.W.Mullers) 1904 ـ يىلى تۈزگەن شىنجاڭ تۇرپاندىن تېپىلغان ئېستىرانگىلو يېزىقىدىكى (Estranglo) يازما پارچىلىرى »II ناملىق كىتابىدا ئەڭ دەسلەپ كۆرۈلىدۇ. مەن ھازىرغىچە نەشىر قىلىنمىغان بىر قىسىم يازما ۋەسىقىلەرنىڭ پارچىلىرى ئارقىلىق بۇ خىل يازمىلارنى ھەمدە بۇ يازمىلاردىكى سۆز-جۈملىلەرنى ئىپادىلىيەلەيدىغان ۋە ئالدى-كەينى بىر ئىككى بەت مەزمۇنلارنى باغلاشتۇرۇلايدىغان تېمىلارنى تولۇقلاشنى ئويلىشىۋاتىمەن. بۇ ھەقتە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇلارنى قايتىدىن رەتلەپ مەزمۇننى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ۋە باش-ئاخىرىنى ماسلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان 18 بەتلىك ۋەسىقىنى نەشىر قىلدۇرماقچىمۇ بولۇۋاتىمەن. بىز بۇ جەھەتتە ماكىنىزنىڭ بۇ جەھەتتە كۆرسەتكەن ناھايىتى زور تىرىشچانلىقىغا ئاپىرىن ئېيتىمىز.

مېنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر پارس ۋە پارفىيە تىلىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمىم «ئوتتۇرا ئەسىر پارس ۋە پارفىيە تىلىدىكى ئالەمنىڭ پەيدا بولۇش تەلىماتلىرى ۋە مانى دىنىدىكى مەسەل ئەدەبىياتى» دا ھىلىقى ئاساسىي قىسىملىرى باغلىنىشلىق بولغان ۋەسىقىلەر ۋە بىر قىسىم مۇكەممەل بولغان قولىيازمىلاردىن پايدىلانغان ئىدىم. بۇ خىزمەتنى ئىشلەش جەريانىدا يەنە ئىككە تۈرلۈك زىددىيەتلىك مەسىلە كېلىپ چىققان. بۇنىڭ بىرى، مانىي دىنى ۋەسىقىلىرىدە ھەمىشە ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىدىن تارتىپ زامان ئاخىرىغىچە ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان بىر تېمىلار سۆزلىنىدۇ. ئۇلار دېگۈدەك ئوخشىمىغان ئەدەبىي شەكىللەر ، مەسىلەن پەند-نەسىھەت ۋە مەسەل خاراكتېرىدىكى بىر خىل ئارىلاشما ژانىر. يەنە بىرى، نۇرغۇنلىغان شەكلى ئوخشىمايدىغان پەند-نەسىھەت ياكى كۆرسەتمىلەر ھەتتا ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئائىت ھۆججەتلەر ۋە بىر تۈركۈم قەسىدىلەردىن تەركىب تاپقان. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىمىز تېمىلارنى ئۆز-ئارا باغلاپ تۇرىدىغان يازمىلارنى ئىزاھلاپ رەتلەپ چىقىشتۇر. ئۇلارنىڭ مانى دىنىنى تەتقىق قىلىشتىكى تۆھپىسى ياكى رولى ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىلشۇناسلىقىدىنمۇ مۇھىمدۇر. مېنىڭ بۇ جەھەتتە قىلالىغىنىم ئۇلارنىڭ (ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى دېمەكچى ) يازمىلىرىنى ۋە ئالەمنىڭ پەيدا بولۇش ھەققىدىكى تەلىماتلاردىن ھېكايە ۋەقەلىكلىرىگە ئائىت تېمىلارنى رەتلەپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەندى. ئەمما پارفىيە تىلىدىكى «قۇياش ئىلاھىنىڭ (يورۇقلۇق ئىلاھىنىڭ)پەند-نەسىھەتلىرى» ( Manohmed rosn wifras) بۇنىڭ سىرتىدا قالدى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى قۇياش ئىلاھىنىڭ (يورۇقلۇق ئىلاھىنىڭ) كونا ئادەملەردىن يېڭى ئادەملەرنى يارىتىش جەريانى ۋەقەلىك قىلىنغان. مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلىرىم ئالەمنىڭ پەيدا بولۇش ھەققىدىكى تەلىماتلارغا ئائىت ئەسەرلەرنى رەتلەش ۋە ئېلان قىلدۇرۇپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. ھازىر مېنىڭ بۇ جەھەتتە قىلغان خىزمەتلىرىمنى تولۇق دەپ كېتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى مەسىلىلەرگە ئائىت ۋەسىقىلەر توختىماستىن تېپىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

بۇ ھەقتە نەشىر قىلىنغان كىتابلارنىڭ قىممىتىگە باھا بېرىش بىر قەدەر قىيىن. نۇرغۇنلىغان ۋەسىقىلەرنىڭ بىرىنچى قۇردىكى كەمتۈك پارچىلىرى ياكى بۇ ھەقتىكى ئۈزۈندىلەر مانىنىڭ بايانلىرىدىن ئېلىنغان. قانداقلا بولمىسۇن مەن بۇ جەھەتتە خېنىڭنىڭ بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ پارچىلىرى مانى دىنى «مۇقەددەس كىتابى» نىڭ بىر قىسىملىرى ھەققىدىكى كۆز-قاراشلىرىنى ياقلايمەن. ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى باشقا ئىككى پارچە ۋەسىقە 3 ـ ۋە 4 ـ دەپ نومۇر قويۇلغانلىرى مانى دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان ۋاقىتتىكى ۋەسىقىلەرنىڭ پارچىلىرى ئىدى. بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ تەرجىمىلىرى ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلى، پارفىيە تىلى ، سوغدى تىلى ۋە قەدىمكى تۈرك

تىلىغا ئائىت يازمىلاردا ساقلانماقتا.

بىز ھازىرغىچە پارفىيە تىلىدىكى «يورۇقلۇق (قۇياش) ئىلاھىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى» ناملىق ئەسەرنىڭ باشلانما قىسمىنىڭ زادى قانداقلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرالماي كەلدۇق. ئەينى ۋاقىتتا بەشىنچى ۋە ئالتىنچى نومۇرلۇق ۋەسىقە نامىدا ماقالە ئېلان قىلغان ۋاقتىمدا، مەنمۇ بۇلارنى ئايدىڭلاشتۇرالمىغان ئىدىم. مېنىڭچە بۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ پارفىيە تىلى، سوغدى تىلى ۋە قەدىمكى تۈرك تىللىرى قاتارلىق تىللاردىكى ھەر خىل تەرجىمە نۇسخىلىرى بولۇشى تەبىئىي. بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ نادىر تەرجىمە نۇسخىسىنى جۇڭگو مانى دىنى مۇرتلىرى تاماملىغان ئىدى. بۇلار ھەققىدە پائۇل پېللىئوت ۋە چاۋانېسلار مەخسۇس ئەسەر ئېلان قىلغان.

يەنە بىر پارچە ئوتتۇرا قەدىمكى زامان پارس تىلى، پارفىيە تىلى ۋە سوغدى تىلىدىكى مانى دىنى يازما يادىكارلىقلىرىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى «ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلىدىكى مانى دىنى يازما يادىكارلىقلىرىدىكى دىنى جەمئىيەت تارىخى» يېقىنقى يىللاردا «بېرلىن تۇرپان يازما يادىكارلىقلار توپلىمى» نىڭ 11 ـ تومى سۈپىتىدە نەشر قىلىندى (1981 ـ يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان) . مەن ئەڭ دەسلەپ مانى دىنىدىكى دىنى جەمئىيەتكە ئائىت ھەقىقىي تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ تېپىلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، مەلۇم خىلدىكى Eusebian شەكلىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى شۈبھىلىنىدىغان بىر ئەھۋالدۇر. تارىخى نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مانى دىنى ئەدەبىياتىدىكى ئەۋلىيالار تەزكىرىسى ئېھتىمال نۇرغۇنلىغان ئوخشىمىغان تۈردىكى پەند ـ نەسىھەتلەر ئارىسىغا تارقىلىپ سىڭىپ كىرگەن. تارىخى ماتېرىيال سۈپىتىدە ئەڭ قىممەتلىك بولغان ۋەسىقە «مۇشكۇلاتتا تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى» (daruhadgiftig wifras) بولۇپ، ئۇنىڭدا مانى دىنىنىڭ مۇشكۇلاتتا دۇچ كېلىش ۋە ئىلاھلىقتا قايتىش تەلىماتلىرى بايان قىلىنغان. باشقا ۋەسىقىلەردە، تارىخ ياكى نوقۇل تارىخى خاتىرىلەر ھەمىشە مانى دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى بايانلار ئىدى. مەن ئەۋلىيالار تەزكىرىسى خاتىرىلەنگەن ۋەسىقىلەر بىلەن باشقا ئىنتايىن ئاز ساندىكى ياكى تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى بولمىغان بىر قىسىم ۋەسىقىلەر ئارىسىغا ئېنىق بىر چەك ـ چېگرا بېكىتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئەمەلىيەتتە مەن بىر قىسىم ۋەسىقىلەرنى خېلى ياخشى نەشرگە تەييارلىيالىدىم. مېنىڭچە ئۇلارنى تارىخىي ماتېرىياللار قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. ئەمما يەنە بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللارنى خاتىرىلەپ قويۇشلا كۇپايە قىلىدۇ.

مۇناسىۋەتى ئىنتايىن قويۇق بولغان ئوتتۇرا پارس تىلى، پارفىيە تىلى ۋە سوغدى تىللىرىدىكى ئەۋلىيالار تەزكىرىسىگە ئائىت ۋەسىقىلەر ئاتالمىش «دىن تارقىتىش تارىخى» نىڭ بىر مۇھىم قىسمى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان. پارفىيەلىكلەرنىڭ مانى دىنىنىڭ زامان ئاخىرى بولۇش ھەققىدىكى تەلىماتلىرى بىلەن كېيۇتلارنىڭ «مۇشكۇلاتتا ئۇچراپ قېلىشى ھېكايىلىرى» ئوتتۇرىسىدا بىر قىسىم ئورتاقلىقلار مەۋجۇت. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەكشۈرگەندە، ئەۋلىيالار تەزكىرىسى ۋە پەند ـ نەسىھەتلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار نۇرغۇنلىغان تىل ۋە ۋەسىقىلەر ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ مەنبەسى ھەققىدە بىر ئېنىق ئىسپاتقا ئىگە بولالمىساقمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارامى يېزىقىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى، يىل دەۋرىنىڭ مانى ئۆلگەندىن كېيىنكى ئىپتىدائىي مانى دىنىنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىغا ئائىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

www.uyghurkitap.com



باشقا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەسەرلەردىن، تەزكىرە خاراكتېرىدىكى مانى دىنىنىڭ Sabuhragan ۋەسىقىلىرىنىڭ قولىيازما پارچىلىرىمۇ بار.

ئىران تىلىدىكى تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە سوغدى تىلىدىكى خىرىستىيان دىنىغا ئائىت مەزمۇنلار ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئو. خەنسېن C2(O.Hansen) نومۇرلۇق ۋەسىقىلەرنى « بېرلىن سوغدى تىلى ۋەسىقىلىرى» نىڭ 2 ـ تومىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا C2 دەپ نومۇر قويۇلغان) تەتقىق قىلىپ نەشىر قىلدۇرغاندىن بېرى، بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلەر چوڭقۇرلىششقا باشلىدى. بۇ بىر تۈركۈم مۇھىم ۋە چۈشىنىش قىيىن بولغان ۋەسىقىلەر نۇرغۇنلىغان ئالىملارغا كەڭ ئېلان قىلىغان ئىدى. بۇ ئالىملاردىن ئى. نىنۋېن ستە (E.Benveniste)، ماكېنىز (D.N.Mackenie) ، م. چۋارتىز (M.Schwertz) ۋە سىمىس ۋىليام (Sims ـ Williams) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇلار بۇ ۋەسىقىلەرنى ئوقۇشتا مۇۋەپپىقىيەت قازانغان ۋە ئۇنىڭدىكى سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسىنى كۆپىنچىسىنىڭ سۇرىيە ۋە سوغدى تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان كەمتۈك پارچىلار ئىكەنلىكىنى توغرا ئۇسۇل بىلەن دەلىللەپ چىققان. بۇ يەردە سىمىس ۋىلىيامنىڭ (Sims ـ Williams) تېخى ئېلان قىلىنمىغان دوكتۇرلۇق ئىلمىي ماقالىسى « C2 نومۇرلۇق خىرىستىيان دىنىدىكى سوغدى تىلى ۋەسىقىلىرىنىڭ پارچىلىرى، تەرجىمىسى ۋە ئۇلارغا ئىزاھات» ناملىق ئەسىرىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ ماقالىدە مەن C2 نومۇرلۇق ۋەسىقىلەر ھەققىدىكى بۇ ماقالىدە بۇلارغا قارىتا تەتقىقاتنى تاماملىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇنىڭ ئاخىرىغا ئىزاھات ۋە پايدىلىنىش قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان سۆزلۈك جەدۋىلى ۋە پۈتكۈل ۋەسىقىلەرنىڭ قايتا نەشرى قوشۇمچە قىلىنغان. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ بۇ ئەمەلىيەتتە ھازىر ساقلىنىۋاتقان كەمتۈك پارچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرۇش ھەققىدىكى ئۇرۇنۇش ئىدى.

كەمىنىمۇ ئىلگىرى «مۇللىيرىنىڭ سوغدى تىلى ۋەسىقىلىرگە دائىر بىرىنچى توپلىمىغا ئىزاھات» ناملىق ئۈچ پارچە ماقالەمنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلغان ھەمدە بۇ ماقالىلەردە خىرىستىيان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئىنجىل» نىڭ سوغدى تىلىدىكى تەرجىمىسىنىڭ پارچىلىرى ھەققىدىمۇ توختالغان ئىدىم. مېنىڭ ئېلان قىلغانلىرىم ۋەسىقىلەرگە بولغان قايتا رەتلەش بولماستىن، مۇللىيرىنىڭ ۋەسىقىلەر ھەققىدىكى ئەسەرلىرىگە باھا، تۈزىتىش ۋە تولۇقلىملار ئىدى. ھازىر نەشىر قىلىنغان بۇ كىتابلارنىڭ 1، 2 ـ قىسىملىرىدا، سوغدى تىلىدىكى «ئىنجىل» ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردىم. 3 ـ قىسمىدا سۇرىيەچە ـ سوغدىچە قوش تىللىق سىلىشتۇرما كىتابلار ھەققىدە مەلۇمات بەردىم ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردىم. بىرىنچى پارچە ماقالىدە مەن ئىلگىرى نەشىر قىلىنىپ بولغان ۋە تېخىچە نەشىر قىلىنمىغان ۋەسىقىلەردىن نېستۇرىي دىنىنىڭ دىنى بايراملىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇقەددەس نەسىھەتلىرىدىن تۈزۈلگەن «ئىنجىل» نىڭ مەزمۇنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكىمۇ ئۇرۇنۇپ كۆرگەن ئىدىم.

م. چۋارتىز (M.Schwertz) مۇ تۇنجى قېتىم رەتلەنگەن يېڭى تارىخىي ماتېرىياللارنى ، بولۇپمۇ سوغدى تىلىدىكى مەڭگۈ تاش ۋە باشقا تىللاردا ساقلىنىۋاتقان نېستۇرىي دىنىنىڭ دىنىي مۇرتلىرى ئوقۇيدىغان قەسىدىلەرنىڭ پارچىلىرىنى رەتلەپ ئېلان قىلغان. كېيىن مۇللېر ئوتتۇرىغا قويغان تەخمىنەن 10 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئەڭ يېڭى پارسچە ۋەسىقىلەردىكى سۇرىيەچە ـ يېڭى پارسچە مەدھىيە ناخشىلىرى ھەققىدىكى سېلىشتۇرما ۋەسىقىلەرگە قارىتا تەتقىقات ئېلىپ باردىم ۋە بۇ خىلدىكى ۋەسىقىلەرنىمۇ يېڭىدىن بايقاپ ئېلان قىلدىم.

بېرلىن تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزىدىكى سوغدى تىلىدىكى بۇددىزىمغا ئائىت ۋەسىقىلەرنى يېقىنقى 10 يىلدا د.ئا. ئۇتىز (D.A.Utz) تەتقىق قىلدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تېخىچە نەشر قىلىنمىغان دوكتۇرلۇق ئىلمىي ماقالىسى سوغدى تىلىدىكى ۋەسىقە Mahaparinirvana نىڭ كەمتۈك پارچىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇساكادا ساقلىنىۋاتقان خەنزۇ تىلىدىكى ئەسلى نۇسخىسى قانداق قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى دەلىللەر ھەققىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغان. يېقىندا، دوكتۇر ئۇتىز سوغدى تىلىدىكى بۇددىزىم ۋەسىقىلىرىنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە ناھايىتى ياخشى بىر ماقالىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ ماقالىدە يەنە ئىلگىرى نەشر قىلىنغان دېموكراتىك گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ساقلىنىۋاتقان مۇشۇ خىلدىكى ۋەسىقىلەر ھەققىدىمۇ مەلۇمات بېرىلگەن. مەن ماكېنزىنىڭ مااقالىسىگە باھا بېرىش يۈزىسىدىن يازغان «بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان سوغدى تىلىدىكى بۇددىزىمغا ئائىت ۋەسىقىلەر » ناملىق ماقالەمدە سوغدى تىلىدىكى بۇددىزىمغا ئائىت ۋەسىقە Vimalakirtinidersasulta نىڭ قولىيازمىسىنى ئوقۇپ يېشىپ بېقىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن ئىدىم.

ئەڭ ئاخىرىدا، مەن يەنە تىل قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن كىشىلەرگە مەلۇم بولماي كەلگەن گېرمانىيە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان ساك تىلى، باكترىيە تىلى ۋە ئېفتالىت تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆپچىلىكنى بۇ ھەقتە خەۋەرگە ئىگە قىلىشنى لايىق تاپتىم. مەن ھازىر بۇلار ھەققىدىكى تەسىراتلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىشكە ئىقتىدارىم يەتمەيدۇ.

ئەممېرىك (R.E.Emmerick) 1970-يىلى قەشقەر تۇمشۇقتىن تېپىلغان ھازىرغىچە ئېلان قىلىنىپ باقمىغان 4 پارچە ساك يېزىقىدىكى ۋەسىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ساك تىلى شىۋىسىدىكى ئەدەبىي تىل ھەققىدىكى ئىسپاتلار تېخىمۇ كۆپىيىشكە باشلىغان.

ئېفتالىت تىلىدىكى ۋەسىقىلەرگە كەلسەك، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى M1 224 نومۇرلۇق كەمتۈك پارچىلارمۇ ئىلمىي ھالدا تەتقىق قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. بۇنىڭدىكى يېزىق مەسىلىسىگە كەلسەك، خېنىنىنىڭ (Walter.B.Henning) ئىسپاتىغا قارىغاندا، بۇنىڭ باكترىيە يېزىقىغا يېقىنراق كېلىدىغان بىر يېزىق ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. بۇ كەمتۈك پارچىلارنى گېرشىلىۋىچ (Gerschevilch) مەسئۇل بولۇپ نەشردىن چىقارغان. ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى 1976-يىلى پۇداپېشتتا ئېچىلغان ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ماتېرىياللىرى تەتقىقاتىنىڭ 2-قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىدا تۇنجى قېتىم دوكلات قىلىنغان. گېرشىلىۋىچ (Gerschevilch) بۇنى ناھايىتى مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا ئوقۇپ چىقىپ بۇلارنى مانى دىنىدىكى پەند-نەسىھەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا ئىلاھنىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ ئېھتىياجى ۋە تۆھپىسى سۈپىتىدە تارتۇق بېرىدىغانلىقى تەكىتلەنگەنلىكى ئىسپاتلانغان.

تۆۋەندىكىلىرى ئىران تىلىدا يېزىلغان تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تەرجىمىسى ۋە رەتلىنىشى شۇنداقلا بىر قىسىم دوكلاتلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان مۇندەرىجىلەردۇر.

ئاسمۇسسېن (j.p.Asmussen) : «ئىران تىلىدىكى يېڭى ماتېرىياللارنىڭ نەقىللىرى، يېزىقى ۋە قىممىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، «شەرقشۇناسلىق» ژۇرنىلىنىڭ 1975-يىللىق 2-سانىغا بېسىلغان. ؛ « شۇدېماننىڭ ‹ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلى ۋە پارفىيە تىلىدىكى ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى تەلىماتلار ۋە مانى دىنىدىكى مەسىلىلەر» ناملىق ئەسىرىگە باھا» ، «شەرق ئەدەبىياتى ژۇرنىلى» نىڭ 1976-يىللىق 71-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خۇمباچ (H.Humbach) : « مارىي بويىسي (Mary Boyce) نىڭ «ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلى، پارفىيە تىلىدىكى مانى دىنى يازمىلىرىغا باھا» ، «گېرمانىيە شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى» نىڭ 1979 ـ يىللىق 129 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ماكېنىز (D.N.Mackenie) : «سوغدى تىلىدا يېزىلغان خېرىستىيان دىنى ۋەسىقىلىرىگە ئىزاھات»، «يىراق شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنىستىتوتى دوكلاتى» نىڭ 1970 ـ يىللىق 33 ـ سانىغا بېسىلغان. « شۇدېماننىڭ ‹ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلى ۋە پارفىيە تىلىدىكى ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى تەلىماتلار ۋە مانى دىنىدىكى مەسەللەر»ناملىق ئەسىرىگە باھا» ، «يىراق شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنىستىتوتى دوكلاتى» نىڭ 1975 ـ يىللىق 38 ـ سانىغا بېسىلغان.

شېمىت (H.P. shimited) : « شۇدېماننىڭ ‹ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلى ۋە پارفىيە تىلىدىكى ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى تەلىماتلار ۋە مانى دىنىدىكى مەسەللەر» ناملىق ئەسىرىگە باھا» ، «يىراق شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنىستىتوتى دوكلاتى» نىڭ 1976 ـ يىللىق 18 ـ سانىغا بېسىلغان.

ر. شېمىت : « بويىسىنىڭ ‹ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلى ۋە پارفىيە تىلىدىكى يازمىلىرى› غا باھا» («شەرقشۇناسلىق» ژۇرنىلىنىڭ 1977 ـ يىللىق 69 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)،« مارىي بويىسي (Mary Boyce) نىڭ «ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلى، پارفىيە تىلىدىكى مانى دىنى سۆزلۈكلەر مۇندەرىجىسى» («شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى» نىڭ 1979 ـ يىللىق 71 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان).

چۋارتىز (M.Schwertz) : «ئىران تىلى تەزكىرىسى »، 1970 ـ يىلى لوندوندا نەشىر قىلىنغان «خېنىنىنى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن.

سىمس ۋىليام (Sims ـ Williams) : «سوغدى تىلىدىكى ‹Dadiso Qattraya› ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىڭ پارچىلىرى ھەققىدە»، «ئاسىيا» ژۇرنىلىنىڭ 1973 ـ يىللىق 38 ـ توپلام 1 ـ سانىغا بېسىلغان. «پارفىيە تىلىنىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشى»، «يىراق شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنىستىتوتى دوكلاتى» نىڭ 1979 ـ يىللىق 12 ـ سانىغا بېسىلغان. « سوغدى تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇشى»، «ئاسىيا» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىللىق269 ـ سانىغا بېسىلغان.

«سوغدى تىلىدىكى Y ۋە X تاۋۇشلىرى»، شۇدېماننىڭ «ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىلىدىكى مانى دىنى يازمىلىرىدا كۆرۈلىدىغان دىنىي جەمئىيەت تارىخى» غا كىرگۈزۈلگەن (1981 ـ يىلىبېرلىندا نەشىر قىلىنغان).

شۇدېمان : «مانى دىنىنى تارقاتقۇچىلارنىڭ دەسلەپكى پائالىيىتى»، «ۋېنگىرىيە شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى» نىڭ 1971 ـ يىللىق 24 ـ سانىغا بېسىلغان. «مانى دىنىنى تارقاتقۇچىلارنىڭ دەسلەپكى پائالىيىتىنىڭ داۋامى»، «ۋېنگىرىيە شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى» نىڭ 1971 ـ يىللىق 24 ـ سانىغا بېسىلغان. « ئىران تىلىدىكى مانىنىڭ ھاياتىغا دائىر مەلۇماتلار»، ۋېنگىرىيە شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى » نىڭ 1974 ـ يىللىق 36 ـ سانىغا بېسىلغان. «ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلىدىكى مانى دىنى ھۆججىتى «Yimki Homilien» نى قانداق ئوقۇش كېرەك »، « نايبېرگنى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 2 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن. «ئىران جەمئىيىتى قۇرۇلمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ساسانىيلار خانلىقىنىڭ سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە ۋەسىقىلىرى ھەققىدىكى بايانلار»، «شەرقشۇناسلىق» ژۇرنىلىنىڭ 1976 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا بېسىلغان. «قەدىمكى ئىران تىلى رىۋايەتلىرىدىكى توخرىلار ھەققىدىكى نەزەرىيەلەرگە باھا»، «شەرقشۇناسلىق» ژۇرنىلىنىڭ 1977 ـ يىللىق 5 ـ سانىغا بېسىلغان. «پارفىيە تىلىدىكى ‹يۆيۈندۈرۈش مۇراسىمى› » ، «

خارماتتا (Harmatta) ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن (1977- يىلى پۇداپىشتتا نەشر قىلىنغان)، « مانى دىنىدىكى مىترا (Mithra) ئىلاھى ھەققىدىكى بىر قىسىم بايانلار»، «ئىرانشۇناسلىق» ژۇرنىلىغا بېسىلغان، بۇ ھەقتە «ئېتۇدىس مايىسىركوسنى (Etudes Mithriques) خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 4-تومىغا قاراڭ. «بويىسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر پارس ۋە پارفىيە تىلىدىكى مانى دىنى يازمىلىرىغا باھا»، «شەرق ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنىڭ 1978- يىللىق 73- سانىغا بېسىلغان. «مانى دىنى ئىلاھى مىترا (Mithra) نىڭ بەش ئوغلى ھەققىدە»، « مىترا مەخپىيەت خەۋەرلىرى» گە بېسىلغان (1979- يىلى رىمدا نەشر قىلىنغان). «ئوتتۇرا ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي مەنبەلىرىدىكى پارس ۋە پارفىيە تىلىدىكى تۇرپان يازمىلىرى»، «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ماتېرىياللىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، 1979- يىلى پۇداپىشتتا نەشر قىلىنغان. «سوغدى تىلىدىكى دىنىي جەمئىيەتكە دائىر كەمتۈك پارچە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەنمۇ؟»، «ۋېنگىرىيە ئاسىيا مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1979-يىللىق 24-سانىغا بېسىلغان. «ئىران تىلىغا ئائىت تەرجىمە تېكىستلىرىدە كۆرۈلىدىغان مانىي دىنى رىۋايەتلىرىدىكى تەڭرى، ئالۋاستى ۋە شەخسلەر نامى ھەققىدە»، «شەرقشۇناسلىق» ژۇرنىلىنىڭ 1979- يىللىق 24- سانىغا بېسىلغان. «1970- يىلدىن بىرى ئىران تىلىدىكى تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى خىزمىتى»، «ئاسىيا» ژۇرنىلىنىڭ 1981- يىللىق 269- سانىغا بېسىلغان.

ۋ. شۇدېمان، د. زېمىي : «سوغدىچە-تۈركچە سۆزلۈكلەر مۇندەرىجىسى»، « تۈركلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت ماقالىلەرگە ئىزاھات» دىن كۆرۈڭ. بۇ ماقالە يەنە «ئاننا مارىيا ۋون گابائىن خانىم ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن (بۇ كىتاب 1981-يىلى ۋىسبادېنگدا نەشر قىلىنغان).

تافاززولى (A. Tafazzoli) : « شۇدېماننىڭ ‹ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلى ۋە پارفىيە تىلىدىكى ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى تەلىماتلار ۋە مانى دىنىدىكى مەسەللەر» ناملىق ئەسىرىگە باھا»، «مايۇر بويىسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر پارس، پارفىيە تىلىدىكى مانى دىنىي ئەقىدىلىرى يازمىلىرىغا باھا»، «ئىراق شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنىستىتوتى دوكلاتى» نىڭ 1977- يىللىق 40- سانىغا بېسىلغان. «مايۇر بويىسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر پارس، پارفىيە تىلىدىكى مانىي دىنىغا ئائىت سۆزلۈكلەر مۇندەرىجىسى »، «ئىراق شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنىستىتوتى دوكلاتى» نىڭ 1979- يىللىق 2-سانىغا بېسىلغان.

ۋابىر (Weber) : سوغدى تىلىدىكى ‹قوبۇل قىلىش (سۇمۇرۇش، تارتىش)› سۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىلىدىكى ئورنى»، 1970-يىلى، گوتتېنگېن.

*بۇ ماقالىنى ئېنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تىيەن ۋېيجياڭ تەرجىمە قىلغان.*

***بۇ ماقالە «مىللىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان.***

(تەرجىمان ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ لېكتورى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

www.uyghurkitap.com



# «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ ۋارىيانتلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما

ئەمەت دەرۋىش

ئىجادىيەت پائالىيىتى بىر خىل ئۈزلۈكسىز ۋە مۇرەككەپ بولغان جەريان. شۇنداقلا، بىر خىل ھالەتتىن باشقا بىر خىل ھالەتلىك ھەرىكەتكە ئۆزگىرىش پائالىيىتىدۇر. بۇنداق بىر ھەرىكەت ۋە ئۆزگىرىش ھالىتىدە سىرتتىن كەلگەن تەبىئەت، جەمئىيەت، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تارىخىي دەۋرنىڭ يالدامىسى بولغان كىشىنىڭ ئىلھامىنى، تەسەۋۋۇرىنى قوزغايدىغان ھەر خىل ماتېرىيال، مول تەسىرات، زاماندىشلىرى ۋە ئىلگىرىكىلەرنىڭ سەنئەت تەجرىبىلىرى قاتارلىقلار خالىغان ۋاقىتتا قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ھەزىم قىلىنىدۇ، شۇ ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ. بەلگىلىك دەۋردە پەيدا بولغان مۇئەييەن ئەدەبىيات ھادىسىسى، كۆزقاراش، ئەسەر ۋە ئەدەبىي تۈرلەر دەۋرنىڭ ئىنكاسى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرى خېلى ئۇزۇن تارىخى جەريان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دەۋردە قەھرىمانلىق داستانلىرىمۇ پەيدا بولغان. ئۇ، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، مەلۇم تارىخىي داستانلار ياكى بىر پۈتۈن تارىخىي دەۋرنىڭ تارىخىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن تارىخىي ئەسەرلەردىن بەلگىلىك دەرىجىدە ئورۇن ئېلىپ، ئۇنىڭدا ئەكس ئېتىلگەن قەھرىمانلىق روھىنىڭ كېيىنكى دەۋر كىشىلىرىدىكى يېتىلىشىنى كۈچلۈك مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىن ئېتىش ۋە ئۇلارنى روھلاندۇرۇپ، ئەجدادلار روھىغا ۋارىسلىق قىلىش ئېڭىنى ئويغىتىشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى بولۇش رولىنى ئوينىغان. « ئوغۇزنامە» ئېپوسى مانا مۇشۇخىل ھالەتتە كېيىنكى دەۋر تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن بەلگىلىك دەرىجىدە ئورۇن ئالغان ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزگىرىپ، ئوخشىمىغان ۋارىيانتلىرىنى شەكىللەندۇرگەن. ئۇلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئانا ماتىنىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ، ئۇنى ئۆزى پەيدا بولغان مۇئەييەن تارىخىي شارائىت ئىچىگە قويۇپ ئەستايىدىل تەھلىل قىلىش، سىيۇژىت قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان تۈرلۈك مەدەنىيەت ئامىللىرى ۋە مەنا قاتلاملىرىنى ئىلمىي ئاساستا شەرھلەپ چۈشەندۇرۇش ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى. ئەپسۇسكى، بىزدە مۇشۇ ۋاقىتقىچە، «ئوغۇزنامە» نىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلمىدى. مەن ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىم ئاساسىدا قولۇمدا بار بولغان توققۇز خىل نۇسخا ئاساسىدا دەسلەپكى قەدەمدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ باردىم. سېلىشتۇرما تەتقىقات ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسمى ئەسەرلەرنىڭ ۋەقەلىكىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ بايان قىلىش، ئىككىنچى قىسمى ئەسەرلەردىكى مۇھىم مەزمۇنلار ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا سېلىشتۇرۇپ، پەرقىنى تېپىپ چىقىش ۋە ئانا ماتىنىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشتىن ئىبارەت. سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا سەھۋەنلىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇستازلارنىڭ، كەسپداشلارنىڭ سەمىمىي تەنقىد ۋە تەكلىپ پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

« ئوغۇزنامە» ئېپوسى ۋە ئۇنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ۋارىيانتلىرىنى تۆۋەندىكى ئەسەرلەردىن كۆرۈش مۇمكىن.

### 1) قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانى «ئوغۇزنامە» نۇسخىسى

بۇ نۇسخا نەسرى ۋە نەزمە ئارىلاش قوللىنىلغان قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ئېپوس بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدىكى يېگانە نۇسخىسى فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدىكى «پۇقرالار كىتابخانىسى» دا ساقلانماقتا. بۇ نۇسخىنى پروفېسسور گېڭ شىمىن ۋە تۇرسۇن ئايۇپلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ كىتاب شەكلىدە ئېلان قىلىغان. بۇ ئەسەر 1980- يىلى مىللەتلەر

نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

بۇ نۇسخا «ئاشۇنداق بولسۇن دېيىشتى. ئۇنىڭ تۇرقى مانا مۇنداق (بۇقىنىڭ رەسمى سىزىلغان)» دەپ باشلانغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلىكلەردە ئايخانىنىڭ كۆزى يورۇيدۇ. بىر ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. ئۇ ئىپوسنىڭ باش قەھرىمانى ئوغۇز بولۇپ، ئۇنىڭ تۇغۇلىشى ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ قىياپىتى غەلىتە بولۇپ، كۆك يۈزلۈك، قىزىل ئېغىزلىق، كۆزى ھالرەڭ ئۇنىڭ پۇتون بەدىنىنى تۈك باسقان. ئۇنىڭ پۇتى بۇقىنىڭ پۇتىدەك، بېلى بۆرىنىڭ بېلىدەك، مۈرىسى يىلپىزنىڭ مۈرىسىدەك، كۆكسى ئېيىقنىڭ كۆكسىدەك ناھايىتى قاۋۇل ۋە ھۆر - پەرىلەردىنمۇ چىرايلىق ئىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئوغۇزىنى بىر قېتىم ئېمىپلا ئىككىنچىلەپ ئەممەيدۇ. خام گۆش، ئاش، مەي سورايدۇ، تىلى چىقىشقا باشلايدۇ. 40 كۈندىن كېيىن ماڭىدۇ، ئوينايدۇ. باتۇر ئوغۇز ئادەم ۋە ھايۋانلارنى يالماپ، ئەلگە ئاپەت كەلتۈرگۈچى قىئات (تاق مۈڭگۈزلۈك ۋەھشى ھايۋان) نى نەيزە بىلەن، ئۇنىڭ ئىچ قارنىنى يەۋاتقان شۇڭقارنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. بىر كۈنى ئوغۇز خاقان بىر يەردە تەڭرىگە تاۋاپ قىلىۋاتقىنىدا، ئاسماندىن بىر شولا چۈشىدۇ. ئۇ شولا ئاي نۇرىدىنمۇ يورۇق، كۈن نۇرىدىنمۇ نۇرلۇق بولۇپ، شولا ئىچىدە تەنها بىر گۈزەل قىز ئولتۇرۇغلۇق ئىدى، بۇ قىز شۇنداق گۈزەلكى ئۇ كۈلسە، تەڭرىمۇ كۈلەر ئىدى. ئۇ يىغلىسا، تەڭرىمۇ يىغلار ئىدى. ئوغۇز خاقان بۇ قىزغا كۆيۈپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنى نىكاھىغا ئالىدۇ. گۈزەل پەرى قىز ئوغۇز خاقاندىن ئۈچ ئوغۇل تۇغىدۇ. ئوغۇز خاقان بۇ بالىلىرىنىڭ تۇنجىسىغا كۈن، ئوتتۇرانچىسىغا ئاي، كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئىسىم قويىدۇ.

بىر كۈنى ئوغۇزخاقان بىر دەرەخنىڭ كاۋىكىدا ئولتۇرغان بىر قىزنى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ قىزمۇ ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، "كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆك، چېچى ئېقىپ تۇرغان سۇدەك، چىشى ئۈنچىدەك ئىدى". ئوغۇزخاقان بۇ قىزغىمۇ ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۇ قىزنىمۇ ئەمرىگە ئالىدۇ. بۇ قىزدىنمۇ ئۈچ ئوغۇل تاپىدۇ ۋە ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۆك (ئاسمان)، تاغ، دېڭىز دەپ ئىسىم قويىدۇ. ئوغۇزخاقان ئىككى ئايالدىن جەمئىي ئالتە نەپەر ئوغۇلغا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۆز قوۋمى ئىچىدە ئۆزىنى خاقان دەپ جاكارلاپ، ئالىي ھۆكۈمران بولىدۇ. ئۇ ئۆز قول ئاستىدىكى بەگلەرگە ۋە پۇقرالارغا شۇنداق جاكارلايدۇكى:«مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان، ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان؛تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان، كۆك بۆرى بولسۇن ھەم ئۇران، تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان. ئوۋلىقتا يۈرۈشسۇن مال - ۋاران؛ ھەم ئاقسۇن دەريا ۋە ئېقىن، قۇياش تۇغ بولسۇن، ئاسمان قورغان.

شۇندىن كېيىن، ئوغۇزخاقان تەرەپ - تەرەپكە يارلىق ئىبەرتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بويسۇنىشىنى، بولمىسا جازا يۈرۈشى قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. شەرق (ئوڭ) تەرەپتە ئالتۇنخان ئوغۇزخانغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. غەرب (سول) تەرەپتە رىم پادىشاھى بويسۇنماي، قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئوغۇزخاقان رىم پادىشاھىغا قارشى لەشكەر تارتىپ، جازا يۈرۈشىگە ئاتلىنىدۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئوغۇزخاقان مۇز تاغ ئېتىكىدىكى ئاۋۇلىدا ئولتۇرغىنىدا، چېدىرغا كۈندەك بىر يورۇق نۇر چۈشىدۇ. ئۇ يورۇق ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك يايىلىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە پەيدا بولىدۇ ۋە زۇۋانغا كېلىپ، ئوغۇزخاقانغا:

« ھەي، ئوغۇز سەن ئۇرۇمغا ئەسكەر چىقارساڭ، مەن ئالدىڭلاردا يول باشلاپ ماڭىمەن»- دەيدۇ. شۇندىن كېيىن ئوغۇزخاقان چېدىرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يولغا ئاتلىنىدۇ. كۆكتىن چۈشكەن نۇر ئىچىدىن پەيدا بولغان كۆك تۈكلۈك، كۆك يايىلىق ئەركەك بۆرە قوشۇننىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭىدۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، كۆك تۈكلۈك، كۆك يايىلىق ئەركەك بۆرە مىڭىشتىن توختايدۇ. ئوغۇزخاقانمۇ لەشكەرلىرى بىلەن توختايدۇ. بۇ يەردە ئېتىل دېگەن بىر دەريا بار بولۇپ، دەريانىڭ قىرغىقىدىكى قارا تاغ باغرىدا قاتتىق ئۇرۇش بولىدۇ. ئۇرۇشنىڭ دەھشىتى مىليونلىغان كىشىنىڭ كۆڭلىگە دىشۋارلىق سالىدۇ. ئۇرۇشتىكى قان تۆكۈلۈشنىڭ كۆپلۈكىدىن ئېتىل دەرياسىنىڭ سۈيى قىپ - قىزىل قانغا ئايلىنىدۇ. ئۇرۇشتا ئوغۇزخاقان نۇسرەت قازىنىدۇ ۋە ئۇرۇم خاقانىنىڭ خانلىقىنى قولىغا ئېلىپ، ئەل جامائەتنى ئۆزىگە قارىتىپ، نۇرغۇنلىغان ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇرۇم خاقانىنىڭ بىر قېرىندىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئورۇسبەگ ئىدى. ئورۇسبەگ ئوغلىنى تاغ بېشىدىكى ناھايىتى مۇستەھكەم بىر شەھەرنى قوغداشقا ئىبەرتىدۇ. ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق جېكىلەپ: «شەھەرنى قوغدىشىڭ كېرەك. ئۇرۇش

باشلانغاندىن كېيىنمۇ شەھەرنى قوغداپ قىلىشىڭ كېرەك»ـ دەيدۇ. ئوغۇزخاقان ئۇرۇم خاقانى ئۇرۇشتا يەڭگەندىن كېيىن، مانا مۇشۇ مۇستەھكەم شەھەرگە ئاتلىنىدۇ. ئوغۇزخاقاننىڭ ئۇرۇشتىكى چىۋەر ۋە باھادىرلىقنى ئاڭلاپ يۈرىكى سىقىراپ كەتكەن ئورۇسبەگ ئوغلى ئوغۇزخاقاننىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئوغۇزخاقانغا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش سوۋغات قىلىدۇ ۋە يىلىنىپ تۇرۇپ: «ئىخ، سەن مېنىڭ خاقانىمسەن! ئاتام بۇ شەھەرنى ماڭا بەرگەن ھەمدە شەھەرنى قوغدىشىڭ كېرەك، ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىنمۇ، شەھەرنى قوغداپ قېلىشىڭ كېرەك دېگەن، بىزنىڭ بەختىمىز، سېنىڭ بەختىڭ. بىزنىڭ ئۇرۇقىمىز سېنىڭ دەرىخىڭنىڭ ئۇرۇقىدىن. تەڭرى ساڭا پۈتۈن زېمىننى ئاتا قىلماقتا. مېنىڭ جىسمىم ۋە بەختىم ساڭا مەنسۇپ. مەن ساڭا تارتۇق تارتىپ تۇرۇپ، دوستلۇقتىن چىقمايمەن»ـ دەيدۇ. ئوغۇزخاقان ئورۇسبەگنىڭ ئوغلىنىڭ سۆزلىرىدىن خۇشال بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا «ساقلاب» دەپ نام بېرىدۇ. شۇندىن كېيىن ئوغۇزخاقان ئېتىل دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ دەريانىڭ سۈيى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئوغۇزخاقان دەريادىن قانداق ئۆتۈشنىڭ غېمىنى قىلىپ تۇرغاندا، قوشۇن ئىچىدىن ئۇلۇس ئوردا بەگ دېگەن ئەقىللىق، چىۋەر بىر ئادەم چىقىپ دەريا بويىدىكى ياغاچ تاللارنى كېسىپ ئۇنىڭدىن بىر سال ياساپ، قوشۇننىڭ دەريادىن ئۆتۈشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلايدۇ. قوشۇن ئوڭۇشلۇق ھالدا دەريادىن ئۆتىدۇ. ئوغۇزخاقان ئۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: «ھەي، سەن بۇ يەرگە بولغىن بەگ، قىپچاق ساڭا ئات بولسۇن!»ـ دەيدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قوشۇن يەنە داۋاملىق ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ھېلىقى كۆك تۈكلۈك، كۆك يايىللىق ئەركەك بۆرە يەنە قوشۇنغا داۋاملىق يول باشلاپ ماڭىدۇ. قوشۇن ئېگىز مۇز تاغ باغرىغا كەلگەندە، ئوغۇزخاقاننىڭ ئامراق چىپار ئايغىرى مۇز تاغ جىلغىسىغا كىرىپ كېتىپ غايىپ بولىدۇ. ئوغۇزخاقان چىپار ئايغىرنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىدىن كۆڭلى بەكلا يېرىم بولۇپ ئۆزۈنغىچە ئازاب چېكىدۇ. بۇ ھالەتنى كۆرگەن قوشۇن ئىچىدىكى بىر باتۇر، قورقماس ئەر ئاتنى ئىزدىگىلى تاغ ئارىسىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئۇ ناھايىتى بەستلىك ۋە تەمبەل بىر ئادەم بولۇپ، كۆپ قېتىملىق جەڭلەرگە قاتناشقان ۋە جەڭلەرنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بەرگەن بىر ئادەم ئىدى. بۇ ئادەم توققۇز كۈندىن كېيىن ئوغۇزخاقاننىڭ چىپار ئايغىرىنى مۇز تاغ ئارىسىدىن تېپىپ چىقىپ ئوغۇزخاقاننىڭ ئالدىغا ھازىر قىلىدۇ. مۇز تاغ ناھايىتى سوغۇق بولغاچقا، بۇ بەگنىڭ ھەممە يەرلىرىنى قار ـ مۇز قاپلاپ ئاپئاق بولۇپ كېتىدۇ. ئوغۇزخاقان بۇ بەگدىن ناھايىتى خۇرسەن بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاپئاق تۇرقىغا قاراپ « مەڭگۈلۈك ئىسمىم بولسۇن ساڭا قارلۇق »ـ دەيد. قوشۇن يەنە داۋاملىق ئىگىرىلەيدۇ. ئوغۇزخاقان يولدا ئېگىز بىر ئۆينى كۆرىدۇ. بۇ ئۆينىڭ تېمى ئالتۇندىن، تۈڭلۈكى كۈمۈشتىن، ئىشىكى تۆمۈردىن ياسالغان ئىدى. ئىشىكى قۇلۇپلاغلىق بولۇپ، ئاچقۇچى يوق ئىدى. ئوغۇزخاقان لەشكەرلەر ئىچىدىكى تۆمۈردۇقاغۇل ئاتلىق چىۋەر ئۇستىغا: «سەن بۇ يەردە قال، ئىشىكنى ئاچ. ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن ئوردىغا قايتىپ بار»ـ دەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا «قالاچ» دەپ ئات قويىدۇ.

قوشۇن ئىلگىرىلەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بىر كۈنى كۆك تۈكلۈك، كۆك يايىلىق ئەركەك بۆرە يولدىن توختايدۇ. ئوغۇزخاقانمۇ قوشۇنلىرى بىلەن يۈرۈشتىن توختايدۇ. بۇ يەر «جۇرجىت» دەپ ئاتىلىدىغان، تېرىلمىغان تۈزلەڭ زېمىن بولۇپ، بايلىقى مول، ئەل ـ جامائىتى كۆپ، زېمىنى كەڭ بىر يەر ئىدى. جۇرجىت خاقان ئوغۇزخاقانغا بويسۇنمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قارشىلىق قىلىدۇ. ئوغۇزخاقان بىلەن جۇرجىت خاقانى ئوتتۇرىسىدا قانلىق ئۇرۇش يۈز بېرىدۇ. ئۇرۇشتا نۇسرەت ئوغۇزخاقانغا بولىدۇ. ئوغۇزخاقان جۇرجىت خاقانىنىڭ بېشىنى كېسىپ، ئۇنىڭ ئەل ـ جامائىتىنى ئۆزىگە قارىتىدۇ. نۇرغۇن ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. بۇ غەنىمەتلەرنى توشۇشقا نۇرغۇن ئات، كالا، قېچىرلار ئازلىق قىلىدۇ. قوشۇن ئىچىدە بارماقلىق يوسۇن بىلىگ ئاتلىق ناھايىتى چىۋەر بىر ياشانغان ئادەم بولۇپ، ئۇ ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنى توشۇش ئۈچۈن ئېگىز بىر ھارۋا ياسايدۇ. ۋە ھارۋا ئۈستىگە جانسىز، جانلىق غەنىمەتلەرنى قاچىلايدۇ. ھارۋىنىڭ ئالدىغا جانلىق غەنىمەتلەرنى قوشۇپ ھارۋىنى تارتقۇزىدۇ. كىشىلەر بۇ ئىشنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ ۋە ھەممىسى ھارۋا ياسايدۇ. «ئېگىز ھارۋا ماڭغاندا «قانغا، قانغا»دېگەن ئاۋاز چىقاتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا «قانغا» دەپ ئات قويىدى. ئوغۇزخاقان قانغىلارنى كۆرۈپ كۈلىدۇ ۋە «قانغا بىلەن جانسىز

غەنىمەتنى جانلىق غەنىمەت سۈرەپ ماڭىدىكەن. ئىگىز ھارۋىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، قانغالۇق ساڭا ئات بولسۇن» ـ دەيدۇ.

ئوغۇزخاقان ھېلىقى كۆك تۈكلۈك، كۆك يايىلىق ئەركەك بۆرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن داۋاملىق ھالدا سىندۇ، تاڭغۇت، شاغام تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىدۇ ۋە كۆپ ئۇرۇش ـ تۇقۇنۇشلاردىن كېيىن ھەممە يەرلەردە نۇسرەت قازىنىپ، ئۇ يەرلەرنى ئۆز زېمىن تروتىرىيىسىگە قوشىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخاقان جەنۇب تەرەپتىكى ماسار خاقانلىقىغا قاراپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇ يەرنىڭ زېمىنى ناھايىتى مۇنبەت، ھاۋاسى ئىسسىق بولۇپ، ھايۋاناتلار ۋە قۇشلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. خەلقىنىڭ رەڭگى قاپ ـ قارا ئىدى. ماسارخاقان بىلەن ئوغۇزخاقان ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئۇرۇش بولىدۇ. ماسارخاقان بەرداشلىق بېرەلمەي قاچىدۇ. ئوغۇزخاقان نۇسرەت قازىنىدۇ. خەلقىنى ئۆزىگە قارىتىدۇ. زېمىنىنى ئىگىلەيدۇ. نۇرغۇن بايلىقا ۋە چارۋىلارغا ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆز ئىلىگە توشۇپ كېتىدۇ.

ئوغۇزخاقاننىڭ يېنىدا ئاق ساقاللىق، مۇز چاچلىق قابىلىيەتلىك بىر مويسىپىت كىشى بار ئىدى. ئۇ كۆپ ئىشلارنى بىلىدىغان، توغرا سۆزلۈك، توغرا ئىش قىلىدىغان لىللا ۋەزىر ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۈرك ئىدى. بىر كۈنى چۈشىدە ئۇ بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ دانە كۈمۈش ئوق كۆرىدۇ. ئالتۇن يا كۈن چىقىشتىن تاكى كۈن پېتىشقىچە سوزۇلغان بولۇپ، ئۈچ دانە كۈمۈش ئوقنىڭ ئۇچى شىمالنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ئۇلۇغ تۈرك چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئوغۇزخاقانغا ئېيتىپ بولۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەي خاقانىم ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر يار بولسۇن. ھەي خاقانىم سىنىڭ ئەل ـ نىزامىڭغا ئادالەت يار بولسۇن. كۆك تەڭرى چۈشۈمدە بەردى ماڭا ئىشارەت. ئىشغال قىلغان يەرلىرىنى ئۇرۇقىغا بۆلۈپ بەرسۇن دەپ». ئوغۇزخاقانمۇ ئۇلۇغ تۈركنىڭ سۆزىنى بىجانىدىللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئەرتىسى ئالتە نەپەر ئوغۇللىرىنى يېنىغا چاقىرىپ :« ھەي ئوغۇللىرىم، ئۇۋنى كۆڭلۈم تارتىپ تۇرىدۇ. ياشىنىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئۇۋغا چىقىشقا چامىم يەتمەيدۇ. كۈن، ئاي، يۇلتۇز ئۈچىڭلار تاڭ ئاتار تەرەپكە بېرىڭلار. ئاسمان، تاغ، دېڭىز ئۈچىڭلار تۈن قاراڭغۇسى تەرەپكە بېرىڭلار» ـ دەيدۇ. ئالتە نەپەر ئوغۇللار ئاتىسى بەلگىلەپ بەرگەن تەرەپلەرگە بېرىپ نۇرغۇنلىغان ھايۋان ۋە قۇشلارنى ئوۋلىغاندىن كېيىن قايتاشىدا كۈن، ئاي، يۇلتۇز ئۈچەيلەن يولدىن بىر ئالتۇن يانى تېپىۋالىدۇ ۋە ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئوغۇزخاقان شاتلىنىپ، ئالتۇن يانى ئۈچكە بۆلىدۇ ۋە ئوغۇللىرىغا: «ھەي ئاكىلار، بۇ يا سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن. سىلەر ياغا ئوخشاش ئوقنى كۆككىچە ئېتىڭلار» ـ دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاسمان، تاغ، دېڭىز قاتارلىقلار نۇرغۇن ئوۋ غەنىمەتلىرى بىلەن يولدىن تېپىۋالغان ئۈچ دانە كۈمۈش ئوقنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئوغۇزخاقان شاتلىنىپ ئۇلارغا: «ھەي ئىنىلەر، بۇ ئوق سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن. يا ئوقنى توغرىلايدۇ. سىلەر ئوققا ئوخشاش (ياغا بويسۇنۇڭلار)» ـ دەيدۇ. شۇندىن كېيىن ئوغۇزخاقان كاتتا قۇرۇلتاي چاقىرىدۇ. قۇرلتايغا نەۋكەرلەر، ئەل ـ جامائەت كېلىپ قاتنىشىدۇ. ئوغۇزخاقان ئوڭ تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇرۇپ ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاسىدۇ. ئۇنىڭ تۈۋىگە بىر ئاق قوينى باغلايدۇ. سول تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق بىر ئۇزۇن ياغاچنى قاداتتۇرۇپ ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى ئاسىدۇ. تۈۋىگە بىر قارا قوينى باغلايدۇ. ئوڭ تەرىپىدە بۇزۇقلار ئولتۇرىدۇ. سول تەرىپىدە ئۈچ ئوقلار ئولتۇرىدۇ. قىرىق كېچە كۈندۈز توي بولىدۇ. ئاخىرىدا ئوغۇزخاقان ئۆزىنىڭ تەڭرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەل ـ يۇرتنى ئۇلارغا بۆلۈپ بېرىدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلايدۇ.

بۇ نۇسخىنىڭ ۋەقەلىكى مانا مۇشۇ ئېپىزوتلار بىلەن تۈگەيدۇ.

بۇ نۇسخىدا دىققەتنى تارتىدىغان ئالاھىدە بەلگىلەر:

بۇ ئوغۇلنىڭ يۈز چىراي كۆك ئىدى. ئاغزى چوغدەك قىزىل، كۆزلىرى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئىدى. بۇ ئوغۇل ھۆر ـ پەرىلەردىنمۇ چىرايلىق ئىدى. بۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ ئوغۇزىنى بىر قېتىم ئېمىپلا، ئىككىنچى ئانىسىنى ئەممىدى. خام گۆش، ئاش، مەي سورىدى. تىلى چىقىشقا باشلىدى. قىرىق كۈندىن كېيىن چوڭ بولدى، ماڭدى، ئوينىدى. ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتىدەك، بېلى بۆرە بېلىدەك، مۈرىسى قارا بۇلغۇن مۈرىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى. پۈتۈن بەدىنى قويۇق تۈك باسقان ئىدى ئۇ بۇ قىئاتنى ئوۋلىماقچى

www.uyghurkitap.com



بولدى نەيزە ئېلىپ، ئوق يا ئېلىپ، يەنە قىلىچ ئېلىپ، قالقان ئېلىپ ئاتلاندى كۆك بۆرە بولسۇن ھەم ئۇران ئورۇسبەگ ساقلاب قىپچاق قارلۇق قالاچ جۇرجىت قانغۇلۇق ماسار خاقان قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن ياغاچ قاداتتۇردى. ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاستى، ئۇنىڭ تۈۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى. سول تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى. ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى ئاستى تۈۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى. ئۇ يولدا ئىگىز بىر ئۆينى كۆردى. بۇ ئۆينىڭ تېمى ئالتۇندىن، تۈڭلۈكى كۈمۈشتىن، ئىشىكى تۆمۈردىن ياسالغان ئىدى. ئىشىكى قۇلۇپلانغان بولۇپ، ئاچقۇچى يوق ئىدى.

## 2) «دەدەقۇرقۇت داستانى» ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن «ئوغۇز ئەپسانىسى» ۋارىيانتى

«دەدەقۇرقۇت داستانى» سيۇژېتلىرى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا پەيدا بولغان بولۇپ، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئېغىز ئارقىلىق تارقىلىپ، ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ ۋە بېيىپ، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە قەلەمگە ئېلىنغان.

بۇ داستان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئارىسىدا «كىتابى دەدەقۇرقۇت» ياكى تولۇق ئىسمى «كىتابى دەدەقۇرقۇت ئەلاسانى تەيفى ئوغۇزان» دەپ ئاتىلىدۇ. داستاننىڭ درېسدېن ۋە ۋاتىكان قولىيازمىلىرى بار. درېسدېن قولىيازمىسى 12 ھېكايىدىن تەركىب تاپقان. ۋاتىكان قولىيازمىسى ئالتە پارچە ھېكايىدىن تەركىب تاپقان. بۇ داستاننى تۇنجى قېتىم شەرقشۇناس ت.نيولدىكى (1836ـ1930) ھازىرقى زامان تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا باشلىغان. لېكىن پۈتۈن تەرجىمىگە ئۈلگۈرەلمەي، ماتېرىيالنى رۇس شەرقشۇناسى ۋ.ۋ.بارتولدقا بەرگەن. بارتولد 1894 ـ 1905 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا تۆت بابنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان ۋە 1922ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ داستاننىڭ پۈتۈن تېكىستىنى تەرجىمە قىلىپ تەييارلىغان. بۇ داستان بىرىنچى قېتىم 1950 ـ يىلى ئەزەربەيجاندا بېسىلىپ چىققان. 1952ـ يىلى ئە.رىسسى تەرجىمىگە شەرھى يېزىپ ئىككىنچى قولىيازمىنىڭ پاكسىملى بىلەن نەشر قىلدۇرغان. 1962ـ يىلى ئەزەربەيجانلىق تۈركشۇناس ئالىملار گ.ئارسلى ۋە ف.م.توخماسوۋلار «مېنىڭ دادامنىڭ كىتابى دەدەقۇرقۇت» نامى بىلەن نەشر قىلغان. بۇ داستان تۈركىيىدە بىر نەچچە قېتىم نەشر قىلىنغان ۋە كۆپ تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان(3). ئاتاقلىق تەرجىمان توختى تىللا بۇ داستاننى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق سانلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن بۆلۈپ ئېلان قىلدۇرغان. ئۇ ھازىر كىتاب شەكلىدە مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 ـ يىلى نەشر قىلىندى.

داستان ۋەقەلىكى باشتىن ـ ئاخىر بىر پۈتۈن سيۇژېتقا ئىگە ئەمەس. داستاننى تەشكىل قىلغان 12 بابنىڭ ھەربىرسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھېكايىچانلىققا ئىگە. داستان شەرق خەلقلىرى داستانچىلىق ئەنئەنىسى ئاساسىدا قاپىيەلىك نەسرى جۈملىلەر بىلەن بايان قىلىنغان. لېكىن بىلەن ئېپىك بايان ئۆزئارا ناھايىتى زىچ بېرىكىپ كەتكەن بولۇپ، ئېغىزدا بايان قىلىشقا ئەپلىك. ئۇنىڭ سۆز ـ جۈملىلىرى راۋان، ئاممىباب بولۇپ، ئوڭاي ئەستە قالىدۇ. بۇ داستان ھەققىدە نۇرغۇنلىغان تۈركشۇناس ئالىملار تەتقىقات ئېلىپ بارغان. پروفېسسور مۇھەممەد فۇئات كوفرۇلوزادا داستان ھەققىدە توختىلىپ: «پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنى تارازىنىڭ بىر كۆزىگە، ‹دەدە قۇرقۇت› نى يەنە بىر كۆزىگە قويىسىڭىز يەنىلا ‹دەدە قۇرقۇت› بېسىپ كېتىدۇ» ـ دېگەن(4). «ئوغۇزخاقان ئەپسانىسى» مانا مۇشۇ داستاننىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوغۇزخاقاننىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ تاكى خاقان بولغىچە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربىي يۈرۈشلىرى، قول ئاستىدىكى بەگلەرگە نام ـ ئاتاق تارتۇق قىلىشى، ئاخىرىدا ۋەزىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قول ئاستىدىكى زېمىنلەرنى ئالتە نەپەر ئوغلىغا بۆلۈپ بەرگەنلىكى ھېكايە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئاساس ۋەقەلىكى مۇنداق باشلىنىدۇ:

«بىزنىڭ نە پادىشاھنىڭكىدەك پەرمانىمىز، نە لوقماننىڭكىدەك دەرمانىمىز يوق. سازدىن ـ سۆزدىن ئاڭلىغانلارغا، ئاق ـ قارىنى ئايرىغانلارغا داستانلارنىڭ بېشى بولغان بىر داستانىمىز ئوغۇز داستانى بار. بۇ داستان بىر يايلاق بۇ داستان بىر بۇلاق تارىخلار بۇ يايلاقتىن كېچەر، ئەپسانىلار بۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچەر، سىزمۇ ئىچىڭ بىر يۇتۇم بۇ ئابىھاياتتىن. مەرھەمەت » دەپ باشلىنىپ، «بۇرۇنقى زاماندا ئوغۇزخان دېگەن بىر ئۇلۇغ خاقان

ئۆتكەن ئىكەن. تاغۇ - تاشقا ھۆكمى، بۆرە - قۇشقا سۆزى ئۆتكەن ئىكەن»- دەپ ئاساسىي ۋەقەلىككە ئۆتىدۇ.

ئوغۇزخان گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق تۇغۇلىدۇ. «ئۇنىڭ كۆكسىدە ئۈچ تال مويى بار بولۇپ، بىرى ئارسلان، بىرى يولۋاس بىرى بۆرە تۈكى» گە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مىجەز - خۇيىمۇ ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىماس بولۇپ، كۆلسە گۈللەر ئېچىلىدۇ، يىغلىسا ئۈنچىلەر چېچىلىدۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ سۈتىنى بىر شورىپلا ئىككىنچىلەپ ئەممەيدۇ. قىرىقىغا توشمايلا ئايىغى چىقىدۇ. ئوقيا ئېتىپ، ئات چېپىپ چەۋەندازلىقتا ئۇستا ماھىرلاردىن بولۇپ يېتىشىدۇ. ئاسماندا قىرىق پالۋانغا باش بولۇپ يۇرتمۇ - يۇرت، تاغمۇ - تاغ ئات ئوينىتىپ يۈرۈيدۇ.

ئوغۇزخان ئات ئوينىتىپ يۈرگەن يەرلەرنىڭ بىرىدە ناھايىتى كەڭ كەتكەن بىر قىلىن ئورمانلىق بار بولۇپ، سۈيى مول، مال - ۋارانلىرى كۆپ بىر ئورمانلىق ئىكەن. ئۇ ئورمانلىقتا يەتتە باشلىق بىر دىۋە سۈنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاغزى ئېچىلغان ھامان قۇربانلىرى كەلتۈرۈلمىسە، قانچىلىغان غۇنچە بويلۇقلارنى چاينىماي يۇتۇۋېتىدىكەن. شۇ سەۋەبلىك بۇ زېمىندا ئادەملەر ياشاشقا ئىمكانىيەت تاپالماي، باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتكەنلىكتىن زېمىنلار قۇرۇپ چۆلگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. بۇ ھالەتكە چىدىمىغان خەلقلەر ئارىسىدىن نەچچىلىگەن پالۋانلار توپلىشىپ بېرىپ ئۇنى يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھېلىقى دىۋىنىڭ تېرىسى تۆمۈردىن، باغرى پولاتتىن قاتتىق بولغاچقا ئوق ئاتسىمۇ، قىلىچ چاپسىمۇ كار قىلماپتۇ. تاغۇ - تاشنى بېشىغا ياغدۇرسىمۇ بىر تال مويى تەۋرىمەپتۇ.

ئوغۇز زور جاسارەت بىلەن ئورمانغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ. كىشىلەر ئۇنى يولدىن قايتۇرماقچى بولۇپ، نەسىھەت قىلىپ: بۇ دىۋە ئوينىشىدىغان مەخلۇق ئەمەس. جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ، يولدىن قايت بېيىشىپتۇ. ئوغۇز بۇ ئىشقا ئەھدە قىلغانلىقىنى ئېيتىپ يولىغا راۋان بولۇپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بىر كېيىكنى تۇتۇپ ئۇنى سۆگەت تېلى بىلەن بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپتۇ تاڭ سەھەردە بېرىپ قارىسا، كېيىك يوق. شۇ كۈنى يەنە بىر جانۋارنى تۇتۇپ ئۇنىمۇ كۈمۈش كەمىرى بىلەن دەرەخكە باغلاپ قويۇپتۇ. ئەرتىسى بېرىپ قارىسا، ھېلىقى جانۋارمۇ يوق. شۇنداق قىلىپ ھېلىقى دىۋىنى مۇشۇ يەرگە ئۆگىتىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورمانلىقتا كېچىچە كىرىپىك قاقماي دەرەخنىڭ تۈۋىدە ماراپ يېتىپتۇ. تۈن نىسپىدە ئورمانلىق ئىچىدىن دەھشەتلىك بىر سادا كۆتۈرۈلۈپ، دىۋە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئوغۇزنىڭ قالقىنىغا بېشىنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ. قالقان تىلىنىپ، ساۋۇتلار پارچىلىنىپ كېتىپتۇ. ئوغۇز ھېچبىر تەمتىرەمەستىن، يېنىدىن شاپ پىچىقىنى چىقىرىپ، دىۋىنىڭ بېشىغا ئېتىپتىكەن، دىۋە جەھەننەمگە راۋان بوپتۇ. بۇ خەۋەر تېز پۈرسەتتىلا پۈتۈن يايلاق، يۇرتقا يېيىلىپتۇ. كىشىلەر خۇشال بولۇشۇپ پالۋانلار بېشى ئوغۇزنى خانلاردىن ئۈستۈن خان بىلىپ باشلىرىغا تاج قىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىپىزوتلاردا: ئوغۇز بىر تاغنىڭ ئۈستىدە تەڭرىگە ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرسا، بىردىن ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆپ - كۆك نۇر پەيدا بولىدۇ ۋە نۇر ئىچىدىن ناھايىتى گۈزەل بىر مەلىكە پەيدا بولىدۇ. ئوغۇز ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، ئەمرىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن قۇياش، ئاي، ۋە يۇلتۇز ئىسىملىك ئۈچ نەپەر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ. كۈنلەردە بىر كۈن ئۇ يەنە شىكارغا چىقىپ چىمەنلىكلەرنى ئارىلاپ كېتىۋاتسا، ئالدىدا بىر كۆل پەيدا بولىدۇ. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخ، دەرەخنىڭ ئۈستىدە بىر قىزنى كۆرىدۇ. بۇ قىز شۇنداق گۈزەلكى ئۇ قىزنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بىقارار بولۇپ، ئۇ قىزنىمۇ ئەمرىگە ئالىدۇ ۋە ئۇ قىزدىن ئەرش، تاغ ۋە دېڭىز ئاتلىق ئۈچ نەپەر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغۇز ئەلگە چوڭ داستىخان سېلىپ، ھەممە كىشىلەرنى چاقىرىپ ئۇلارغا: «ئەي باتۇرلىرىم، پالۋانلىرىم، تەڭرى خالاپتىكەن، سىلەرگە خاقان بولدۇم، خان بولدۇم. تەختكە چىققاندىن بىرى زېمىنىمگە چۇشكەننى قىلدىم. ئۆيۈڭلارنى ئۆيۈم، ئوچىقىڭلارنى ئوچۇقۇم بىلىپ، يىغلىغانلار بىلەن يىغلىدىم، كۈلگەنلەر بىلەن كۈلدۈم. بۇ تۇپرىقىمىزنى شۇنداق بىر تېرىكچىلىك مەئىشىتىگە ئېرىشتۈردۈمكى، ئەمدى نە دىۋە كېلەلمەس، نە جىن - شەيتانلار تېگەلمەس بولدى لېكىن بۇ يەرلەرگە سىغماس بولدۇق بىلىكىمگە بىلەك، يۈرىكىمگە يۈرەك بولساڭلار شۇ دۇنيانى ئالقىنىمغا ئېلىپ، يەتمىش ئىككى مىللەتنى بىر تۇغ ئاستىغا توپلاشنى ئويلايمەن. تىلىڭلارنىڭ

www.uyghurkitap.com



تىگىدىكىنى ئىپتىگىلار ئەمدى! ـ دەيدۇ. كۆپچىلىك ھەممىسى ئوغۇزنىڭ بۇ ئارزۇسىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئوغۇز تۆت ئەتراپقا يارلىق ئىبەرتىپ: «بۇيرۇقۇمغا باش ئەككەنلەرنى بېشىمغا ئالىمەن. بېرىپ يەنە ئۆز دۆلىتىنى سورىسۇن. لېكىن باش ئەگمىگەنلەرنىڭ جېنىغا ۋاي، ئەجىلىگە ھازىر بولسۇن!» ـ دەيدۇ. ئوغۇزلارنىڭ ئوڭ قانىتىدىكى «ئالتۇن خان» پەرمانغا بويسۇنۇپ: «تاجۇ ـ تەختىمگە تەگمىگەندىن كېيىن، بار ـ يوقۇم ئۇنىڭ بولسۇن» ـ دەيدۇ. سول تەرەپتىكى كۇمۇش خاقان: «مەن ھېچكىمنىڭ تۇغى، بويۇنتۇرۇقى ئاستىغا كىرمەيمەن. كەلگۈچى بولسا، كۆرىدىغىنى بار» ـ دەپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئوغۇزخان ئۇنىڭغا قارشى لەشكەر تارتىدۇ. ئۇ بىر چېدىرنىڭ ئىچىدە تۇرغان ۋاقتىدا چېدىر ئىچىگە بىر يورۇقلۇق شولىسى چۈشىدۇ ۋە شولا ئىچىدىن كۆك يايلىلىق بىر بۆرە چىقىپ: «نېمە تىلىكىڭ بولسا مەندىن تىلە» ـ دەپ زوۋانغا كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭىدۇ. قوشۇن ئېتىل دەرياسىنىڭ بويىغا كەلگەندە كۇمۇش خان قوشۇنلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇرۇش باشلىنىدۇ. ئۇرۇشنىڭ دەھشەتلىكلىكىدىن دەريا سۈيى قانغا ئايلىنىپ، ئاتلار سۇ ئىچەلمەي قالىدۇ. ئاخىرى كۇمۇش خان قاچىدۇ. ئوغۇزخان نۇسرەت قازىنىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە تەپسىلات بېرىلمەي: «ئوغۇزخان يەنە بىر نەچچە ئۆتكىلى بولماس سۇلاردىن ئۆتۈپ، ئاشقىلى بولماس تاغلارنى ئېشىپ، يېڭىلمەس ياۋلارنى يېڭىپ، ئېچىلماس قەلئەلەرنى ئېچىپ، يەتتە ئىقلىم، تۆت ئەتراپنى بىر تۇغ ئاستىغا توپلاپتۇ. ئۆز تۇغى ئاستىغا ئالغان يەرلەرنى بېلىكى ھەم يۈرىكىگە ئىشەنگەن خان ـ خانىملارغا تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىگە:

ئال، ساقلا. ساڭا ئاتا قىلدىم بۇ يېشىل يۇرتنى دەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ ئۇرۇقنىڭ نامى «ساقلىغۇچ» بوپتۇ. يەنە بىرىگە: تۇر، بۇ يەردە، يوغىنىغىنىگچە يوغىنا بۇ يۇرتتا ! ـ دەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ جەمەتىنىڭ نامى «تۇرغۇچ» بوپتۇ.» ـ دەپ بايان قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن ئوغۇزخاننىڭ يېنىدا تۇرغۇچى «قۇتلۇق» دېگەن ياشانغان، بىلىملىك ئاقىلنىڭ چۈشى بېرىلىدۇ. ئاقىل چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن بىر كۇمۇش ئوقنى كۆرىدۇ. ئالتۇن يانىڭ كىرىچى كۈندۈز تەرەپكە سوزۇلسا، كۇمۇش ئوق كېچە تەرەپكە ئۇچىدۇ. ئۇ چۈشىنى ئوغۇزخانغا ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەبىر بېرىدۇ. ئوغۇزخانمۇ ئۇنىڭ تەلىمى بويىچە ئوغۇللىرىنى چاقىرتىپ، چوڭ ئوغۇللىرىنى كۈن چىقىش تەرەپكە، كىچىك ئوغۇللىرىنى كۈن پېتىش تەرەپكە ماڭدۇرىدۇ. كۈن چىقىش تەرەپكە ماڭغان ئوغۇللار بىر ئالتۇن يانى، كۈن پېتىشقا قاراپ ماڭغان ئوغۇللار بىر كۇمۇش ئوقنى تېپىۋېلىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. ئوغۇزخان خۇرسەن بولۇپ، ئالتۇن يانى ئۈچكە بۆلۈپ چوڭ ئوغۇللىرىغا بېرىپ: «ئەي ئوغۇللۇرۇم يا سىلەرنىڭ بولسۇن. يادۇر ئوقنى ئاتقان. سىلەرمۇ يادەك بولۇڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن «كۆك ئوق» بولسۇن نامىڭلار، » ـ دەيدۇ. كۇمۇش ئوقنىمۇ ئۈچكە بۆلۈپ كىچىك ئوغۇللىرىغا بېرىپ، ـ ئەي كەنجى ئوغۇللۇرۇم، ئوق سىلەرنىڭ بولسۇن. ئوقدۇر كۆكلەرگە ئېتىلغان. سىلەرمۇ ئوقتەك بولۇڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن "ئۈچ ئوق» بولسۇن نامىڭلار ـ دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخان كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ھەممە كىشىلەرنى مېھمانغا چاقىرىدۇ ۋە ئوڭ يېنىغا قىرىق غۇلاچلىق ئېگىزلىكتە بىر خادا تىكتۇرۇپ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى قوندۇرۇپ، تۈۋىگە بىر ئاق قوي باغلايدۇ. سول يېنىغىمۇ شۇنداق بىر خادا تىكتۇرۇپ ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۇمۇش توخۇ قوندۇرۇپ تۈۋىگە بىر قارا قوي باغلايدۇ. ئوڭ يېنىدا كۆك ئوقلارنى، سول يېنىدا ئۈچ ئوقلارنى ئولتۇرغۇزۇپ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي مەرىكە قىلغاندىن كېيىن قول ئاستىدىكى زېمىنلەرنى بالىلىرىغا بۆلۈپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ ۋە: ـ ئەي ئوغۇللۇرۇم، قاناتلىرىم، قوللۇرۇم! مەن كۆپ ياشىدىم، كۆپنى كۆردۈم، دۈشمەنلىرىمنى يىغلىتىپ، دوستلىرىمنى كۈلدۈردۈم. ئەمدى ئۆمرۈم ئاخىرلاشتى. ساناقلىق كۈنلىرىم قالدى پانى دۇنيا كىمگە قالسۇن، يۇرت ـ يايلىقىمنى سىلەرگە ئامانەت قىلمەن. سۇلار قۇرىسا قۇرۇسۇنكى، نەسلىمىز قۇرۇمىسۇن. بۇ دۇنيادا نامىمىز ئۆچمىسۇن ـ دەيدۇ. سۆزى ئاياقلىشىش بىلەن ئوغۇز ئارىدىن غايىپ بولىدۇ.

ـ ئەسەرنىڭ ئاخىرى مۇنداق ئاياقلىشىدۇ: « بۇ ئۇلۇغلار ئۇلۇغى سىر بولدىمۇ، نۇر بولدىمۇ، ئۇ يېرى نامەلۇم. ئەمما، ئوغۇزخاننىڭ ۋەسىيىتى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. دۇنيادا نى ـ نى دەريالار، دېڭىزلار قۇرۇپتۇ. تۈرك نەسلى قۇرۇماپتۇ. زامانلار

كېلىپتۇ، كېتىپتۇ، پىلەك تارتىپ خەمەكلەپتۇ. كۆك ئوقلار كۆپىيىپ، ئۈچ ئوقلار ئۈلغىيىپ، دېگەندەك بۇ يايلاقتىن ئۇ يايلاققا كۆچۈپتۇ.﴿ مەن بەختىيار تۈرك﴾ دېگەنلەرنىڭ بېشىغا يەنە ئۈچ ئالما چۈشۈپتۇ».

شۇنىڭ بىلەن بۇ نۇسخىنىڭ ۋەقەلىكى تۈگەيدۇ.

بۇ نۇسخىدا دىققەتنى تارتىدىغان ئالاھىدە بەلگىلەر: ـ ئۇنىڭ كۆكسىدە ئۈچ مويى بار بولۇپ، بىر ئارسلان، بىرى يولۋاس، بىرى بۆرە تۈكى... ئوق ئېتىپتۇ، تەگمەپتۇ، قىلىچ چېپىپتۇ، كەسمەپتۇ، نەيزە سانجىپتۇ، تەشمەپتۇ بۇ ئورماندا يەتتە باشلىق بىر دىۋە بار بولۇپ، ئۇ يەرگە كىرگەن نەرسە ساق چىقمايدىكەن دوستلىرىمنى كۈلدۈردۈم، دۈشمەنلىرىمنى يىغلاتتىم دۇنيادا نى ـ نى دەريا ـ دېڭىزلار قۇرۇپتۇ، تۈرك نەسلى قۇرۇماپتۇ.

### 3) «نەزمى ئوغۇزنامە» نۇسخىسى

«نەزمى ئوغۇزنامە» نۇسخىسى تۈركىيات مەجمۇئەسىنىڭ 18 ـ تومىدا كەمال ئاراسلاننىڭ نەشرگە تەييارلىشىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ نۇسخا ئەدىب ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى)ناملىق دىداكتىك داستانى بىلەن بىرگە تۈپلەنگەن ئىكەن. ھۈسەيىن نامىق ئورقۇن بۇ نۇسخىنىڭ تىلىنى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» بىلەن ئوخشاش دەپ قارىغان. بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىغۇچى كەمال ئاراسلان ئەسەرنىڭ بەزى تىل خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ «كلاسسىك ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرى بولغان 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياكى 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدىغان شەرق تۈركچىسى (كونا ئۇيغۇرچە) بىلەن يېزىلغان» دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ(5). بىز پايدىلانغان بۇ نۇسخا تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىل 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

« نەزمى ئوغۇزنامە» جەمئىي 104 بېيت 208 مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان. داستان ۋەقەلىكى:

قاراخان ئۇلۇسنى تۈزەتتى بىلىپ، خۇدانى ئۇنۇتۇپ يامان ئىش قىلىپ. ئىزى روزى قىلدى بىر ئوغلان ئاڭا، نەكىم قىسسەلەرنى ئايايىن ساڭا. تۇغۇپ ئۈچ كۈن ئۆتتى ئەمۇگ ئەممەدى، ئاناسىنىڭ ھەرگىز سۈدى تامادى. دەپ باشلىنىدۇ. داستاننىڭ كېيىنكى ئېپىزوتلىرىدا بوۋاقنىڭ سۈتنى ئەممىگەنلىكىدىن ئانىسى قاتتىق قايغۇرىدۇ. ئۇنى ئەمچەك ئېمىشكە زورلىغان بولسىمۇ، لېكىن بوۋاق ئەمگىلى ئۇنىمايدۇ. بىر كۈنى ئانىسى چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە ئوغلى ئۇنىڭغا: ئانا ساڭا دەيدىغان بىر سۆزۈم بار. سەن خۇداغا ئىشەن. ئىمان ئېيت، سەن باتىللىقنى تاشلاپ ئىمانغا ئۇلاشساڭ ئاندىن مەن سېنى ئىمىمەن. بولمىسا، ئۆلۈپ كېتىمەن ـ دەيدۇ. ئانىسى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، رازىمەنلىك بىلەن خۇداغا ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇل ئانىسىنى ئىمىدۇ. ئانىسىمۇ بوۋاقنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ ئۇنى ئەمگۈزىدۇ. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئوغۇل چوڭ بولىدۇ. ئاتىسى قاراخان ئوغلىغا مېھرىبانلىق يەتكۈزىدۇ ۋە ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭغا مۇبارەك ئىسىم قويۇش ئۈچۈن چوڭلار بىلەن مەسلىھەت قىلىشىدۇ. ئاتىسى: مېنىڭ ئۇرۇقۇم ئىچىدە بۇنىڭدەك كىشى يوق ئىدى. بۇ ئەل ـ جامائەتنىڭ بېشى بولغاي، ـ دەپ خۇرسەن بولىدۇ ۋە جامائەتكە كەڭرى داستىخان سېلىپ، نەزىرە بېرىپ ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسمىنى كىم قويۇش توغرىسىدا ئويلىنىۋاتقاندا بوۋاق ئۆز ئىسمىنى «ئوغۇز» دەپ ئاتايدۇ. خالايىقنىڭ بارچىسى مۇبارەكلىشىدۇ.

ئوغۇز ناھايىتى چىرايلىق ۋە مۇلايىم بولۇپ، تولىمۇ مېھرىبان ۋە ئەدەبلىك چوڭ بولىدۇ. جەڭ ماھارەتلىرىنى ناھايىتى پۇختا ئىگىلەپ باتۇر، يۈرەكلىك كىشى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. داۋاملىق ئوۋ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ھەربىي ماھارەت ئىگىلەيدۇ. بىلىمىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئوغۇز بالاغەتكە يەتكەندە ئاتىسى قاراخان ئۇنىڭغا ئۆز ئىنىسىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىدۇ ۋە كاتتا توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئوغۇز توي كېچىسى ئايالىغا: سەن ماڭا تەگمەكچى بولساڭ، ئاۋۋال مۇسۇلمان بول. ئاندىن مەن سەن بىلەن ئەر ـ خوتۇن بولىمەن ـ دەيدۇ. ئايالى ئوغۇزنىڭ بۇ سۆزىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئوغۇزمۇ ئۇنى نەزىرىگە ئىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا داۋاملىق ئازار بېرىپ تۇرىدۇ. ئاتىسى ئوغۇزنىڭ ئىنىسىنىڭ قىزىغا ئوغۇزنىڭ داۋاملىق ئازار بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ، يەنە بىر ئىنىسى

www.uyghurkitap.com



بوكۆزخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىدۇ. ئوغۇز بۇ قىزنىمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغىمۇ داۋاملىق ئازار بېرىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: سەن خۇداغا ئىشەن، ئىمان ئېيت، بولمىسا، سېنى خوتۇن قىلالمايمەن ـ دەيدۇ. قىز ئوغۇزغا: سەن بۇنداق گەپنى ھەرگىز دېگۈچى بولما. سەن ئاتاڭ ئىشەنگەن دىنغا ئىشەن. مەن خان قېشىغا بېرىپ: ئوغۇز سىز ئىشەنگەن دىندىن چىقىپ، باشقا دىنغا ئىشەندى دەيمەن، ـ دەيدۇ. ئوغۇز قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، زورىغا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئارتۇق گەپ قىلمايدۇ. ئۇلارغىمۇ يېقىنلاشمايدۇ. ئوغۇزنىڭ ئاتىسى قاراخان ئوغۇزنىڭ كېلىنىگە داۋاملىق ئازار بېرىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئوغۇزنىڭ قېشىغا كېلىپ، يەنە بىر ئىنىسىنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئېلىشنى مەسلىھەت بېرىدۇ. ئوغۇز بىر كۈنى ئوۋدىن قايتىپ كەلگەندە، ئاتىسى كۆرسەتكەن قىزنى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: سەن ئەمدى مېنىڭ بولىسەن. ئەگەر سەن ئاللانى بىر دەپ ئىمان ئېيتساڭ. ئۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن مەندىن كۆپ ياخشىلىقلارغا ئېرىشىسەن ـ دەيدۇ. قىز ئوغۇزنىڭ بۇ سۆزىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ: سەن نېمە دېسەڭ شۇنى ئېيتىمەن. نېمە قىل دېسەڭ شۇنى قىلىمەن. ئاللاغا شېرىك كەلتۈرگۈچى، ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلغۇچى بۇ دىندىن راستىنلا ۋاز كېچىمەن. تەڭرىنى بىر دەپ بىلىمەن. سەن يەنە نېمە دېمەكچى، تېزراق ئېيت ـ دەيدۇ. ئوغۇز قىزنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى ئەمرىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن نەچچە يىل بىرگە تېرىكچىلىك قىلىدۇ. ئوغۇز نەۋكەرلىرى بىلەن يەنە داۋاملىق ئوۋ ـ شىكارلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئوغۇزنىڭ ئاتىسى قاراخان كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. نۇرغۇنلىغان قوي ـ كالا سويۇپ يۇرتقا چاي بېرىدۇ. تويدا ئىلگىرىكى ئىككى كېلىنى قېشىغا بېرىپ، ئۇلارغا: سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن گۈزەل، ناھايىتى چىرايلىق، نېمە ئۈچۈن ئوغۇز سىلەرنى ياخشى كۆرمىدى؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ئانچە چىرايلىق بولمىغان كېلىنىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى؟ ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۇرۇپ ھەيدىۋەتمىدى؟ سىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دەپ سورايدۇ. ھېلىقى ئىككى كېلىنى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ: ئوغۇز بىز ئىككەيلەنگە مۇسۇلمان بولۇڭلار دېدى. بىز ئۇنىڭغا ئاتىڭىز ئىشەنگەن دىننى تاشلىماڭ، دېدۇق ۋە ئوغۇزنىڭ دىنىغا كىرمىدۇق. شۇڭا بىزنى

ئۆزىدىن نېرى قوغلاپ، يەنە بىرەيلەننى ياخشى كۆردى ـ دەيدۇ. قاراخان ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇرۇپ، ئازابتىن يۈرىكى پۇچۇلىنىدۇ. بۇ ئىشقا نېمە چارە باردۇر؟ جىگەر پارىمىز يامان يولغا كىرىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ، دەپ بۇ ئەھۋالنى ئىنىلىرىگە ئېيتىدۇ. ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ھەيران قالىدۇ ۋە قاراخانغا: نېمە قىلىسىڭىز ئۆزىڭىز قىلىڭ. قانداق قىلىشنى خالىسىڭىز ئۆزىڭىز قىلىڭ ـ دەيدۇ. قاراخان دەر غەزەپ ئاچچىقلىنىپ: ئوغۇز بىزنىڭ دىنىمىزدىن يېنىپ باشقا دىنغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭغا ئۆلۈم ھەقدۇر دەيدۇ ۋە ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. قاراخاننىڭ پەرمانىدىن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە خاتىرجەمسىزلىك چۈشىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ خاندىن ئوغۇزنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىمەكچى بولىدۇ ـ يۇ، لېكىن بۇ ئىش تۈپەيلى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قېنى بىھۇدە تۆكۈلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئوغۇزنىڭ يولىغا چىقىدۇ ۋە ئايالىغا: سەن بېرىپ ئوغۇزغا سېنىڭ ئىككى ئايالىڭ ھەممە ئىشىڭنى ئاتاڭغا ئېيتتى. ئاتاڭ سېنى ئۆلۈمگە بۇيرىدى. قاراخان سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسۇن. ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول، دېگىن، ـ دەيدۇ. ئوغۇز بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ نەۋكەرلىرى بىلەن سەپراس بولۇپ جەڭگە تەييارلىق قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي قاراخان ئوغۇزغا رەھىمسىزلىك بىلەن جازا يۈرۈشى قىلىپ ئوغۇزنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئاتا ـ بالا بىر ـ بىرسىگە رۇبىرۇ تىكىلىپ تۇرۇشىدۇ. خۇدا بىر ئوق بىلەن قاراخاننىڭ كۆزىنى كور قىلىدۇ. چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى پاتپاراق بولۇشۇپ قېچىپ كېتىدۇ. ئوغۇز خۇدانىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن نۇسرەت قازىنىدۇ. قاراخاننىڭ ئىنىلىرىمۇ كۆزى قانغا تولۇپ يىراقلارغا قېچىپ كېتىدۇ. ئوغۇز خىتان، قىرقىز ئەللىرى قوزغىغان ئۇرۇشلارنى يېڭىپ، نۇرغۇن ئەللەرگە غازات ئۇرۇشى ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئۇلارنى ئىسلامغا كىرگۈزىدۇ. ئۆزى بىلەن بىرگە غازات ئۇرۇشىغا قاتناشقان نەۋكەرلىرىگە مەرھەمەت قىلىپ، ئاجىزلارغا يار ـ يۆلەك بولۇپ، ئۇلارنى كۈچلۈكلەر قاتارىدا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە مۇناسىپ ئات بېرىدۇ. داستاندا بۇ ھال مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: بۇلار ھەربىرىنگە ئوغۇز ئات بېرۇر، قالاچ قاڭلى قارلۇق بۇ قىپچاق ئېرۇر. باشى ئۇيغۇر ئەردى يىغاچ ئەر بىلە، بۇلارنىڭ بارىندا يوق ئەردى كىلە. (ئۆلچەم) بۇلار بارچىلارى ئوغۇزغا ئۇيۇپ،

ئانى تىپ تۇرۇرلار ئۆگۈتنى قويۇپ. بۇلار بارچەسىنى يىغىپ توپلادى، بۇلار بارسىنغا ئۇزەر سۆيلەدى. كۈمۈش ئالتۇن ئات قوي تۈگەدى ئۇلۇش، چۇ تەھسىندىن ئۆزگە يوق ئەردى يۇلۇش. مۇسۇلمانغا تابىئ چۇ بولغان كىشى، ئاخىر ۋاقتىدا بولغاي گۈزىنلەر باشى. بۇلار ھەربىرىنىڭ بىر يارانى بار، يامان كۈندە بولدى بىرى بىرگە يار. ۋەلي سۆز كۆپ ئەلگە ئۇزاتماي تېدۇك،كۆپىن قويدۇق ئەمدى ئازىن سۆزلەدۇك.ئوغۇز بىلگەن ئەلنى ئۇ يەتتى بارىن، كىم ئاندىن كەچىپتۇر يانا كۆپ قارىن. ئىراقۇ خۇراسان بۇرۇمۇ فەرەڭ، مىسىر شام دۇۋەلىنى ئالدى بەجەڭ. يانا ھىندۇ زەڭگى........سىجىستانۇ كابول........
داستانىنىڭ ۋەقەلىكى مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ.

بۇ نۇسخىدا دىققەتنى قوزغايدىغان مۇھىم بەلگىلەر: سەن ئول تەڭرىغە بۇت ئىمانغا ئۇلان، قوي ئول باتىل ئىشنى، بۇيانغا ئۇلان. ئاتاسى قاراخان سەۋە باشلادى، كۆپ ئىلىنىڭ ئىچىندە ئانى قاشلادى. ئاتىمچى باھادۇر يۇرەكلىك ئۆزى، ئۇياتلىغ مۇسۇلمان چىنىقتۇر سۆزى. ئالۇر جۇفتىگە كىم مىنى سەن تېسەڭ، سەۋەرمەن سىنى خۇش مۇسۇلمان ئىسەڭ.ئوغۇز چىقتى سىزدىن تۇتۇپ ئۆزگە دىن، تىيۇرمەن تىدى كۆر بۇقامۇق بەدىن.ئەگەر بىر تىپ ئانى بۇتەر ئەرسە سەن، يانۇت ياخشىلىقلار ئۆتۈش قىلغا مەن.نى ئايساڭ ئايايىن ئايىت ئايتايىن،بۇ شىركۇ نىفاقتىن چىنوق قايتا يىن.ئوغۇزقا ياراتقان يارى بەردى كۆر،ئاتاسى كۆزىنكىم - ئوق قىلدى كۆر.

**4) پىرسىيەلىك مەشھۇر تارىخچى رەشىددىن پەزلۇللاھنىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ»ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدىكى «ئوغۇزخان قىسسىسى» نۇسخىسى**

تارىخچى رەشىددىن پەزلۇللاھنىڭ ( 1274-1318) «جامىئۇتتەۋارىخ» تىكى «ئوغۇزخان قىسسىسى» نۇسخىسى تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن، ۋەقەلىكى تارىخى يوسۇندا بايان قىلىنغان نۇسخا بولۇپ، كېيىنكى دەۋر تارىخچىلىرى ۋە «ئوغۇزنامە» ئىپوسچىلىرى ئۈچۈن بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىنى بەرگەن نۇسخا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئەسەر سودا نەشرىياتى تەرىپىدىن 1983 - يىلى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، تەتقىقاتىمىزغا كىرگۈزۈلگەن بۇ نۇسخا مەزكۇر ئەسەرنىڭ 131 - بېتىدىن 147 - بېتىگىچە بولغان ئوغۇزخانغا ئائىت مەزمۇنلار ئاساسىدا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلىندى.

بۇ ئەسەردە ئوغۇزخانغا ئائىت ۋەقەلىكلەر مۇنداق بايان قىلىنغان:

ئەسەرنىڭ باش قىسىملىرىدا ئاپتور ئىسلام تارىخى ۋە يەھۇدىلەرنىڭ «تەۋرات» كىتابىدىكى بەزى مەلۇماتلارنى دىرەكلەپ، ھازىرقى ئىنسانلار تائىپىسىنىڭ ئەجدادى نۇھ پەيغەمبەرگە تۇتىشىدىغانلىقى، نۇھ پەيغەمبەرنىڭ زېمىنلەرنى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر بۆلىكىنى ئۆزىنىڭ بىر ئوغلى - قارا تەنلىكلەرنىڭ ئەجدادى بولغان ھامغا بەرگەنلىكى؛ يەنە بىر بۆلىكىنى ئەرەبلەر بىلەن پارسلارنىڭ ئەجدادى بولغان 2 - ئوغلى سامغا بۆلۈپ بەرگەنلىكى؛ ئۈچىنچى بۆلىكىنى ئۈچىنچى ئوغلى يافەسكە بۆلۈپ بەرگەنلىكى ۋە ئۇنى شەرققە ئىبەرتكەنلىكىنى يازىدۇ.

كىتابتىن مەلۇم بولۇشىچە يافەسنىڭ قاراخان، ئۇزخان، كۆزخان ۋە گورخان ئىسىملىك تۆت نەپەر ئوغلى بار بولۇپ، ئۇلار باشقا بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. قاراخان ئاتىسى يافەسنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ ھاكىمىيەت باشقۇرىدۇ. ئۇ بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن بولۇپ، بالا ئانىسىدىن تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈنگىچە ئانىسىنى زادىلا ئەممەيدۇ. ئانا بۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرۇپ داۋاملىق يىغلايدۇ. ئۇ بىر كۈنى كېچىدە چۈشىدە بالىسىنى كۆرىدۇ. بالا ئانىسىغا قاراپ: «ئانا، ئەگەر سەن خۇداغا ئىشەنسەڭ، ئۇنى ياخشى كۆرسەڭ، مەن سېنىڭ سۈتىڭنى ئېمىمەن» - دەيدۇ. ئايالنىڭ ئېرى قاراخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى باشقا بىر دىندا بولغانلىقى ئۈچۈن ئايال چۈشىدە بىشارەتلەنگەن ئالامەتلەرنى قاراخانغا ئېيتىشتىن ۋە ئەمەلدە كۆرسىتىپ قويۇشتىن قاتتىق قورقىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ خۇداغا ئىشەنگەنلىكى بىلىنىپ قالسا، بالىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. شۇڭا ئايال پىنھان يەردە خۇداغا يوشۇرۇن ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋاق ئانىسىنى ئېمىشكە باشلايدۇ. بالا كۈندىن - كۈنگە ناھايىتى چىرايلىق ۋە قاۋۇل چوڭ بولۇشقا باشلايدۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن قاراخان پەرزەنتىنىڭ تىمەنلىكىدىن خۇرسەن بولۇپ، «بىزنىڭ مىللىتىمىزدىن تېخى مۇنداق قىيапەتتىكى بالا تۇغۇلۇپ باقمىغان. مەن بۇ بالىنى ئوخشاش دەۋرىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ھۆرمەت ئىگىسى

www.uyghurkitap.com



قىلماقچىمەن. بەلكىم يەنە بۇنىڭدىنمۇ قۇتلۇق قەدەملەرنى بېسىشىمىز مۇمكىن» ـ دەپ خۇشاللىنىدۇ. بالا بىر ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭغا ئىسىم قويماقچى بولۇپ، ئوردا خادىملىرىنى چاقىرىدۇ. مەسلىھەت قىلىشىۋاتقاندا بالا تىلغا كېلىپ: «مېنىڭ ئىسمىم ئوغۇز بولسۇن» ـ دەيدۇ. كىشىلەر ھەيران قېلىشىپ، بوۋاقنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئۇنىڭغا "ئوغۇز" دېگەن ئىسىمنى قويىدۇ.

ئوغۇز بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئاتىسى قاراخان جىيەن قىزلىرى ئىچىدىن ئۇنىڭغا كۆز خاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىدۇ. بۇ قىز ناھايىتى چىرايلىق، ئېسىل سۈپەتلىك بىر قىز ئىدى. ئوغۇز ئۇنىڭغا: «ئەگەر سەن خۇداغا ئىشەنسەڭ، ھەم ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسى بولساڭ مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرىمەن. سەن بىلەن بىللە بولىمەن» ـ ـ ـ دەيدۇ. قىز ئوغۇزنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. ھەم ئوغۇزغا: «مەن بۇ ئىشنى ئاتاڭغا ئېيتىمەن. سېنى ئۇسال قىلىمەن» ـ دەيدۇ. بۇ ئىش سەۋەبىدىن ئوغۇز ئۇنىڭغا مېھىر ـ مۇھەببەت ئىزھار قىلمايدۇ. قاراخان ئوغلىنىڭ بۇ قىزنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىنى بىلىپ يەنە بىر ئىنىسى گورخاننىڭ قىزىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىدۇ. ئوغۇز بۇ قىزغىمۇ شۇ تەلەپلەرنى ئېيتىدۇ. بۇ قىزمۇ ئوغۇزنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. ئوغۇزمۇ ئۇنىڭغا مېھىر ـ مۇھەببەت ئىزھار قىلمايدۇ. ئاتىسى قاراخان ئوغلىنىڭ بۇ قىزنىمۇ ياخشى كۆرمىگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىقى يۈزىسىدىن يەنە بىر ئىنىسى ئۆزخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولىدۇ. بۇ قىز تېخى ئۆيگە ئېلىپ كېلىنمىگەن ئىدى. بىر كۈنى ئوغۇز ئوۋدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ دەريا بويىدا بۇ قىزنىڭ باشقا قىزلار بىلەن كىر يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئوغۇز ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، يۈزتۇرانە ھالدا: «سەن بىلىسەن. مەن ئىلگىرى ئىككى تاغامنىڭ قىزىنى ئالغان. ئەمما، مەن ئۇلارنى ياخشى كۆرمەيمەن. ھەم ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلمايمەن. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مەن ئۇلاردىن خۇداغا ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدىم، ئۇنى قىزغىن سۆيۈشنى تەلەپ قىلغان ئىدىم. ئەمما ئۇلار گېپىمنى ئاڭلىمىدى، رەت قىلدى. ھازىر سەن بىلەن مېنىڭ تويۇم كېلىشىپ قويۇلدى. ئەگەر سەن خۇدانىڭ بىرلىكىگە ئىشەنسەڭ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلساڭ مەن سېنى ئېلىپ خوتۇن قىلىمەن. ھەم سېنى ياخشى كۆرىمەن. ـ دېدى. قىز ئوغۇزغا: مەن خۇدانى تونۇمايمەن. ئەمما، سېنىڭ نېمە دېيىشىڭدىن قەتئىينەزەر مەن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىمەن. سېنىڭ بۇيرۇقىڭغا بويسۇنىمەن ـ، دەپ جاۋاب بەردى. ئوغۇز: بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم. مەن ساڭا مۇنداق تاپىلايمەن: سەن خۇداغا ئىشىنىشىڭ ۋە ئۇنى قىزغىن سۆيىشىڭ كېرەك ـ، دەيدۇ. قىز: "مەن سېنىڭ سۆزۈڭگە قوشۇلىمەن» ـ دەپ ۋەدە بېرىدۇ ۋە خۇداغا ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇز قىزنى ئالىدۇ ۋە ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئاتا ـ ئانىسى تاغىلىرى بىلەنمۇ ئالاقە قىلىشنى خالىمايدۇ. يالغۇز ئوۋغا چىقىدۇ. دائىم ئەرەب تىلىدا خۇدانىڭ ئىسمىنى «ئاللا» نى يادلايدۇ. ھېچكىم ئۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدۇ. ئوغۇز ھەمىشە يېقىملىق ئاۋازدا ياڭراق قىلىپ: «ئاللا» دەيدۇ. ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكىلەرگە بۇ سۆز ئوغۇزنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان، ئىچ پۇشقىنى چىقىرىدىغان سۆزدەك تۇيۇلىدۇ. ھەم ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەندەك ھېس قىلىشىدۇ.

بىر كۈنى قاراخان ئائىلىسىدىكىلەر ۋە كېلىنلىرىگە زىياپەت بېرىدۇ. زىياپەتتە كېلىنلىرىدىن: «مېنىڭ ئىككى كېلىنىم، سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن چىرايلىق. نېمە ئۈچۈن ئوغلۇم سىلەرنى ياخشى كۆرمەي يەنە بىرسىنى ياخشى كۆردى. ئوغلۇم نېمە ئۈچۈن سىلەرگە پىسەنت قىلمايدۇ؟» ـ دەپ سورايدۇ. ئىككى كېلىن ئېرىگە قارىتا قوساق كۆپۈكى بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن نارازى بولغانلىقى ئۈچۈن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئېرىگە قارشى قوپۇپ قاراخانغا: «ئوغۇز بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ. (ئاسمان ـ زېمىن تەڭرىسىگە ئېتىقاد قىلىدۇ) ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەم بىزنىڭمۇ قوشۇلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما، بىز ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدۇق. ئۇنىڭ سۆزىنى پىسەنتىمىزگە ئالمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىزگە ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئەمما، سىزنىڭ يەنە بىر كېلىنىڭىز ئوغۇز بىلەن ئوخشاش بىر تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىر يولدا. شۇڭا ئوغۇز ئۇنى ياخشى كۆرۈپ بىزگە ئۆچلۈك قىلىدۇ» ـ دەيدۇ.

ـ بۇ ۋاقىتتا ئوغۇز نەۋكەرلىرى بىلەن ئوۋ يېرىدە ئوۋ قىلىپ يۈرەتتى. قاراخان ئىنىلىرى، جىيەن ئوغۇللىرى، قېرىنداشلىرى ۋە باشقا مەسلەكداشلىرىنى يىغىپ ئۇلارغا: «ئوغلۇم ئوغۇز

كىچىك ۋاقتىدا تەقدىرىنىڭ ئامراق بالىسى ئىدى. ئىنتايىن قابىلىيەتلىك ئىدى. مەنمۇ ئۇنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرەتتىم. ئەمما، ھازىر ئۇ بىزگە ئاسىيلىق قىلدى. بىزنىڭ ئېتىقادىمىزدىن ۋاز كەچتى. ئۇنى ھەرگىز ھايات قالدۇرۇشقا بولمايدۇ» ـ دەيدۇ. بارلىق كىشىلەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خورلۇق ھېس قىلىپ غەزەپلىنىدۇ ۋە بىردەكلا ئوغۇزنى ئۆلتۈرۈش قارارىغا كېلىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوغۇزنىڭ مېھرىبان ئايالى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال بىر ئىشەنچلىك ئايالدىن ئوغۇزغا بۇ خەۋەرنى ئىبەرتىدۇ.

ـ ئوغۇز جەڭگە تەييارلىق قىلىپ بارلىق نەۋكەرلىرىگە ۋە ھەمرالىرىغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلايدۇ. ئۇلار ئوۋ مەيدانىدىلا ئۆزئارا بىرلىشىدۇ. ئوغۇزنىڭ ئاتىسى ، تاغىلىرى ئوغۇزنى ئۆلتۈرمەك بولۇپ لەشكەر باشلاپ كېلىدۇ. ئىككى ئوتتۇرىدا جەڭ باشلىنىدۇ. قاراخان ئۆزئارا قىلىنغان قىرغىندا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئوغۇزنىڭ تاغىلىرى ۋە ھەرقايسى قەبىلىلەردىن نۇرغۇن ئادەم قاراخانغا بېقىنغاچقا ئوغۇز بىلەن ئۆزئارا 75 يىل ئۇرۇشىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئوغۇز نۇسرەت قازىنىپ تالاستىن تارتىپ جەيھۇن، بۇخارا رايونغىچە بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قولغا كىرگۈزىدۇ. بۇ رايونلار ھېچبىر جەڭگى ـ جېدەلسىزلا ئوغۇزنىڭ قول ئاستىغا ئۆتىدۇ. ئوغۇزغا بېقىنمىغان ئۇنىڭ تاغىلىرى، ئاكا ـ ئىنىلىرى، جىيەن ئوغۇللار ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ شەرققە كۆچۈپ كېتىشىدۇ.

ئاپتورنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە بارلىق موڭغۇللار ئۇلارنىڭ قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققانمىش. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى يات دىن مۇرتلىرى بولۇپ، كېيىن ئۇلارمۇ چىڭگىزخان قەبىلىسى بىلەن بىرلىكتە بىر خۇدالىق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئوغۇز قول ئاستىغا كىرگۈزگەن زېمىنلەردە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەيدۇ. يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن چوڭ توي تەييارلىقىنى قىلىپ بىر چېدىر ياساتقۇزىدۇ. قېرىنداشلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرىگە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. بارلىق سەركەردىلەرگە ئىنئام بېرىدۇ. يۇرت كاتتىلىرى، ئاقساقاللار ۋە ئۆزىگە تەۋە بولغانلىكى ھەممە كىشىگە ئۇ «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى بېرىدۇ. چۈنكى بۇ سۆز تۈرك تىلىدا «بىرلىشىش ۋە ئۇيۇشۇش» دېگەن مەنىدە ئىكەن. ئاپتور: بارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۇلارنىڭ قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان ـ دەپ يازىدۇ.

رەشىددىنىنىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدىكى ئوغۇزخانغا ئائىت بايانلار مۇشۇ ۋەقەلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئاپتور بۇ ۋەقەلىكنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ، ئوغۇزخانغا يار ـ يۆلەك بولغان، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلاشقان، بىرلەشكەن ئۇيغۇر، قاڭقىل، قىپچاق، قارلۇق، قالاچ، ئاغاچ (ئادى) قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئۈستىدە خېلى تەپسىلىي توختۇلىدۇ. ئاخىرىدا كۈن، ئاي، يۇلتۇز ۋە كۆك، تاغ، دېڭىز ئاتلىق ئالتە نەپەر ئوغۇللىرىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقى بايان قىلىنىدۇ:

ئوغۇزخان ئۆز يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، چوڭ كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، كاتتا بارگاھ ياساپ ناھايىتى چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزىدۇ. بۇ قېتىمقى زىياپەتتە 900 تۇياق بايتال 90 مىڭ تۇياق قوي سويۇلىدۇ. ئوغۇز قول ئاستىدىكى بارلىق پۇقرالارنى يىغىپ ئۇلاردىن ھال سورايدۇ. ئۆزىنىڭ ئالتە ئوغلىغا ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاتىسىغا ئەگىشىپ ھەرقايسى دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان ۋە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، دۈشمەنلىرىنى قىرىپ ـ چاپقان.

زىياپەت ئۆتكۈزۈلۈپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئالتە ئوغلىغا ئوۋ قىلغىلى بېرىپ كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار بىر دانە ئالتۇن يانى تېپىۋالىدۇ. كۆك، تاغ، دېڭىز قاتارلىقلار بىر دانە كۈمۈش ئوق تېپىۋالىدۇ. ئۇلار بۇ ياراقلارنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ:

بىز بۇلارنى قانداق بۆلىشىمىز؟ ـ دەپ سورايدۇ. ئاتىسى يانى ئۈچ نەپەر چوڭ ئوغۇللىرىغا، ئوقنى ئۈچ كەنجى ئوغۇللىرىغا بېرىپ تۇرۇپ:

ـ ياغا ئېرىشكەنلەردىن كەلگۈسىدە كېلىپ چىققان قەبىلىلەر «بۇزۇق» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. «بۇزۇق» نىڭ مەنىسى «بۇزۇپ پارە ـ پارە قىلىش» ـ دېگەنلىك بولىدۇ. ـ دەيدۇ ۋە ئوڭ قانات ئارمىيە بۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ نامى بولىدىغانلىقىنى بۇيرۇپ بېرىدۇ.

ئوغۇزخان «ئۈچئوق» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ ئوققا ئېرىشكەن بالىلىرىغا بۇنى نام قىلىپ بېرىدۇ. بۇ سۆز «ئۈچ ئوق» تىن كەلگەن. ئوغۇزخان يەنە: ـ بۇ ئۈچ ئوغلۇم ۋە ئۇلارنىڭ

كېيىنكى ئەۋلادى سول قانات ئارمىيىدە ـ دەيدۇ. ئۇ يەنە قايتلاپ: ـ بۇگۈندىن ئېتىبارەن ئۇلارنىڭ نەۋرىلىرى مەن بېكىتكەن نام بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ قايسى ئارمىيىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلىشى لازىم. چۈنكى، ئوڭ قول نىسبەتەن يۇقىرى سانالغاچقا، مەن ئۇلارغا پادىشاھلىق ياسىنى بەردىم. مەن يەنە ئەلچى دەرىجىلىك ئوقنى سول قاناتقا بەردىم ـ دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىككى قاناتنىڭ ھەممە بارگاھىغا بەلگىلىمە بەلگىلەپ، ھەم بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: ـ ۋەلىئەھد ئۇرۇق ۋە مېنىڭ ئىزباسارىم بۇزۇق قەبىلىسىگە مەنسۇپ. ئەگەر مەندىن كېيىن قىلىپ چوڭ ئوغلۇم كۈن سالامەت بولسا، ھەممە ئۇنىڭغا مەنسۇپ. ئۇنداق بولمىسا، ئىككىنچى ئوغلۇم ئايغا مەنسۇپ ـ دەيدۇ.

ئوغۇزخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە كۈنخان تەختكە چىقىدۇ. ئۇ 70يىل سەلتەنەت سۈرىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ بىر دورغاسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئاريانكى كانت ئارقىل ـ كۈجەخ ئىدى. ئۇ كۈنخانغا مەسلىھەتچى بولغان ھەم باش ۋەزىر ئىدى. بىر كۈنى ئۇ كۈنخانغا: ـ ئوغۇزخان بىر ئۇلۇغ پادىشاھ، ئۇ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرغان. ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىق، غەزىنە، مال ـ مۈلۈك، چارۋىسى بار ئىدى. ئۇ بارلىقىنى سىلەرگە قالدۇردى. خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلارنىڭ تۆتتىن بالاڭلار بار بولدى. بۇ باللارنىڭ كېيىنكى تەخت ئۈچۈن ئاداۋەت ۋە ئۇرۇش قىلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىق لازىم. ئەڭ ياخشىسى، ۋاقتىدا ھەربىرەيلەنگە زېمىن، نام ۋە ئورۇن بېرەيلى. ھەربىرەيلەننىڭ تۇراقلىق مۇقىم بەلگىسى بولسۇن. ئۇلار بۇ بەلگىنى بايلىق، ئات ـ ماللىرىنىڭ ئۈستىگە باسسۇن. بۇنداق بولغاندا ئۇرۇش ـ جېدەلدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ھەم ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ نامى ۋە ئورنىنى بىلىۋالىدۇ. بۇنداقتا دۆلەت مۇقىم، ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ، ـ دەيدۇ. كۈنخان بۇ تەكلىپكە قوشۇلىدۇ. ۋەزىر ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالتە نەپەر ئوغۇل ئاللابۇرۇن ئاتىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بۇز ئوق ۋە ئۈچ ئوق ناملىرىنى قوللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوڭ قانات ۋە سول قانات ئارمىيە ئورنى مۇقىملىنىدۇ.

راشىدىنىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدىكى ئوغۇزخانغا ۋە ئۇنىڭ ئالتە نەپەر ئوغۇللىرىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار مۇشۇ مەزمۇنلار بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەسەرنىڭ ئوغۇزخانغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنىڭ ئاخىرىدا ئوغۇزخاننىڭ ئالتە نەپەر ئوغۇللىرىدىن بولغان 24 نەپەر ئوغۇللارنىڭ بەلگە تامغىسى، چوڭ زىياپەت سورۇنلاردا يەيدىغان گۆشنىڭ ھايۋان بەدىنىدىكى ئورنى قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلىدۇ.

بۇ نۇسخىدا دىققەتنى تارتىدىغان مۇھىم بەلگىلەر:

قاراخاننىڭ ئاتىسى ياپەس ئىدى........ بالا ئانىسىغا قاراپ: «ئانا، سەن ئەگەر خۇداغا ئىشەنسەڭ ئۇنى ياخشى كۆرسەڭ مەن سېنىڭ سۈتىڭنى ئېمىمەن.... شۇڭا ئايال پىنھان يەردە خۇداغا يوشۇرۇن ئېتىقاد قىلدى ئوردا ئەھلى مەسلىھەت قىلىشىۋاتقاندا بالا زۇۋانغا كېلىپ:

ـ مېنىڭ ئىسمىم ئوغۇز بولسۇن !ـ دېدى......... ئوغۇز بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئاتىسى قاراخان جىيەن قىزلىرى ئىچىدىن كۆزخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بەردى ئوغۇز ئۇنىڭغا: ـ ئەگەر سەن خۇداغا ئىشەنسەڭ، ھەم ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسى بولساڭ مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرىمەن. سەن بىلەن بىللە بولىمەن..... ئوغۇز ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، يۈزتۇرانە ھالدا: ـ سەن بىلىسەن. مەن ئىلگىرى ئىككى تاغامنىڭ قىزىنى ئالغان. ئەمما، مەن ئۇلارنى ياخشى كۆرمەيمەن بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مەن ئۇلاردىن خۇداغا ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدىم. ئەمما، ئۇلار گېپىمنى ئاڭلىمىدى ئەگەر سەن خۇدانىڭ بىرلىكىگە ئىشەنسەڭ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلساڭ مەن سېنى ئېلىپ خوتۇن قىلىمەن. ھەم سېنى ياخشى كۆرىمەن. قىز ئوغۇزغا: ـ مەن خۇدانى تونۇمايمەن. ئەمما، سېنىڭ نېمە دېيىشىڭدىن قەتئىينەزەر مەن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىمەن. سېنىڭ بۇيرۇقىڭغا بويسۇنىمەن ـ دەپ جاۋاب بەردى.......ـ مېنىڭ ئىككى كېلىنىم، سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن چىرايلىق. نېمە ئۈچۈن ئوغلۇم سىلەرنى ياخشى كۆرمەي يەنە بىرسىنى ياخشى كۆردى؟.......ـ ئوغۇز باشقا بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ بىز ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدۇق شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىزگە ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئەمما، سىزنىڭ يەنە بىر كېلىنىڭىز ئوغۇز بىلەن ئوخشاش بىر تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىر يولدا، شۇڭا ئوغۇز ئۇنى ياخشى كۆرۈپ

بىزگە ئۆچلۈك قىلىدۇ...... مەنمۇ ئۇنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرەتتىم. ئەمما، هازىر ئۇ بىزگە ئاسىيلىق قىلدى. بىزنىڭ ئېتىقادىمىزدىن ۋاز كەچتى. ئۇنى ھەرگىز هايات قالدۇرۇشقا بولمايدۇ قاراخان ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كېتىدۇ....... ئوغۇز نۇسرەت قازىنىپ تالاستىن تارتىپ جەيھۇن، بۇخارا رايونىغىچە بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قولغا كىرگۈزىدۇ...... بۇ قېتىمقى زىياپەتتە 900 تۇياق بايتال، 90 مىڭ تۇياق قوي سويۇلىدۇ. ئوغۇز قول ئاستىدىكى بارلىق پۇقرالارنى يىغىپ ئۇلاردىن هال سورايدۇ... كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار بىر دانە ئالتۇن يانى تېپىۋالىدۇ. كۆك، تاغ، دېڭىز قاتارلىقلار بىر دانە كۈمۈش ئوق تېپىۋالىدۇ...... ياغا ئېرىشكەنلەردىن كەلگۈسىدە كېلىپ چىققان قەبىلىلەر «بۇزۇق» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. «بۇزۇق» نىڭ مەنىسى «بۇزۇپ پارە - پارە قىلىش» دېگەنلىك بولىدۇ.« ئۈچئوق» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ ئوقا ئېرىشكەن بالىلىرىغا بۇنى نام قىلىپ بېرىدۇ. بۇ سۆز «ئۈچ ئوق» تىن كەلگەن......... «بۇ ئۈچ ئوغلۇم ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى سول قانات ئارمىيىدە» - دەيدۇ ئوغۇزخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە كۈنخان تەختكە چىقىدۇ. ئۇ70 يىل سەلتەنەت سۈرىدۇ....... ئوغۇزخاننىڭ بىر دورغاسى بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى ئاريانكى كانت ئارقىل - كۆجەخ ئىدى. ئۇ كۈنخانغا مەسلىھەتچى بولغان ھەم ۋەزىر ئىدى ئوغۇزخان يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن كاتتا بارگاھ (ئۆي) ياستىدۇ .

**5) شەرىپىدىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» دىكى ئوغۇزخانغا ئائىت مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن نۇسخىسى**

مەۋلانە شەرىپىدىن ئەلى يەزدى زامانىسىنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى، تونۇلغان شائىرى ۋە جامائەت ئەربابى. ئۇ 1454 - يىلى يەزدتە ۋاپات بولغان. ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان بولۇپ، ئۇلاردىن «قەسىدە بۇردە» نىڭ شەرھى، «ئەسما ئۇللا» نىڭ شەرھى ۋە تارىخى كىتابى «زەپەرنامە» قاتارلىقلار بار. ئۇ ناھايىتى خۇش تەبىئەتلىك، ساخاۋەتچى، ئىلىم ئىگىلىرىنى قوللايدىغان ۋە ئۇلارغا مەدەت بېرىدىغان كىشى بولغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قەبرىسى كىشىلەر تاۋاپ قىلىدىغان مەشھۇر سەيلىگاھقا ئايلانغان.

«زەپەرنامە» ئوتتۇرا ئاسىيادا بولۇپ ئۆتكەن زور تارىخى ۋەقەلەر، تارىخى شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن مەشھۇر ئەسەر بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى دەۋردىكى تارىخى، مەدەنىيىتى، مىللەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، قوشۇلۇشى ۋە كۆچىيىپ زورىيىشىنى ھەل قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان نادىر ئەسەر. كىتابتا ئاقساق تۆمۈرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەربىي پائالىيەتلىرى گەۋدىلىك بايان قىلىنغان. « سەفنەتۇششۇئرا» ناملىق كىتابنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا بۇ كىتاب ئەينى دەۋرنىڭ مەشھۇر شائىرى مەۋلانە ئەبۇيدۇللا لۇتفى تەرىپىدىن پارسچە نەسرى نۇسخىسىغا ئاساسەن تۈركىي ئۇيغۇر تىلىغا نەزمى شەكلىدە تەرجىمە قىلىنغان(6). بۇ ئەسەر يەنە ئۆزبېك ئالىمى ئامانۇللا بۆرىيىۋۋ تەرىپىدىن پارسچىدىن ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلىنغان. بىز پايدىلانغان بۇ نۇسخا ئەزىزى تەرىپىدىن شۇ نۇسخا ئاساسىدا «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىل 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئەسەردە ئوغۇزخانغا ئائىت بايانلار:

مۇغۇللار قاراخان زامانىدا كۈپۈر ۋە شىرىك (يولىدا) شۇنداق مەھكەم ئىدىكى، ئەگەر پەرزەنت كۈپۈردا مۇستەھكەم، قاتتىق تۇرمىسا ئاتا ئۇنى جازالار ئىدى. ھەتتا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشمۇ مۇمكىن ئىدى. (بۇنىڭدا) ئاتىنىڭ پەرزەنتكە بولغان مېھىر - شەپقىتىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنماس ئىدى. قاراخان پادىشاھلىق قىلىۋاتقان دەۋردە ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغدى. ناھايىتى چىرايلىق ۋە يېقىملىق ئىدى. ئۇ ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە ئانىسىنى ئەممىدى. ئانىسى بولسا، ھەر كېچىسى بالىسىنى چۈشىدە كۆرەتتى. ھەر قېتىم بالا شۇنداق دەيتتى: - ئەي ئانا، تا مۇسۇلمان بولمىغىنىڭغىچە ۋە تەڭرىگە سېغىنمىغىنىڭغىچە سېنى ئەممەسمەن - دەپ باشلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بايانلاردا ئانا چۈشىدىن ۋەھىمە يەپ، ئۇنى ئاشكارىلاشتىن قورقىدۇ ۋە يوشۇرۇن مۇسۇلمان بولۇپ، بالىنى ئېمىتىدۇ. بالا بىر ياشقا كىرگەندە قاراخان يۇرتقا كاتتا چاي بېرىپ قول ئاستىدىكىلەرنى چايغا چاقىرىپ بالىسىغا ئىسىم قويۇش تەكلىپىنى بېرىدۇ. بىر ياشلىق بالا بۆشۈكتە يېتىپ تۇرۇپ تىلغا كىرىدۇ ۋە ئېنىق قىلىپ: - مېنىڭ ئېتىم ‹‹ئوغۇز››دۇر! - دەيدۇ. ھەممەيلەن ئۇنىڭ نامىنى شۇنداق ئاتاشقا ئادەتلىنىدۇ. بالا بالاغەتكە يەتكەندە قاراخان ئىنىسى گورخاننىڭ قىزىنى

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىدۇ. ئۇ قىز شۇنچە گۈزەل بولسىمۇ، لېكىن مۇسۇلمان بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئوغۇزخان ئۇنى ياقتۇرمايدۇ. قاراخان كېيىنكى قېرىندىشى ئازەرخاننىڭ قىزىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىدۇ. ئۇ قىزمۇ ئىسلام دىنىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئوغۇزخان ئۇنىمۇ ياقتۇرمايدۇ. ئاتىسى بۇ ھالەتنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي، دائىم غەمكىن يۈرۈيدۇ ۋە ئۈچىنچى كىچىك ئىنىسى ئۇزخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىشنى ئويلايدۇ. بىر كۈنى ئوغۇزخان ئوۋدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئۆستەڭ بويىدا كىشىلەر قاتارى كىر يۇيىۋاتقان ئەشۇ قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ. ئوغۇزخان ئۇنىڭغا:ـ ئەگەر مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىساڭ ۋە ئىسلام دىنىغا (كىرىشكە) ۋەدە بەرسەڭ، مەن سېنى خالىغۇم ۋە جاندىنمۇ ياخشى كۆرگۈمدۇر ـ دەيدۇ. قىز رازىمەنلىك بىلدۈرىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ تەلىپى بىلەن ئاتىسى قىزنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىدۇ. ئوغۇزخان ئۇ قىزنى بەكلا ياخشى كۆرىدۇ. بۇ ھال ئالدىنقى خوتۇنلىرىدا رەشىك قوزغايدۇ.

بىر كۈنى ئوغۇزخان ئوۋغا كەتكەندە قاراخان بەزمە تۈزۈپ بارلىق كېلىنلىرى ۋە ئايالىنى چاقىرىدۇ. تاماق يېگەچ ئەھۋال سورايدۇ. كېلىنلىرى دەسلەپ ئوغۇزخاننىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ھەققىدە، كېيىن ئۇلارنىمۇ مۇسۇلمان بولۇشقا ئۈندىگەنلىكى، بىراق ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىمىغانلىقى، ئۈچىنچى خوتۇنىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىدۇ. قاراخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قېرىنداشلىرىغا ۋە (شۇ يەردە) ھازىر بولغانلارغا ئوغلىنى جازاغا مەھكۇم ـ دەپ ئېلان قىلىدۇ. پەرمان بىلەن جەڭچىلەر سەپراس بولۇپ، ئوغۇزخان ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن ماڭغان تەرەپكە يول ئالىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ مۇسۇلمان خوتۇنى بۇ ھالنى بىلىپ دەرھال ئېرىنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىدۇ. ئوغۇزخان جەڭگە تەييارلىق قىلىدۇ. جەڭدە قاراخان قاچىدۇ. ئۇنىڭ بەگلىرى ئوغۇزخانغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قەسەم قىلىدۇ. ئوغۇزخان تەختتە ئولتۇرىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەردە ئوغۇزخان ئەتراپىدىكى خانلىقلارغا جازا ئۇرۇشى ئېلىپ بارىدۇ. قولىغا ئۆتكەن زېمىنلەردىكى شەھەرلەرگە ھاكىملارنى بەلگىلەپ داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ.

ئىسلام دىنى ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئاساس بولغان بىر قانچە قانۇنلارنى يارىتىدۇ. جەمشىد، ئەجەم پادىشاھلىرى ئارىسىدا قانداق بولسا، ئوغۇزخان (تۈرك) پادىشاھلىرى ئارىسىدا خۇددى شۇنداق ئىدى. ئوغۇزخان تۈرك قەۋملىرىگە لەقەم بېرىدۇ. بۇ ھال ئەسەردە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: ئوغۇزخان تۈرك قەۋملىرىگە لەقەم قويدى. ۋە (ئۇلار) ھازىرغىچە ئەشۇ لەقەملەر بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر، قانغلىق، قىپچاق، قارلۇق، خەلەج قاتارلىقلار.

ئۇيغۇر: سۆزنىڭ مەنىسى قوشۇلماق، بىر ـ بىرى بىلەن ئەھدىلەشمەك دېگەنلىكتۇر. جەڭدە ئوغۇزخانغا ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن (ئوغۇزخان) ئۇلارنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىدى.

قانغلىق: ئۆز ۋاقتىدا ئوغۇزخان جەڭدە نۇرغۇن ئولجىنى قولغا كىرگۈزگەن ئىدى. بىراق، ئۇلارنى ئېلىپ كېتىشكە كۈچى يەتمەيتتى. جەڭچىلەرنىڭ ئىشىنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان بىر تويى ھارۋا ياساپ، ئۇ ئولجىنى ئاسانلا توشىدى. ئۇلار ئۆز پەم ـ پاراسەتلىرى بىلەن ھارۋا ياسىغانلىقى ئۈچۈن (ئوغۇزخان) ئۇلارغا قانغلىق دەپ لەقەم قويدى. (چۈنكى) مۇغۇللار ھارۋىنى قانغلىق دەيدۇ.

قىپچاق:ئوغۇزخان جەڭلەرنىڭ بىرىدە (ئېنىقراقى) ئىت ـ بەراق (ئۇرۇقى بىلەن بولغان جەڭدە) يېڭىلدى ۋە قېچىپ ئىككى دەريا ئارىلىقىغا بېرىپ چۈشتى. قوشۇن ئارىسىدا بىر ھامىلدار ئايال بولۇپ، ئېرى جەڭدە ئۆلگەن ئىدى. ئايالدا تولغاق باشلاندى. (ئاشۇ يەردىكى) غولى كاۋاك بولۇپ قالغان بىر دەرەخنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزى يورىدى. ئوغۇزخان بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ ئايالنىڭ ئەھۋالىغا رەھىمى كەلدى. بالىنىڭ ئاتىسى بىز ئۈچۈن كۈرەشتە ئۆلدى ۋە (شۇ سەۋەبتىن بالا) يېتىم قالدى، دەپ ئۇنى (ئۆزىگە) پەرزەنت قىلىۋالدى ھەمدە بالىنى «قىپچاق»دەپ ئاتىدى. قىپچاق سۆزى ئەسلى قەبۇق (سۆزىدىن) كېلىپ چىققان بولۇپ، غولى كاۋاك، قۇرۇق دەرەخ دېمەكتۇر.

قارلىق: ئوغۇزخان (ئېتىنى) گۆر يەرلىرىدىن تۇران ئۆلكىسى تەرەپكە بۇرىدى. ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى. چۆلنى پۈتۈنلەي قار قاپلىغان. (ئوغۇزخان) ھېچكىم قوشۇننىڭ ئارقىسىدا قالمىسۇن ـ دەپ بۇيرىدى. قېلىن قار ۋە قاتتىق سوغۇق بولغانلىقى سەۋەبلىك جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى ئارقىدا قالدى. بۇ ئەھۋال ئوغۇزخانغا مەلۇم بولغاچ (ئۇلارنى) چاقىردى ۋە سوراقتىن كېيىن

ئارقىدا قالغانلارنى قارلىق دەپ ئاتىدى

خەلەج: ئوغۇزخان مەملىكەتلەرنى ئىگىلەشكە چىرىك تارتقان چاغدا ھېچكىم قوشۇنىنىڭ ئارقىسىدا قالمىسۇن، دەپ بۇيرىدى. بىر كىشىنىڭ خوتۇنى پەرزەنت كۆردى. ئەمما، دەرمانسىزلىقتىن (ئۇنىڭ) سۈتى يوق ئىدى. (ئۇ كىشى چۆلدە) قىرغاۋۇل تۇتۇۋالغان چىل بۆرىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭغا بىر ياغاچنى ئېتىپ قىرغاۋۇلنى تارتىۋالدى ۋە خوتۇنىغا كاۋاپ قىلىپ بەردى. ئايال ئۇنى يېگەندىن كېيىن (كۆكسىدە) سۈت پەيدا بولدى ۋە بالىسىنى ئەمگۈزدى. بۇ ئىشتىن ئۇ كىشى ئارام تاپتى، بىراق بۇنى ئوغۇزخان بىلىپ قالدى. دېدى رەنجىپ، بىراۋ تۇغسا خوتۇنى، نىچۇن چەتكە ئالار ئۆزىنى. ئۇ كىشىنى پادىشاھ «خەلەج» دېدى، يەنى خوتۇن دەپ ئارقىدا قالغان دېدى.

كېيىنكى ۋەقەلىكلەردە ئوغۇزخان نۇرغۇنلىغان مۇشەققەتلىك ھەربىي يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئاخىرى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئەتراپتىكى پادىشاھ، بەگلەرنى چاقىرىپ توققۇز تۈمەن قوي، توققۇز يۈز بايتال سويۇپ، لايىقىدا شاراپ، قىمىز تەييارلاپ كاتتا خانتاختا راسلايدۇ. كېيىنكى ئېپىزوتلاردا بولسا، ئوغۇزخاننىڭ چوڭ ئوغۇللىرى كۈنخان، ئايخان، يۇلتۇزخانلار ۋە كىچىك ئوغۇللىرى كۆكخان، تاغخان، تەڭرىخانلار ئوۋغا چىقىدۇ. ئوۋدا بىر دانە يا، ئۈچ دانە تىللا ئوق تېپىۋالىدۇ ۋە ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئوغۇزخان ئۈچ چوڭ ئوغلىغا يانى، ئۈچ كىچىك ئوغۇللىرىغا بولسا، ئۈچ ئوقنى (بۆلۈپ) بېرىدۇ. چوڭ ئوغۇللار يانى ئۈچكە بۆلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى بۇزۇق، كىچىك (ئوغۇللارنى بولسا) ئۈچ ئوق دەپ ئاتايدۇ. (شۇنىڭ بىلەن بىرگە) بۇزۇقلارنىڭ ھۆكمى ئۈچ ئوقلارنىڭكىگە قارىغاندا يۇقىرىراقتۇر - دەپ قارار قىلىدۇ. بۇ بايانلارنىڭ ئاخىرىدا: چۈنكى، ئوق ئەلچىلىكنى يا - پادىشاھلىقنى بىلدۈرىدۇ- دېيىلگەن. كېيىن، ئوغۇزخان قول ئاستىدىكى زېمىنلەرنى ئالتە نەپەر ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بېرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوغۇزخان ئالەمدىن ئۆتىدۇ. كېيىنكى ۋەقەلىكلەردە كۈنخان، ئايخان قاتارلىقلار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ پادىشاھلىقى زىكرە قىلىنىدۇ.

بۇ نۇسخىدا دىققەتنى تارتىدىغان ئالاھىدە بەلگىلەر:

ئەي، ئانا! تا مۇسۇلمان بولمىغىنىڭغىچە ۋە تەڭرىگە سىغىنمىغىنىڭغىچە سېنى ئەممەسمەن........ بىر ياشقا كىرگەندىن كېيىن، ئىسىم قويۇش ئۈچۈن كاتتا چاي بەرگەنلىكى، .....بىر ياشلىق بالا بۆشۈكتە تىلغا كىردى ۋە ئېنىق سۆزلەپ دېدى: - مېنىڭ ئېتىم ئوغۇزدۇر...... ئوغۇزخاننىڭ ئۈچ تاغىسىنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالغانلىقى، ئەڭ كىچىك تاغىسىنىڭ قىزىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى. ۋە قاراخاننىڭ سۈيقەستىنى يوشۇرۇنچە ئوغۇزغا يەتكۈزۈپ، ئۇنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرغانلىقى.......قول ئاستىدىكى تۈرك قەۋملىرىگە لەقەم بېرىش جەھەتتە باشقا نۇسخىلاردىن ئۆزگىچىلىكى.

**6) ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تەراكىمە» ناملىق ئەسىرىدىكى ئوغۇزخانغا ئائىت بايانلار بېرىلگەن نۇسخا**

ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ (7) «شەجەرەئى تەراكىمە» («تۈركمەنلەرنىڭ نەسل شەجەرەسى») ناملىق ئەسىرى 1660- يىلى يېزىلغان. ئاپتور بۇ ئەسەرنى يېزىشتا مەشھۇر پارس تارىخچىسى رەشىددىننىڭ «جامىئۇت تەۋارىخ » ناملىق ئەسىرىدىن ئىجادىي پايدىلىنىش ئاساسىدا ئۆزى توپلىغان تۈركمەن رىۋايەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن يېزىپ چىققان. ئەسەرنىڭ تىلى چۈشىنىشلىك، ئاممىباب ۋە راۋان بولۇپ، كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نەسرى ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. بۇ ئەسەر 1726- يىلى فرانسۇز تىلىغا، 1770 - يىلى رۇس تىلىغان، كېيىن نېمىس، تۈركىيە تۈركچىلىرىگە تەرجىمە قىلىنغان. 1825- يىلى ئەسلى نۇسخىسى قازاندا بېسىلغان. 1999- يىلى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 3 - سانىدا ۋەلى كىرەمنىڭ نەشرگە تەييارلىشىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىندى.

ئەسەر 36 ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىر دىباچىنى قوشقاندا جەمئىي 37 ماۋزۇنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسەرنىڭ 3 -، 4 -، 5 -، 6 -، 7 -، 8 -، 9 - ماۋزۇلىرى ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ باللىرىنىڭ ھاياتى، ھايات پائالىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قالغان قىسىملىرىدا ئوغۇزخان ئەۋلادلىرىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىكى پائالىيەتلىرى، ئوغۇزخان ئەۋلادىدىن خانلىق تەختكە ئولتۇرغان ئايال خاقانلارنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە نەسلى نەسەبى

www.uyghurkitap.com



تونۇشتۇرۇلغان.

ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئايالىدىن بولغان ئالتە نەپەر ئوغۇللارنىڭ پائالىيىتىگە بېغىشلانغان يەتتە ماۋزۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇزخاننىڭ پائالىيىتى بىۋاستە تونۇشتۇرۇلغىنى جەمئىي بەش ماۋزۇنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى ماۋزۇ «ئوغۇزخاننىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ بايانى» دېگەن تېما ئاستىدا «قاراخاننىڭ چوڭ خوتۇنىدىن بىر ئوغلى بولدى. گۈزەللىكتە ئايدىن، كۈندىن ئارتۇق ئىدى. بالا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە ئانىسىنى ئەممىدى. ھەر كېچىسى ئۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ چۈشىگە كىرىپ: ـ ئەي ئانا، مۇسۇلمان بول. ئەگەر مۇسۇلمان بولمىساڭ، ئۆلسەم ئۆلىمەنكى سېنىڭ ئەمچىكىڭنى ئەممەيمەن، ـ دەيتتى. ئانىسى ئوغلىغا قىيالماي، خۇدانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى ئەمدى. ئانىسى كۆرگەن چۈشىنى ۋە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى» دەپ باشلىنىدۇ. كېيىنكى ئېپىزوتلاردا قاراخان ئوغلى بىر ياشقا كىرگەندە يۇرتقا كاتتا چاي بېرىپ، ئوغلىنى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلتۈرۈپ بەگلىرىگە ئوغلىغا مۇۋاپىق ئىسىم قويۇش مەسلىھەتىنى بېرىدۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەر جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن بىر ياشلىق بالا زۇۋانغا كېلىپ ـ مېنىڭ ئىسمىم ئوغۇزدۇر! ـ دەپ توۋلايدۇ. سورۇنغا يىغىلغان چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن ھەيران قالىدۇ ۋە بالا ئۆزىگە قويغان ئىسمىنى ھەممەيلەن مۇبارەكلەپ ئۇنى ئىسمى دەپ بىلىدۇ.

ئوغۇزنىڭ تىلى چىققاندىن كېيىنلا ھەمىشە «ئاللا، ئاللا» دەپ سۆزلەيدۇ. كىشىلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن: ـ بالىنىڭ تىلى چىقمىغاچقا، نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمەي شۇنداق سۆزلەۋاتقان ئوخشايدۇ ـ دەيدۇ. ئەسەردە ئاپتور بۇ ھالەتنى: ـ ئوغۇزخاننى ئاللاتائالا تۇغما ئەۋلىيا ياراتقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلىگە ۋە دىلىغا ئۆزىنىڭ ئېتىنى كەلتۈرەتتى ـ دەپ بايان قىلىدۇ.

ئوغۇزخان چوڭ بولغاندا ئاتىسى ئۇنىڭغا كىچىك ئىنىسى كورخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىدۇ. ئوغۇزخان ھېچكىم يوق يەردە قىزغا: ـ ئالەمنى، سېنى ۋە بىزنىڭ ياراتقان ئىگىمىز بار. ئۇنىڭ ئېتى ئاللادۇر، ئۇنى بار دەپ بىلگىن ۋە بىر دەپ بىلگىن، ئۇنىڭ بۇيرۇغىنىدىن باشقا ئىشنى قىلمىغىن ـ دەيدۇ. قىز بۇ تەلىمنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئوغۇزخان قىز بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋەتتە بولمايدۇ. كېيىن قاراخان يەنە بىر ئىنىسى قاراخاننىڭ قىزىنى ئوغۇزغا ئېلىپ بېرىدۇ. ئوغۇزخان ئۇنىڭغىمۇ: ـ ئىمان ئېيتقىن ـ دەيدۇ. ئۇ قىزمۇ ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئوغۇزخان ئۇنىڭ بىلەنمۇ ھېچقانداق مۇناسىۋەتتە بولمايدۇ.

بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئوغۇزخان ئوۋدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، سۇ بويىدا ئولتۇرغان تاغىسى ئورخاننىڭ قىزىغا كۆزى چۈشىدۇ. كېيىن ئۇنى خىلۋەتكە چاقىرىپ: ـ ئاتام ماڭا ئىككى قىز ئېلىپ بەردى. ئۇلارنى سۆيمەسلىكىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەن مۇسۇلمان، ئۇلار يات دىندا مۇسۇلمان بولۇڭ دېسەم قوبۇل قىلمىدى. ئەگەر سەن مۇسۇلمان بولساڭ ئىدىڭ، مەن سېنى ئالغان بولاتتىم ـ دەيدۇ. قىز: ـ سەن قايسى يولدا بولساڭ مەنمۇ شۇ يولدىمەن ـ دەيدۇ. ئوغۇزخان بۇ قىزغا كۆڭلى بارلىقىنى ئاتىسىغا ئېيتىدۇ. ئاتىسى چوڭ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ قىزنى ئوغۇزخانغا ئېلىپ بېرىدۇ. قىز مۇسۇلمان بولىدۇ.

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئوغۇزخان يىراقتا ئوۋغا كەتكەن ۋاقىتتا قاراخان ئاياللىرى ۋە كېلىنلىرى بىلەن تاماق يېگەچ پاراڭلىشىپ ئوغۇزخاننىڭ ئالدىنقى ئىككى ئايالىنى نېمە ئۈچۈن سۆيمىگەنلىكى، كېيىنكى ئايالىغا ئامراق بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى سورايدۇ. ئىككى چوڭ كېلىنى: ئوغلىڭىز مۇسۇلمان بولغان. بۇ ئىككىمىزنى مۇسۇلمان بول دېدى، قوبۇل قىلمىدۇق. كىچىك كېلىنىڭىز مۇسۇلمان بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغلىڭىز ئۇنى بەك سۆيىدۇ ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. قاراخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بەگلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزىدۇ ۋە ئۇلارغا: ـ ئوغۇزخاننى ئوۋدا يۈرگەن يېرىدىن تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار ـ دەپ پەرمان بېرىدۇ. بۇ سۆزنى كىچىك خوتۇنى ئاڭلاپ قىلىپ، ئوغۇزخانغا ئالدىن ئادەم ئەۋەرتىدۇ. ئوغۇزخان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەل ئارىسىغا ئادەم ئەۋەرتىپ: ـ ئاتام لەشكەر تارتىپ مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كېلىۋاتىدۇ. مەن تەرەپتە تۇرىدىغانلار مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار، ئاتام تەرەپتە تۇرىدىغانلار ئاتامنىڭ يېنىغا كېتىڭلار ـ دەيدۇ. ئەلنىڭ كۆپى قاراخان تەرەپكە بارىدۇ. ئازراقى ئوغۇزخاننىڭ يېنىغا بارىدۇ. قاراخان بىلەن ئوغۇزخان ئوتتۇرىسىدا قانلىق ئۇرۇش يۈز بېرىدۇ.

ئوغۇزخان نۇسرەت قازىنىدۇ. ئۇرۇشتا قىچىپ كېتىۋاتقان قاراخاننىڭ بېشىغا ئوق تېگىدۇ. قاراخان شۇ يەردىلا جان ئۈزىدۇ. ئوغۇزخان تەختتە ئولتۇرىدۇ.

مەزكۇر ئەسەرنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ماۋزۇلىرى «ئوغۇزخاننىڭ خان بولغانلىقى بايانى» دا ئوغۇزخاننىڭ قاراخانغا تەۋە بولمىغان باشقا ئەللەرگىمۇ ھەربىي يۈرۈش قىلغانلىقى، ھەرقايسى ئۇرۇشلاردا داۋاملىق غەلىبە قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ھەربىي يۈرۈشتە ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنى توشۇش ئۈچۈن ھارۋا ياسىغان كىشىگە «قانقىل» دەپ ئىسىم قويغانلىقى، ئۇرۇشتا قۇربان بولغان جەڭچىنىڭ ھامىلدار ئايالى پور دەرەخنىڭ كاۋىكىدا كۆزەيگەندە ئۇنىڭغا «قىپچاق» دەپ ئات قويغانلىقى، ئوغۇل چوڭ بولغاندا ئوغۇزخان ئۈچۈن كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ۋە كېيىن ئوغۇزخان ئۇنىڭغا ئۆزىگە دۈشمەن بولغان بىر قىسىم ئەللەرنى بويسۇندۇرۇشنى تاپشۇرۇپ شۇ يەردە ماكانلىشىشنى بۇيرىغانلىقى، كېيىن بۇ يۇرتنىڭ قىپچاق نامى بىلەن باغلىنىپ «دەشتى قىپچاق» دەپ ئاتالغانلىقى بايان قىلىنغان.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ماۋزۇ «ئوغۇزخاننىڭ تۇران ۋە ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ بايانى» دا بولسا، ئوغۇزخان ئوغۇللىرى بىلەن سەمەرقەنت، بۇخارا، بەلخ، گور قاتارلىق جايلارغا يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە ئۇ يەرلەرنىمۇ قولىغا كىرگۈزۈپ، باشقۇرغۇچىلارنى قويۇپ ماڭغانلىقى، يىل ئۆرۈلۈپ ياز كەلگەندە قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ كۆرگەندە بىر نەچچە كىشىنىڭ كەم ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ كېيىن يېتىشىپ كەلگەنلىكى ۋە ئوغۇزخان كېچىكىپ كېلىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا ئۇلار: -بىز بىر نەچچە كىشى لەشكەرلەرنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتاتتۇق. تاغ ئىچىدە بىر كېچە قاتتىق قار ياغدى. يۈرەلمەي شۇ يەردە ياتتۇق. ئاتلىرىمىز ۋە تۆگىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆلدى. باھار بولغاندىن كېيىن پىيادە كېلىۋاتىمىز- دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى، ئوغۇزخان ئۇلارغا «قارلۇق» دەپ ئىسىم قويغانلىقى بايان قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخاننىڭ كابۇل، غەزنە، كەشمىر قاتارلىق جايلارغا يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە غەلىبىدىن كېيىن، بەدەخشان ئارقىلىق قايتىپ سەمەرقەنتكە يېنىپ كەلگەنلىكى، ئاندىن مۇغۇلىستانغا چۈشكۈن بولغانلىقى بايان قىلىنغان.

شۇنىڭدىن كېيىنكى «ئوغۇزخاننىڭ ئىران، شام ۋە مىسىر تامان يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ بايانى»ناملىق ماۋزۇدا ئوغۇزخاننىڭ كۆپ تەييارلىقلارنى قىلىپ تالاس شەھىرىگە كەلگەنلىكى، خاننىڭ بۇيرىقى بويىچە سەپتىن چۈشۈپ قالغانلارنى سەپكە ئېلىپ كېلىشكە مەسئۇل بولغانلار سەپتىن چۈشۈپ قالغان بىر ئۆيلۈك ئادەمنى خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەنلىكى خان ئۇلاردىن سەپتىن چۈشۈپ قېلىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا ئۇلاردىن بىرسى: - ئۇلۇقمىنىڭ ئازلىقىدىن لەشكەرلەرنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتىمەن. خوتۇنۇم ھامىلدار ئىدى، تۇغۇپ قويدى. ئاچلىق سەۋەبىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى ئوغۇلغا يېتىشمىدى، كېلىۋېتىپ سۇ ياقىسىدا كۆردۈمكى، بىر چاكال بىر قىرغاۋۇلنى تاشلاپ قاچتى، ئۇنى ئېلىپ كاۋاپ قىلىپ خوتۇنۇمغا بېرىپ تۇراتتىم، لەشكەرلەر كەينىدە قالغان ئادەملىرىڭىز يولۇقۇپ، مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشتى - دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى، خان بۇ كىشىگە گۆش، ئوزۇق ۋە مال بېرىپ لەشكەر بىلەن بىللە بارمىغىن "قال ئاچ" دېگەنلىكى، بارچە قالاچ ئېلى شۇ كىشىنىڭ نەسلىدىن ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

كېيىنكى بايانلاردا بولسا، ئوغۇزخان تالاستىن ئۆتۈپ بۇخارا، سەمەرقەنتكە كېلىپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ خۇراسانغا بارىدۇ. غەلىبىدىن كېيىن ئىراق - ئەجەم، ئىراقى - ئەرەب، ئەزەربەيجان، ئەرمەن، شام ۋە مىسىرلارغا قەدەر بارىدۇ. يۈرۈشتە داۋاملىق غەلىبە قازىنىدۇ. ئوغۇزخان شام ۋىلايىتىدە تۇرغان مەزگىلدە بىر نەۋكىرىگە يوشۇرۇنچە بىر ئالتۇن ياي ۋە ئۈچ تال ئوقنى بېرىدۇ ۋە: -يايىنى كۈن چىقىش تەرەپتىكى بىر چۆلدە ئىنسان ئايىغى يەتمەس يەرگە تۇپراققا بىر ئۇچىنى چىقىرىپ كۆمۈپ قويغىن ۋە ئوقلارنى كۈن پېتىش تەرەپكە ئەكىتىپ، يايىنى قانداق قويغان بولساڭ ئوقنى شۇنداق قويغىن- دەيدۇ. ئۇ خاننىڭ ئەمرىنى بىجاندىللىق بىلەن ئورۇندايدۇ. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈچ چوڭ ئوغلى كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزنى چاقىرىپ: -ياتنىڭ يۇرتىغا كېلىپ ئىشىم كۆپ، ئوۋ ئوۋلاشقا چولام تەگمەي تۇرۇۋاتىدۇ. كۈن چىقىش تەرەپتە پالانى جايدا ئوۋ كۆپ دەپ ئاڭلىدىم. ئۆز نەۋكەرلىرىڭلەر بىلەن ئۇ يەرگە بېرىپ ئوۋ ئوۋلاپ كېلىڭلار- دەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئۈچ كىچىك ئوغلى كۆك، تاغ ۋە دېڭىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
www.uyghurkitap.com



چاقىرىپ كېلىپ، ئاكىلىرىغا ئېيتقان سۆزىنى ئېيتىپ، كۆن پېتىش تەرەپكە ئېبەرتىدۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈچ چوڭ ئوغلى بىر ئالتۇن يا بىلەن كۆپ ئوۋنى خاننىڭ ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ئۈچ كەنجى ئوغلىمۇ ئۈچ ئالتۇن ئوق بىلەن كۆپ ئوۋنى خاننىڭ ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. خان ئوۋ گۆشلىرىگە يەنە نۇرغۇن گۆشلەرنى قوشۇپ، تۈرلۈك تاماقلارنى تەييارلاپ خەلقنى چاقىرىپ، ياي ۋە ئوقنىڭ تېپىلغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ ۋە ئوق بىلەن يايىنى ئوغۇللىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. چوڭ ئوغۇللىرى يايىنى سۇندۇرۇپ بۆلۈشىدۇ. كەنجى ئوغۇللىرىمۇ ھەربىرى بىردىن ئوق ئالىدۇ. كېيىنكى «ئوغۇزخاننىڭ يۇرتىغا قايتىپ توي بەرگەنلىكىنىڭ بايانى» دېگەن ماۋزۇدا ئوغۇزخان يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چوڭ تەييارلىق قىلىپ بىر ئۆي ياساتتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ياغاچلىرىنىڭ تېشىنى ئالتۇن بىلەن قاپلاتقۇزىدۇ. لەئل - ياقۇت، زۇمرەت، پىروزە ئۈنچىلەر بىلەن بېزەيدۇ. توققۇز مىڭ قوي، توققۇز مىڭ يىلقا، ئۆلتۈرگۈزۈپ تېرىسىدىن توقسان توققۇز تۇلۇم ياساتىدۇ. توققۇزىغا ھاراق، توقسىنىغا قىمىز تولدۇرىدۇ. لەشكەرلىرىنى يىغىپ، ئوغۇللىرىغا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلىپ بەگلەرنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۇلارغا يۇرت، شەھەر، ئەللەرنى ئىنئام قىلىپ بېرىدۇ. ئاندىن ھەممە نەۋكەرلىرىگە خىزمىتىگە يارىشا شەھەر، كەنتلەرنى ئىنئام قىلىپ بېرىدۇ. ئالتۇن يايىنى تېپىپ كەلگەن ۋە ئۇنى بۇزۇپ ئۆلۈشكەن چوڭ ئوغۇللىرىغا «بۇزۇق» دەپ، ئۈچ ئوقنى تېپىپ كەلگەن ئوغۇللارغا «ئۈچ ئوق» دەپ نام بېرىدۇ. ئەۋلادلىرىنىڭمۇ ئەبەدى شۇ نام بىلەن ئاتىلىشىنى جېكىلەيدۇ. ۋە نەسىھەت قىلىپ: - بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن خەلقلەر يايىنى پادىشاھ ئورنىدا بىلىپ كەلگەن. ئوقنى ئەلچى دەپ بىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ياي ئوقنى قايسى تەرەپكە تارتسا، ئوق شۇ يەرگە بارىدۇ. ئەمدى مەن ئۆلگەندىن كېيىن كۈنخان مېنىڭ تەختىمدە ئولتۇرسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇزۇق نەسلىدىن كىم قابىل بولسا، خەلق شۇنى پادىشاھ قىلسۇن، دۇنيا ئاخىر بولغۇچە بۇزۇقنىڭ بىر ياخشىسى پادىشاھ بولسۇن، باشقىلىرى ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرسۇن. ئۈچ ئوقلار سول تەرەپتە بولسۇن. ئۇلار ئۆينىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرسۇن. ۋە دۇنيا ئاخىر بولغۇچە نەۋكەرلىككە رازى بولسۇن- دەيدۇ. بۇ ماۋزۇنىڭ ئاخىرىدا ئوغۇزخاننىڭ بىر يۈز ئون ئالتە يىل پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ھەق رەھمىتىگە بارغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ماۋزۇلار ئوغۇزخاننىڭ ئەۋلادلىرىغا بېغىشلىنىدۇ. ئوغۇزخانغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ.

بۇ نۇسخىدا دىققەتنى تارتىدىغان ئالاھىدە بەلگىلەر:

ئوغۇزخاننى ئاللاتائالا تۇغما ئەۋلىيا ياراتقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلىگە ۋە دىلىغا ئۆزىنىڭ ئېتىنى كەلتۈرەتتى ....... ئۇلارنى سۆيىمەسلىكىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەن مۇسۇلمان، ئۇلار يات دىندا، مۇسۇلمان بولۇڭ دېسەم قوبۇل قىلمىدى...... ئەگەر سەن مۇسۇلمان بولساڭ ئىدىڭ، مەن سېنى ئالغان بولاتتىم...... ھەرقايسى قەبىلە ناملىرىنىڭ ئېلگىرىكى ئەسەرلەردىكىدىن ئۆزگىچە مەنىسى......«9» سانغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار....... ئوغۇزخان ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چوڭ تەييارلىق قىلىپ بىر ئۆي ياساتقۇزغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ياغاچلىرىنىڭ تېشىنى ئالتۇن بىلەن قاپلاتقۇزغانلىقى لەئل، ياقۇت، زۇمرەت، پىروزە، ئۈنچىلەر بىلەن بېزىگەنلىكى.

**7) ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىكى ئوغۇزخانغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار نۇسخىسى**

«شەجەرەئى تۈرك» (تۈركلەرنىڭ نەسىل شەجەرىسى) ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ يەنە بىر مۇھىم تارىخى ئەسىرى بولۇپ، 1663 - يىلدىن 1664 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان. «شەجەرەئى تۈرك» توققۇز بابلىق ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈركى خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئەسلى يىلتىزى توغرىسىدا ئەپسانە - رىۋايەتلەر شۇنداقلا بىر قىسىم تارىخى كىتابلار توغرىسىدا مۇئەييەن مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. بۇ كىتاب ھازىرغىچە نېمىس، رۇس، فرانسۇز قاتارلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. ئەسەردىكى نۇرغۇنلىغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇھىم ماتېرىياللىق رول ئوينايدۇ. بۇ ئەسەردىكى تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئوغۇزخان ھەققىدىكى بايانلار يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «شەجەرەئى تەراكىمە» دىكى بايانلارغا ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «شەجەرەئى تەراكىمە» دە قانداق

باشلانغان بولسا، بۇ ئەسەردىمۇ شۇنداق باشلىنىپ شۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇلغان. ئوخشىمايدىغان بىر يېرى، بەزى تەپسىلاتلار بىر ئاز قىسقارتىپ ئېلىنغان. شۇڭا بۇ نۇسخىنى ئالاھىدە تونۇشتۇرمىدۇق. ئوبۇلغازىنىڭ بۇ ئەسىرى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ پەنلىرى نامزاتى قۇۋامىدىن مۇنىرۇۋ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى فىلولوگىيە پەنلىرى نامزاتى قازاقباي مەھمۇدوۋلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن تاشكەنت «چولپان» نەشرىياتىدا 1992 - يىل كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان. شۇ نۇسخا ئاساسىدا مۇختار مۇھەممەد «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق سانلىرىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلدۇرۇغان. سېلىشتۇرمىغا مۇشۇ نۇسخا ئاساس قىلىندى.

### 8) نۇرمۇھەممەد ئەندەلىپنىڭ «ئوغۇزنامە پوئېمىسى» ۋارىيانتى

مەشھۇر شائىر نۇرمۇھەممەد ئەندەلىپ 18 - ئەسىر تۈركمەن شېئىرىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرى بولۇپ، ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان لىرىكىلار ۋە ئىپىك شېئىرلارنى يازغاندىن سىرت ۋاپادارلىق ھەققىدىكى مەشھۇر قىسسە «يۇسۇپ - زۇلەيخا» شۇنداقلا «رىسالەئى نەسىمى»، «قىسسەئى فىرئون»، «مىرزا ھەمدەم» ۋە مەشھۇر ئەسەر «ئوغۇزنامە پوئېمىسى» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرىنىمۇ يازغان.

شائىر نۇرمۇھەممەد ئەندەلىپنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە ماتېرىياللار كۆپ بولمىغان. تەتقىقاتچى غ.م.موللا ئابىتوۋنىڭ مەلۇماتىچە شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە ئىزدەنگەن ئا.مىردوف، ئا. نۇرىياغدىيېۋ، غ.نەزەروف، ئا.كامالوۋ، ئا.مۇھەممەد جۇمەيوف قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە شائىر 1665 - يىلى دۇنياغا كەلگەن. شائىرنىڭ ئەسلى ئىسمى نۇرمۇھەممەد بولۇپ،«ئەندەلىپ» (بۇلبۇل) ئۇنىڭ تەخەللۇسى بولغان. تەتقىقاتچى ئان.بىك مۇرادىفنىڭ ئېيتىشىچە - دەيدۇ غ.م. موللائابىتوف: « نۇرمۇھەممەد ئەندەلىپ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن دانا ئابۇلخاننىڭ ئوغۇزنامە ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىدىن ئىجادىي پايدىلانغان ئاساستا بۇ مەشھۇر پوئېمىنى يېزىپ چىققان. ئاپتورنىڭ بۇ پوئېمىسىنىڭ تىلى راۋان، ئاممىباب ۋە چۈشىنىشلىك بولۇپ، ۋەزنى يەڭگىل، ئويناق

بولۇشتەك خۇسۇسىيىتى بىلەن خەلق تىلى ۋە خەلق شېئىرىيىتىگە تولىمۇ يېقىن.» - دەپ يازىدۇ. نۇرمۇھەممەد ئەندەلىپنىڭ «ئوغۇزنامە پوئېمىسى» مۇقەددىمە، 12 باب ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، كىرىش قىسمىدا پوئېمىنىڭ باش قەھرىمانى ئوغۇزخاننىڭ نەسەبىنى ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىنىڭ ئوغلى ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى بولغان ياپەسنىڭ ئوغلى تۈرككە تۇتاشتۇرىدۇ. كېيىنكى ۋەقەلەردە ئوغۇزخان ئىت باراقخاننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

2 - بابتا، قىپچاقنىڭ تۇغۇلۇشى ھەققىدىكى بايانلار يېزىلغان. شائىر "قىپچاق" ئىتنونىمىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى ئۇيغۇر نەسلىدىن بولغان ئېلىخان ئىبن ھاۋا ئىسىملىك ئوغۇزخاننىڭ جەڭدە قۇربان بولغان ئەسكىرىنىڭ ئىسمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھالدا مۇنداق يازىدۇ:

ئانىڭ ئاتىغا ئوغۇزخان قويدى قىپچاق،بوش ياغاچ ئاتى بۇ ئەردى ئۇشۇلچاغ.ئاناسى بوش ياغاچ ئىچرە تۇغۇپتۇر، سەۋەب شۇل ئاتىنى قىپچاق تاقىپتۇر.

قىپچاق چوڭ بولۇپ، ئوغۇزخانغا ئەسكەر بولىدۇ. ئوغۇزخان ئۇنىڭ جەڭدىكى ماھارىتى ۋە باتۇرلىقىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر قىسىم ئەللەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تاپشۇرىدۇ. (بۇ ۋەقەلەر ئوغۇزنامە داستانىنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.) ئۇ ئوغۇزخانغا چوڭ ياردەملەرنى كۆرسىتىدۇ. ئوغۇزخاقان ئىگىدارچىلىق قىلغان زېمىننىڭ بىر پۈتۈنلىكىگە، ئېمىنلىكىگە كۈچ قوشىدۇ.

بۇ بابتا يەنە ئوغۇزخاننىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكى، جەڭلەردە ھەمىشە نۇسرەت قازىنىپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ كەلگەنلىكى بايان قىلىنغان. ياشنىڭ ئۇچمىڭدىن ئېشىپ تورتكە مىندى، بۇ ياشتا چەكمىدىڭ رەنجى ئىزانى.

دېمەك، ئوغۇزخاقان تۆت مىڭ يىل مابەينىدە ئەۋلادلار قەلبىدە يارقىن سىما سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىپ كەلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ 3 - بابىدا قىپچاقلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە تەسىرىنىڭ تاكى چىڭگىزخان دەۋرىگىچە ئاجىزلاشماي، پەقەت چىڭگىزخاننىڭ دەۋرىدە ئاجىزلىششقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ باب «چىڭگىزخان داستانى» نامى

بىلەن بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق بايانلار بار: جۇجى خان دەشتى قىپچاق ياقفا چىقتى، ئۇزى بىرلەن يۈز مىڭ لەشكەرنى چەكتى. بۇ بىرلەن قىپچاق ئىلى ئانچە يىللار ئۇرۇشتى، ھەم يېڭىلدى قىپچاق ئېلىلەر.

نۇرمۇھەممەد ئەندەلىپ قىپچاقلار بىلەن جۇجىخان ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق ئۇرۇشلار تەسۋىرىدىن كېيىن، دىققىتىنى ئوغۇزخاقان ۋەقەلىكىگە ئاغدۇرغان.

4 ـ بابتا ئوغۇزخاقاننىڭ مۇقەددەس ھەربىي يۈرۈشنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئوغۇزخاقاننىڭ جاھاننىڭ قاراڭغۇ تەرىپىگە (غەرپ تەرىپى) ئورۇنلاشقان تىل باراقخان بىلەن بولغان توقۇنۇشى بېرىلگەن. جەڭدە ئوغۇزخاقان مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. كېيىن قەبىلە باشلىقى ئىت باراقخان ياردەم كۆرسىتىپ مەغلۇبىيەتنى نۇسرەتكە ئايلاندۇرىدۇ. نۇرمۇھەممەد ئەندەلىپنىڭ بۇ نۇسخىسىدىكى گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىك، شائىر ئوغۇز خاقاننىڭ يېڭىلمەس ئىلاھى خۇسۇسىيىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئۇنى رېئال دۇنيادىكى رېئال شەخس سۈپىتىدە تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭدا ئۇرۇشلاردا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان مەغلۇبىيەت ۋە غالىبىيەت ھادىسىلىرى مەۋجۇت بولغاننىڭ سىرتىدا، باشقىلارنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىدىغان، ھەم ئۇلارغىمۇ بەلگىلىك ئىنايەت يەتكۈزىدىغان ـــ خىسلەت مۇجەسسەملەشكەن.

پوئېمىنىڭ كېيىنكى ئېپىزوتلىرىدا «قارلۇق» ئېتنونىمىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە بايانلار بېرىلگەن بولۇپ، بۇلار ئوغۇزنامىنىڭ تۇرپان نۇسخىسى ۋە «جامىئوتتەۋارىخ» نۇسخىسىدىن ئۆزگىچە ھالدا مۇنداق ئىپادىلەنگەن: سوۋۇقدان قار بېسىپ قالدى ئۇلارنى، لەقەب قارلىق ئاتاندى ئوغۇز بۇلارنى. ئۇشۇل كۈندىن تا شۇ ۋاقىتقىچە چەنلى، ئۇلار قارلۇق لەقەب ئاتاندى بەللى.

نۇرمۇھەممەد ئەندەلىپ «قارلۇق» ئېتنونىمىنى بايان قىلىشتا ئوغۇزنامىنىڭ «تۇرپان نۇسخىسى» ۋە «جامىئوتتەۋارىخ» نۇسخىسىدىكى ئومۇمىيلىق ـ قار بېسىش جەريانى بىلەن ئوخشاشلىقتا ئىگە قىلىسىمۇ، لېكىن «قارلۇق» دېگەن لەقەب ئوغۇزخاننىڭ قارلىق جىلغىغا كىرىپ يوقاپ كەتكەن بوز ئايغىرنى تېپىپ چىقىش ۋەقەسى بىلەن ئەمەس، بەلكى سوغۇقتىن قاردا قالغانلىق سەۋەبىگە باغلاپ بايان قىلىدۇ.

بۇ پوئېمىنىڭ كېيىنكى بابلىرىدا يەنە «قالاچ» ئېتنونىمى ھەققىدىمۇ بايانلار بېرىلگەن. شائىرنىڭ بايان قىلىشىچە مىسىر تەرەپلەرگە ئاتلانغان ئوغۇزخاقاننىڭ ئالدىغا بىر مۇنچە كىشىلەر «ئاچ قالدۇق» ـ دەپ مۇراجىئەت قىلىپ كېلىشىدۇ. ئوغۇزخاقان ئاچ قالغانلارغا: ـ كەتمەڭلار. (يۈرۈشكە قاتناشماڭلار) بۇ يەردە قېلىڭلار ـ دەپ بۇيرۇق بەرگەن. بۇلارغا تەگدى خان سەن كەتمە قال ئاچ، ئۇشۇل كۈندىن ئاڭا ئات قالدى قالاچ.

شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ يەردە قالغانلارنىڭ نامى «قالاچ» دەپ ئاتالغان.

« ئوغۇزنامە»نىڭ «تۇرپان نۇسخىسى» دا بۇ نام ئوغۇزخاقاننىڭ مۇقەددەس ھەربىي يۈرۈشىدە ئۇچرىغان تېمى ئالتۇندىن، تۇڭلۇكى كۈمۈشتىن ئىشىكى تۆمۈردىن ياسالغان، ئىشىكى قۇلۇپلاقلىق، ئاچقۇچى يوق ئېگىز ئۆينى ئېچىش ئۈچۈن قالدۇرۇلغان چېۋەر ئۇستا تۆمۈر دۇقاغۇلغا مۇشۇ يەردە قېلىپ ئىشىكنى ئېچىش ئۈچۈن «قالاچ» دەپ بېرىلگەن نام بولۇپ، مەنىسى «قېلىپ، ئىشىكنى ئېچىش» ئىدى. تارىخچى رەشىددىن بۇ نامنى ئوغۇزخاقاننىڭ مۇقەددەس ھەربىي يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇش سەپىرىدە ئاچلىقتىن ئارقىدا قالغان ئەر ـ خوتۇنغا بېرىلگەن: «قال ئاچ» دېگەن بۇيرۇق پېئىل شەكلىدە قوبۇل قىلغان. شائىر نۇرمۇھەممەد ئەندەلىپ پوئېمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا رەشىددىننىڭ نۇسخىسىدىن پايدىلانغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. شائىر نۇرمۇھەممەد ئەندەلىپ قالاچلارنىڭ جايلاشقان ئورنى ھەققىدە: ئۇلار كۆپىنچە ماۋرائۇننەھىردە، نەچچىسى قالدۇغۇر ئاتلىق شەھەردە ـ دەپ مەلۇمات بەرگەن. يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بۆلۈنۈپ چىققان مۇھەممەد ئاتلىق خاننىڭ لىكتۇن شەھىرىنى پايتەخت قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنى تەرىپلەش ئارقىلىق ئوغۇزخاننىڭ بويسۇندۇرغان شەھەرلىرىنى ئېيتىپ ئۆتكەن. « ئوغۇزخاننىڭ سەلتەنەت باسقان چېغىغا يەتكەنى » بابىدا ئوغۇزخاقاننى تۈرك دۇنياسىنىڭ باشچىسى ـ دەپ ئاتايدۇ. بۇ بابتا ئوغۇزخاقاننىڭ ئالتە نەپەر ئوغلى ئۈچ ئانىدىن تۇغۇلغان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، كۈنخان ۋە ئايخان بىر ئانىدىن، يۇلتۇزخان بىلەن كۆكخان ئىككىنچى

ئاندىن، تاغخان ۋە دېڭىزخان ئۈچىنچى ئاندىن تۇغۇلغان دېگەن پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلگەن. كېيىنكى بابتا ئوغۇزخاننىڭ ئەۋلادلىرىغا مەنسۇپ بولغان تامغىلار ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئاپتور ئوغۇزخاقاننىڭ بالىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئېنىقلاش مەسىلىسىنى يېشىشتە، «ئوغۇزنامە» نىڭ «تۇرپان نۇسخىسى» ۋە رەشىددىنىنىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ» تىكى مەلۇماتلارغا مۇراجىئەت قىلغان.

«ئوغۇزخاقاننىڭ خاقانلىقنى ئوغۇللىرىغا تاپشۇرغىنى» بابىدا، 83 يىللىق ھەربىي مۇساپىدىن كېيىن ئوغۇزخاقان ئۆز ئېلىگە قايتىپ كېلىپ چوڭ زىياپەت ئۇيۇشتۇرىدۇ. كېيىنكى بابتا ئوغۇزخاقان: مېنىڭ ئوغۇز مىللەت ئىچرە ئۇيغۇر ئاتىم، شۇ يول بىرلە نىسىپ بولدى مىرادىم - دەيدۇ. كېيىنكى ۋەقەلىكلەردە بولسا، ئوغۇزخاقاننىڭ ئەلنى ئادالەت بىلەن باشقۇرغانلىقى، باشقىلارغا جەۋر - زۇلۇم سالمىغانلىقى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۈيۈك خانلىقىنى قۇرغانلىقى سۆزلىنىدۇ ۋە ئاپتور ئوغۇزخاقان تىلىدىن ئوغۇللىرىغا نەسىھەت شەكلىدە: ئەگەر قويساڭ قەدەم جەۋر - زۇلۇمغا، ئەۋەل قالغۇسىدۇر ئۆزى ئەلەمگە.- دەپ يازىدۇ ۋە بۇ جەھەتتىكى پىكىرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «ئەگەر سېنىڭ تۇتقان يولۇڭ ئېلىڭگە ياقمىسا، ئېغىر ھالىڭنى كۆرەر كىشى چىقماس، بۇ ھالەتكە پەقەت دۈشمەنلىرىڭ شات بولۇر. شۇڭلاشقا ئادالەت بىلەن خەلقنى باشقۇرۇش لازىم.»- دېگەن تەشەببۇسنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

نۇرمۇھەممەد ئەندەلىپنىڭ بۇ ئوغۇزنامە پوئېمىسىدىن قارىغاندا ئاپتور شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ، ئۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ۋەقەلىك تەرەققىياتى ۋە بىر قىسىم ئېپىزوتلاردىن قارىغاندا شائىر «ئوغۇزنامە» نىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ» تىكى نۇسخىسىدىن باشقا، «تۇرپان نۇسخىسى» دىن خەۋەردار بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ‹‹ئوغۇزنامە››نىڭ «تۇرپان نۇسخىسى» دا ئوغۇزخاقان تۆت تەرەپكە يارلىق ئىبەرتكەندە: مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن، مەن پۈتۈن جاھاننىڭ خاقانى بولۇشۇم كېرەك -دەپ ئۆزىنىڭ مىللىتىنى ۋە بۈيۈك ئارزۇسىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئەندەلىپنىڭ نۇسخىسىدا: مېنىڭ ئوغۇز مىللەت ئىچرە ئۇيغۇر ئاتىم، شۇ يول بىرلە نىسىپ بولدى مىرادىم. - دېگەن مىسرالار بار. شۇلارغا قارىغاندا «ئوغۇزنامە» نىڭ قەدىمكى نۇسخىسى بولغان «تۇرپان نۇسخىسى» يازما ۋە ياكى ئاغزاكى ھالەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىغا خېلى كەڭ تۈردە تارقالغان بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىقى بايانلارنىڭ ئاپتورى غ.م.موللائابىتوۋ ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا: «ئەندەلىپ ئوغۇزخاننىڭ مىللىتىنى ئۇيغۇر دەپ كۆرسىتىشى - تۈركمەنلەرنىڭ ئۆز ئەجدادىنى ئۇيغۇرلار دەپ تونىغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. ئەمما، ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنى تەرىپلەشتە رەشىددىنىنىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ» ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تەراكىمە» ئەمگەكلىرىگە ناھايىتى يېقىن كەلگەن. شۇڭلاشقان، يۇقىرىدا ئاتالغان ئەمگەكلەرنى ئەدىب ئەندەلىپ ناھايىتى ياخشى بىلگەن - دەپ ئويلايمىز» - دەپ يازغان.

## 9) « تارىخى ھەمىدى » گە خاتىرىلەنگەن «ئوغۇزخان بايانى » نۇسخىسى

بۇ نۇسخا تارىخچى موللا مۇسا سايرامىنىڭ مەشھۇر تارىخ ئەسىرى «تارىخى ھەمىدى»گە خاتىرىلەنگەن.

« تارىخى ھەمىدى» موللا مۇسا سايرامىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە مۇھىم تارىخى ئەسىرى. بۇ ئەسەر ئاپتورنىڭ ئىلگىرى يازغان «تارىخى ئەمىنىيە» دېگەن ئەسىرى ئاساسىدا مىلادىيە 1908 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يېزىپ تاماملانغان. ئاپتور تۈركىي خەلقلەر نەسەب تارىخىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ ئوغۇزخاننى قاراخانغا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ۋە قاراخاننى بۇددىست سۈپىتىدە بايان قىلىپ، ئوغۇزخاننى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغۇچى، دىنىنى تەشۋىق قىلغۇچى سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. موللا مۇسا سايرامىنىڭ بۇ ئەسەردىكى نۇسخا ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئوغۇزخان قىسسىسى، بايانلىرىغا ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئوغۇزخاننىڭ بالىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىسىملىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارمۇ ئوخشاش.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

① ⑥ پروفېسسور ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەين «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» مىخ مەتبەئە. 1982- يىل.

www.uyghurkitap.com



② ③ ④ پروفېسسور شەرىپىدىن ئۆمەر « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئوچرىكلار»،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1982 ـ يىل نەشرى.

⑤ تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى. «[ئوغۇزنامە] داستانىنىڭ نەزمى نۇسخىسى ھەققىدە». «بۇلاق»ژۇرنىلى 1993 ـ يىل 1 ـ سان.

⑦ ئوبۇلغازى باھادىرخان مىلادىيە 1603 ـ يىلى خارەزمنىڭ ئۇرگەنچ شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەرەب مۇھەممەدخان خارەزم ئۆزبېك خانلىرى ئەجدادلىرىدىن يادىكارخاننىڭ تۆتىنچى بوغۇم شاخچىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئانىسى مېھرىبانۇ مۇشۇ ئەۋلادنىڭ باشقا بىر شاخچىسىغا مەنسۇپ بولغان. ئوبۇلغازى رۇسلارنىڭ خارەزم مەملىكىتىگە قىلغان تاجاۋۇزى ئاتىسى مۇھەممەدخاننىڭ كۈچلۈك زەربە بېرىشى بىلەن تارمار قىلىنىپ زەپەر قۇچۇپ 40 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى بۇ ئۇرۇشتىكى غەلىبىسىدىن شادلىنىپ تۇرغان پەيتتە تۇغۇلغان بۇ بالىغا ''ئوبۇلغازى' دەپ ئىسىم قويغان. ئوبۇلغازى 16 ياشقا تولغىچە پايتەخت ئۇرگەنچتە تۇرغان. كېيىن ئاتىسى پايتەختنى خىۋەگە كۆچۈرگەندە ئۇنىڭغا كات ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىنى بەرگەن. 1620 ـ يىلى ئىلبارس ۋە ھەبەش ئاتلىق ئاكىلىرى ئاتىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئىزچىل تۇردە ئاتىسى تەرەپتە تۇرۇپ ئاتىسىنى قوللىغان ئوبۇلغازىمۇ ئېغىر يارىلانغان ۋە بۇخارا خانلىقىدىن پاناھلىق تىلەپ شۇ يەرگە كەتكەن. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاكىسى ئىسفەندىيار ۋە سۇلتان سەفەۋىلەر بەزى تۈركمەن قەبىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوبۇلغازىنىڭ يول كۆرسىتىشى ئاستىدا بىر قانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ خارەزمنى قايتۇرۇۋالغان. ئىسفەندىيار 1623 ـ يىلى ئىسيانكار ئىلبارس بىلەن ھەبەشنى ئۆلتۈرۈپ خارەزم خانى بولغان. ئوبۇلغازىغا ئۇرگەنچنى بەرگەن. لېكىن ئۇرگەنچ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار تۇرلۇك ئۇرۇش، جېدەللەر، ئامۇ دەرياسىنىڭ ئۆز قىنىنى ئۆزگەرتىشى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن چۆللىشىپ كەتكەن. بىئارام بولغان ئوبۇلغازى باھادىرخان: «ئەگەر خارەزمدە ئۆز ئالدىمغا مۇستەقىل خانلىقا چىقسام، بۇ ئېچىنىشلىق ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالغان بولاتتىم» دېگەن ئارزۇسى كۈچەيگەن. شۇڭا ئاكىسى ئىسفەندىيارخان سەپەرگە چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پايتەخت خىۋەگە بېسىپ كىرگەن. كېيىن ئىسفەندىيارنىڭ زور قوشۇنىغا تاقابىل تۇرالماي 5 ـ 6 نەپەر يېقىنلىرى بىلەن ئىران پادىشاھى ئىسمائىل سافاۋىلەر ئېلىگە قېچىپ بېرىۋالغان. ئۇ بۇ يەرلەردە 10 يىل ئەتراپىدا تۇرۇپ قالغان ۋە تارىخ ئىلمىگە ھەۋەس قىلغان. ئىران تارىخ ئالىمى رەشىددىننىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشقان. كېيىن بۇ يەرلەردىمۇ ئۇزۇن تۇرالماي تۈركمەنلەر ئېلىگە قېچىپ بارغان. ئۇ يەردىمۇ تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1642 ـ يىلى ئاكىسى ئىسفەندىيار ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى يىلى خىۋەگە قايتىپ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان. ۋە تاكى 1664 ـ يىلىغىچە ئىزچىل 21 يىل تەختتە ئولتۇرغان.

ئوبۇلغازى باھادىرخان ھاياتىدا ئىككى مۇھىم ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ بىرسى، «شەجەرەئى تەراكىمە» (تۈركمەنلەر شەجەرىسى) ناملىق ئەسەر بولۇپ، 1659 ـ يىلى تاماملانغان. ئىككىنچى ئەسىرى «شەجەرەئى تۈرك» بولۇپ، 1663 ـ يىلى يېزىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، كېسەللىك ۋە ئۆمرى يار بەرمەي تاماملانمىغان. لېكىن ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئوغلى ۋە تەخت ۋارىسى ئانۇشخان تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلۇپ 1666 ـ يىلى تاماملانغان.

⑧ شۇ زامانلاردا موڭغۇللاردا بالىسى بىر ياشقا كىرگەندىن كېيىن جامائەتنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ ئىسىم قويىدىغان ئادەت بولغان.

**(ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتوتى فىلىلوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى)**

**تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

# كىروران نامى ۋە كىروران خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى

غالىب بارات ئەرك

قەدىمكى دەۋردە شەرق - غەرب مەدەنىيىتى ئۇچراشقان، ھەر خىل دىنلار ۋە تىل - يېزىقلار تارقالغان غەربىي يۇرت، 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ دۇنيا ئىلىم ساھەسىنى ئىنتايىن جەلپ قىلىدىغان سىرلىق ھەم سېھىرلىك ماكانغا ئايلاندى. مانا مۇشۇ سېھىرلىك ماكاندا مەدەنىيىتىنىڭ پارلاقلىقى، تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان كىروران قەدىمكى شەھىرى، 1900 - يىلى لوپلۇق ئۇيغۇر يىگىتى ئۆردەكنىڭ تەساددىپىي بايقىشىدىن تا ھازىرغىچە ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولۇپ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرىدىن بىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ شەرقىگە، تارىم ئويمانلىقىدىكى بارلىق دەريا ئېقىنلىرىنىڭ يىغىلىدىغان يېرىگە جايلاشقانلىقىلا بولماستىن، ناھايىتى پارلاق مەدەنىيەتنىڭ يارىتىلغانلىقىمۇ مۇھىم ئامىللاردىن بىرىدۇر. مانا بۇ سىرلىق مەدەنىيەتنىڭ يەنى " كىچىك مىرەن قەبرىستانلىقى "، " قەدىمكى قەبرىستانلىق جىلغا " قاتارلىق مۇندىن 4000 يىللار بۇرۇنقى ئىنسانلار قەبرىستانلىقى، يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان كىروران، سىرلىق كۆل لوپ قاتارلىقلار جايلاشقان بۇ جەلپكار ماكان ھازىرقى چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىگە جايلاشقان.

چاقىلىق ناھىيەسى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىدىكى قەدىمىي يۇرت. ئىنسانلارنىڭ بۇ زېمىندا پائالىيەت ئېلىپ بارغىنىغا سېپتا تاش قوراللار دەۋرىدىن ھېسابلىغاندا يەتتە مىڭ يىلدىن ئاشتى، يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى بولۇپمۇ شەرق ۋە غەرب ئالاقىسىنىڭ قويۇقلىشىشى نەتىجىسىدە، يىپەك يولى ئارقىلىق قاتنايدىغان كارۋانلار كۆپەيگەن. يىپەك يولىدىن ماڭغان تۇرلۇك ئىرقتىكى، تۇرلۇك تىللاردا سۆزلىشىدىغانلار قەدىمكى چاقىلىق رايونى ھەققىدىمۇ خېلى نۇرغۇن خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. چاقىلىق ھەققىدە ئەينى ۋاقىتتا يېزىپ قالدۇرۇلغان يازمىلار چاقىلىقنىڭ تارىخىنى چۈشىنىشىمىزدە ئىنتايىن قىممەتلىك مەنبە بولۇپ قالماستىن، يەنە جايناملىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى چۈشىنىشىمىزدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇشبۇ ماقالىمىزدە ئىزدەنمەكچى بولغان كىروران نامى ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى مەلۇمات تارىخچى سىما چيەن (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 145 - يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 86 - يىلىغىچە ياشىغان) تەرىپىدىن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 91 - يىلى يېزىپ تاماملانغان «تارىخىي خاتىرىلەر» دېگەن تارىخ كىتابىنىڭ 123 - جىلد «پەرغانە تەزكىرىسى» ۋە 110 - جىلد «ھۇنلار تەزكىرىسى» دە كۆرىلىدۇ. بۇ تارىخ كىتابىدا «روران ۋە غۇزنىڭ بەزى شەھەر قورغانلىرى لوپنۇرغا يۈزلىنىپ تۇرىدىكەن. لوپنۇر بىلەن چاڭئەننىڭ ئارىلىقى 5000 چاقىرىم كېلىدىكەن. يۇچۇنتۇركلىرى (ھۇنلار)نىڭ غەربىدىكى قەبىلىلىرى لوپنۇرنىڭ شەرقىدە... » ① ، دېيىلگەن.

بۇ ئىككى نام خەنزۇچە نۇسخىدا 楼兰 ۋە 盐泽 دېيىلگەن. ئالدىنقى نام ھازىر بىردەك " كىروران " دەپ ئېلىنىدۇ، قىسمەن ماتېرىياللاردا خەنزۇچە خەتلەرنىڭ ھازىرقى تەلەپپۇزى بويىچە "لولان"، "لۇلەن"، يەنە بەزىلىرىدە "روران" دەپمۇ ئېلىنىدۇ. 楼兰 ئاتالغۇسى «تارىخىي خاتىرىلەر»دىن كېيىن يېزىلغان تارىخنامىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە كۆرىلىدۇ، يەنى چاقىلىققا ئائىت يەر ناملىرىغا

www.uyghurkitap.com



«بۇ قەدىمكى كىروراندۇر» دېگەن مەنىدە ئىبارە قوشۇپ ئىزاھات بېرىلىدۇ. ئۇنداقتا، 楼兰 نامىنىڭ ئۇيغۇرچە تەڭدىشى قانداق بولۇشى كېرەك؟ " كىروران " دېيىش توغرىمۇ؟

كىروران نامىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى 1900 - يىلى ئۇيغۇر يول باشلىغۇچى ئۆردەكنىڭ كىروران خارابىسىنى بايقىشى، سۋېن ھېدىنىنىڭ كىروران خارابىسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە جاكارلىشى ھەمدە غەرب ئالىملىرىنىڭ كىروراندىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنى ئوقۇپ يېشىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئالىملار كىروراندىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە kroraina دېگەن جاي نامىنى بايقاپ، بۇ نامنىڭ ستەيىن تەكشۈرگەندە LA دېگەن شەرتلىك بەلگە بىلەن كۆرسەتكەن خارابىنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى تەھقىقلىگەن. ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق كىروران شەھىرى خارابىسىدىن بايقالغان، كارۇشتى يېزىقىدىكى kroraina بىلەن خەنزۇ يېزىقىدىكى 楼兰 نىڭ بىر جاي ئىكەنلىكىنى بېكىتكەن. 1901 - يىلى تۇنجى بولۇپ گېرمانىيەلىك ئالىم كارېل ھېملىي 楼兰 نىڭ kroraina نىڭ تەلەپپۇز تەجىمىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ تەڭداشلىق ئەينى زاماندىكى خەنزۇچە يازمىلاردا يېزىلغان 楼兰 نىڭ سىرلىق لوپ كۆلىگە ئانچە يىراق بولمىغان خارابە (ستەيىن LA دېگەن شەرتلىك بەلگىدە ئاتىغان) نىڭ نامى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقتى ھەمدە يوقىلىپ كەتكىنىگە مىڭ يىلدىن ئاشقان كىروران قەدىمكى شەھىرى توغرىلىق ئىزدىنىشلەر قىزىق تېمىغا ئايلاندى. شۇندىن بۇيان كىروران نامىمۇ ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر تىلىغا كىرىپ ئومۇملاشتى، ئۇيغۇر تىلىدىكى كىروران نامى مۇشۇ شەھەرنىڭ نامىنىڭ كارۇشتى يېزىقىدىكى نامىنىڭ ترانسكرىپسىيەسى kroraina دىن كەلگەن. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا " كروران " ياكى " كرورەن " دېيىلگەن بۇ نام يېڭى ئىملا قائىدىسى بويىچە "كىروران" دەپ ئېلىنماقتا. سىما چيەن يەنە «ھۇنلار تەزكىرىسى» دە " **روران**، ئۇيسۇن، ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 ئەل تىنجىتىلدى ھەممىسى يۇچۇنتۇركلەر ( ھۇن) گە تەۋە بولدى"② ، دېيىلگەن. ئەڭ كېچىككەندىمۇ 925 - يىلىدىن ئىلگىرى يېزىلغان «تاڭغۇت يولىغا ساياھەت» ناملىق ئەسەردە "روروۋناتا" دېگەن تەڭدىشىمۇ بار، بۇمۇ ئەمەلىيەتتە كىرورانلىقلار تىلىدىكى ئەسلىي نامىنىڭ سانسكرىتچىلاشقان تەلەپپۇز خاتىرىسىدىن ئىبارەت، بۇ خۇددى خوتەننىڭ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى "قۇستانا" دەپ ئاتالغىنىغا، ئۇيغۇر ئالىمى سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ چەرچەننى "سارمادان بالىق" دەپ ئاتىسا باشقا مەنبەلەردە "چالمادانا" دەپ خاتىرىلەنگىنىگە ئوخشاش بىر ئىشتۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىرورانغا بولغان قىزىقىش نەتىجىسىدە كىشىلىرىمىزدە، مۇشۇ نامنى قانداق تەلەپپۇز قىلىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنماقتا. ئىلىم ساھەسىدىن ئالغاندا، كىروران دېگەن بۇ نامنىڭ ئاتالغان مەنىسى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل يەشمە بېرىلگەن. بۇلار گېرمانىيەلىك ئالىم ھېرماننىڭ "شەھەر" ③ مەنىسىدە دېگەن قارىشى ۋە تارىخشۇناس مىڭ فەنرېننىڭ "زېمىن، تۇپراق" ④ ، دېگەن قاراشلىرىدىن ئىبارەت. ھازىر ئىلىم ساھەسىدە بۇ نامنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى توغرىسىدا يۇقىرىقىدەك قاراش مەۋجۇد، ئاتالغان لېكسىكىلىق مەنىسى بەك پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ھازىر ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر قىزىقىۋاتقان مەسىلە، kroraina نامىدىكى k تاۋۇشى تەلەپپۇز قىلىنامدۇ - يوق، دېگەندىن ئىبارەت. مەنمۇ بۇرۇن خەنزۇچە نامىدىكى 楼兰 (loulan) گە قاراپ، ئەسلىي "روران" دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ قارىغان ئىدىم. ئەمما كېيىنچە بۇ نامدا k تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلىش زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلماقتىمەن. بۇ مەسىلە، ئەمەلىيەتتە

ئالىملارنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىغان. دوكتۇر ستەيىن «كىروراندىن ئۆتۈش» (ئۇنىڭ «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسىدىن سۇرەتلىك خاتىرە» ناملىق كىتابىنىڭ بىر قىسمى)دە مۇلاھىزە يۈزگۈزگەن، جۈملىدىن 楼兰 نى kroraina دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىش كېرەكمۇ؟، دېگەن سۇئالنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بۇ نامنىڭ kroraina ياكى krorayina نى مەنبە قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، خەنزۇ تىلىدا يېرىم سوزۇق تاۋۇش r بولمىغانلىقتىن l غا ئالماشتۇرغان، دەپ قارىغان ھەمدە «ئەگەر، بارلىق چەتئەلچە ئىسىملارنى خەنزۇ تىلىغا ئوقۇلۇشى بويىچە تەرجىمە قىلغاندا كۆرىلىدىغان قىيىنچىلىق ھەمدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇنقى ناملارنى ترانسكرىپسىيە قىلىشتا بىرەر پرىنسىپنىڭ بولماسلىقىدىن قارىغاندا، 楼نىڭ 克罗 (kro) غا ئەڭ يېقىن كېلىدىغان تەلەپپۇز ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتىمىز. 兰 (lan ـ) تەلەپپۇزىنى 来那 (raina) ياكى 来伊那 (rayina) غا ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ» ⑤ ، دەپ يازغان. كىروران نامى مىلادىيە 2 ـ ئەسىردىكى گىرىك ئالىمى پتولمىي «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا khauranai، سوغداقچە پۈتۈكلەردە kr’wr’n، ئۇدۇن يېزىقىدا raurana، دەپ خاتىرىلەنگەن. ياپونىيەلىك ئالىم ناكازاۋا كازوتوشى «كىروران خانلىقى» ناملىق كىتابىدا، كارۇشتى يېزىقىدىكى kroraina نامىنى بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن ئادەملەر ئېلىپ كەلگەن سۆزلەم بولۇپ، ھىندى تىلىدىكى تۇپراق دېگەن سۆزدۇر، 楼兰 ئەنە شۇ سۆزدىن تەلەپپۇز تەرجىمىسى قىلىنغان⑥، دەپ قارىغان. مېڭ فەنرېن 楼兰 نامىنى كارۇشتى يېزىقىدىكى kroraina نى ئەمەس، يەرلىك كىشىلەرنىڭ تىلىدا قويۇلغان ئىسىمدىن تەلەپپۇز تەرجىمىسى قىلىنغان⑦، دەپ قارىغان.

ھەر تۈرلۈك پەرەزلەردىن كۆرە، kroraina دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان نامنىڭ كارۇشتىچىدە قانداق ئوقۇلۇشى مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ. زامانىمىز ئالىملىرىدىن كارۇشتى يېزىقىنى خېلى ياخشى چۈشىنىدىغان ھەم تەتقىق قىلىدىغان پروفېسسور لىن مېيسۇن، كىروران توغرىلىق خېلى چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى يۈرگۈزگەن تەتقىقاتچى مېڭ فەنرېن... قاتارلىقلار kroraina نامىنى 库罗来纳 ياكى 克楼拉因 دەپ ئوقۇغان، بۇ توغرا بولۇشى مۇمكىن، كارۇشتى يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسىدە kr تاۋۇشىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ھازىر كىروران شەھىرى دەپ قارىلىۋاتقان LA ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خارابىلىكلەردىن تېپىلغان يازما پۈتۈكلەر ئىچىدە خەنزۇچە 楼兰 دېگەن جاي نامى بارلىرىدىن 17 دانە، kroraina دېگەن نام بار كارۇشتىچە پۈتۈكلەردىن 6 دانە تېپىلغان (كارۇشتى يېزىقىدىكى كىروران نامى بار پۈتۈكلەردىن LA خارابىسىدىن ئىككىسى، LB خارابىسىدىن بىرى تېپىلغان. بۇلاردىن kh.696، kh.678، kh.706لار ئەڭ مۇھىم، مۇشۇ ئۈچ ۋەسىقە LA خارابىسىنىڭ كىروران شەھىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، خەنزۇچە پۈتۈكلەردىن LA خارابىسىدىن 楼兰 دېگەن جاي نامى بار پۈتۈكتىن جەمئىي 17 پارچە تېپىلغان). مانا بۇلار بىر جاي نامىنىڭ ئىككى خىل يېزىقتىكى خاتىرىسى. بۇلار LA خارابىسىنىڭ كىروران شەھىرى ئىكەنلىكىنى، يەرلىك خەلقنىڭ يۇرتىنى " كىروران " دەپ ئاتىغانلىقىنى، كارۇشتى يېزىقىدا مەلۇم دەرىجىدە سانسكرىتچىلاشقان ھالدا kroraina دەپ، خەنزۇچە مەنبەلەردە ئەينى ۋاقىتتىكى خەنزۇ تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە 楼兰 دەپ تەلەپپۇز تەرجىمىسى قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا 7 ـ ئەسىردە ياشاپ ھىندىستانغا نوم ئېلىشقا بارغان داڭلىق بۇددا راھىبلىرىدىن بىرى شۈەنزاڭ (600 ـ 664)نىڭ ئېيتىپ بېرىشى ئارقىسىدا شاگىرتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خاتىرىلەپ كىتاب ھالىگە كەلتۈرۈلگەن، تاڭ (618 - 907) پادىشاھىغا تەقدىم قىلىنغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دە كۆرسىلىدىغان شەھەر نامى 曷劳落迦 دىققەتكە سازاۋەر. شۈەنزاڭ 627 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسى چاڭئەندىن يولغا چىقىپ تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچار ئارقىلىق سوغداقلار ماكانىدىن ئۆتۈپ ئافغانىستان ۋە پاكىستاننىڭ شىمالىي تەرەپلىرى بىلەن شىمالىي ھىندىستانغا كىرگەن. ھىندىستان ۋە نېپالدا بۇددا ئىلمىنى ئۆگىنىپ ئەينى زاماندا يېتۈك بۇددا ئالىملىرىدىن بىرىگە ئايلانغان ھەمدە 646 - يىلى 657 جىلدلىق بۇددا نومى، بۇددا ھەيكىلى، گۈل ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى ئېلىپ ۋەتىنىگە قايتقان. پامىردىن ھالقىپ يەكەن، قەشقەر، خوتەن، چەرچەن، چاقىلىق، دۇنخۇاڭ ئارقىلىق قايتقان. يۇقىرىقى كىتابنىڭ 12 - جىلدىدا بىر رىۋايەت خاتىرىلەنگەن: قەدىمكى جەڭگاھتىن مەشرىققە 30 نەچچە يول (1 يول 442 مېتىرغا تەڭ) يۈرسە بىمبالىق شەھىرىگە يېتىپ بارىدۇ، بۇ يەردە ياغاچتىن ياسالغان ئېگىزلىكى 2 جاڭ (6.2 مېتىرغا تەڭ) بۇددا ھەيكەللىرى تىك تۇرىدۇ. بۇ ھەيكەللەر بەزىدە نۇر چاچارمىش. بىمار بولسا ئاغرىغان يېرىنى ئالتۇن ياپراق بىلەن ھەيكەلگە چاپلىسا دەرھال ساقىيارمىش. چىن ئىخلاسى بىلەن تىلىگەن تىلىكى ئىجابەت بولارمىش. شۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ بايانىچە، بۇ ھەيكەل بۇددا ھايات ۋاقتىدا ئەنەتكەك (ھىندىستان) ئېلىدىكى كوسامبىناگاردا خان تەرىپىدىن ياسالغانمىش. بۇددا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ھەيكەل كوسامبىناگار ئېلىدىن ئۇچۇپ بىمبالىقنىڭ شىمالىدىكى 曷劳落迦 شەھىرىگە چۈشكەنمىش. شۇ شەھەردىكىلەر باشتا شادىمان، باياشاد ياشىغان. ھەيكەلنىڭ ئۆزى ئۇچۇپ كەلگەنلىكىنى، ساماۋىيلىقىنى بىلىشمىگەچكە ھۆرمەت قىلمايدىكەن. كېيىن بىر ئارخات بۇددا ھەيكىلىگە ئىززەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ، بۇ ئىشتىن كىشىلەر غەلىتىلىك ھېس قىلىشىپتۇ، ئارخاتنىڭ كېيىمى ۋە تۇرقىغا قاراپ خانغا مەلۇم قىلىشىپتۇ. خان بۇ غەلىتە ئارخاتنى قۇمغا كۆمۈشنى يارلىق قىپتۇ. ئارخات قۇمغا كۆمۈلۈپتۇ، ئۇنىڭ يېمىلىكى يوق ئىكەن، بىرى بۇ ھالغا چىدىيالماي كېچىسى يوشۇرۇن ھالدا ئۇنىڭغا يېمەكلىك ئاپىرىپ بېرىپتۇ. بۇ كىشىمۇ ئىلگىرى بۇددا ھەيكىلىگە ئىززەت - ئىكرەم قىلار ئىكەن. شۇڭا ئارخاتنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا يوشۇرۇن تاماق ئاپىرىپ بەرگەن. ئارخات كېتەر ۋاقتىدا بۇ كىشىگە "يەتتە كۈندىن كېيىن پەلەكتىن قۇم - تۇپا يېغىپ بۇ شەھەرنى كۆمۈۋېتىدۇ، بىرمۇ ئادەم ھايات قالمايدۇ. سەن بۇ ئىشنى بىلگەندىكىن بالدۇرراق جېنىڭنى جايلا. بۇلار مېنى كۆمگەنلىكتىن مۇشۇ ئاپەتكە دۇچار بولىدۇ"، دەپتۇ. ئارخات دەپ بولۇپلا غايىب بوپتۇ. ياخشى نىيەتلىك كىشى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شەھەرگە كىرىپ تۇغقان ۋە يارانلىرىغا بۇ خەۋەرنى ئېيتىپتۇ، ئاڭلىغانلار ئۇ كىشىنى مازاق قىپتۇ. 2 - كۈنى قاتتىق بوران چىقىپ پاسكىنا تۇپراقنى ئۇچۇرتۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنچە - مەرۋايىتتەك جاۋاھىراتلار يېغىپ كوچا - كويلار توشۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ھېلىقى ياخشى نىيەتلىك كىشىنى تېخىمۇ مازاق قىلىپتۇ، تىللاپتۇ. بۇ كىشى كۆڭلىدە ئاپەتنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يوشۇرۇن ھالدا ئۆزىگە لەخمە كولاپ شەھەرنىڭ سىرتىغا تۇتاشتۇرۇپ، بىر گەرەمدە ئولتۇرۇپتۇ. 7 - كۈنى كېچىسى تۈن يېرىمدىن ئاشقاندا ئەرشتىن قۇم - تۇپا يېغىپ شەھەر كۆمۈلۈپ كېتىپتۇ. ياخشى نىيەتلىك كىشى كولىغان لەخمىسى بىلەن شەھەر سىرتىغا چىقىپ شەرققە يۈرۈپ بۇ ئەلگە كېلىپ بىمبالىقتا ئولتۇراقلىشىپتۇ. بۇ كىشى ئەندىلا كەلگەن ئىكەن، بۇددا ھەيكىلىمۇ كېلىپتۇ، شۇڭا مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ... بۈگۈنكى 曷劳落迦 بۇرۇنلا قۇملۇققا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ ھەر قايسى

ئەلنىڭ خانلىرى، بايلار بۇ بايلىقلارنى قېزىپ بايلىقلارنى ئېلىپ كېتىشنى ئويلايدىكەن. قۇم ـ توپا دۆۋىسىگە ئەندىلا كەلسە قارا بوران كۆتۈرۈلۈپ پەلەككە يېتىپ كىشى يولىدىن ئېزىپ قالىدىكەن... ⑧. بۇ نامنى 10 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا arurak دەپ تەلەپپۇز تەرجىمىسى قىلغان. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ زامانىغا كەلگەندە يۇقىرىقى نامنىڭ كىروران بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇنتۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

قويۇق دىنىي تۈس ئالغان يۇقىرىقى رىۋايەت، ئىسلامىيەت دەۋرىدە يەنە بىر تەكرارلانغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، چىڭگىزخان بۇخارا شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندا دىنىي ئۆلىما مەۋلانا هاپىزىددىن كەبىرى بۇخارىي قاتارلىق بىر قىسىم ئۆلىمالارنى قەتل قىلغان. ئۇنىڭ ئىنىسى مەۋلانا شۇجائىددىن مەھمۇد ئائىلىسى بىلەن ھۇنەرۋەنلەر قاتارىدا موڭغۇلىيە دالىسىدىكى شەرقىي ھىنگان تېغىنىڭ غەربىي شىمالىي ئۇچىغا، ئورقۇن دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى خوشۇ سايدام ئويمانلىقىنىڭ 20 كىلومېتىر كېلىدىغان قاراقۇرۇم شەھىرىگە مۇشۇ شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى مەلۇم قالايمىقانچىلىق پەيتىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ تارىم ئويمانلىقىغا، تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى شەھىرى كىتىككە كەلگەن. بۇ يەردە مەلۇم مەزگىل (ياكى 1 ـ 2 ئەۋلاد) ياشىغان. كېيىن يۇقىرىقىلارنىڭ ئەۋلادىدىن جەلالىددىن كىتىكىي زامانىدا دىنىي ئىسلامغا دەۋەت قىلسا، كىتىكلىكلەر رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، جەلالىددىننىڭ قارغىشى بىلەن 1340 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، توشقان يىلىدا شەھەرنى قۇم باسقان. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، جەلالىددىن كىتىكيىگە ئەگەشكەن 15 تەك كىشىلا ھايات قالغان. بۇ ئىككى رىۋايەتنىڭ ئارىسىدا 6 ـ 7 ئەسىر ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، مەزمۇن تەرىپىدىكى ئوخشاشلىق كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئالىملاردىن سۇ بەي قاتارلىقلارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، 曷劳落迦 krolayna دېگەن نامنىڭ تەلەپپۇز تەرجىمىسى ئىكەن. پىروفېسسور سۇ بەي 曷劳落迦 ھەققىدىكى رىۋايەتنى قارادۆڭ خارابىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، نامى krolayna نىڭ باشقىچە تەرجىمىسى بولۇپ "شەھەر" ⑨ ، دېگەن مەنىدە، دەپ قارىغان. ئۇ يەنە «كىروران قەدىمكى شەھىرى ئورنىنىڭ بېكىتىلىشى، سېۋېن ھېدىن بايقىغان خەنزۇچە پۈتۈكلەردە ئېنىق يېزىلغان 楼兰 دېگەن ئىككى خەتتىن كەلگەن. كارۇشتىچە ئارخىپلاردا krolayna سۆزلىمى تەكرار چېلىقىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى "شەھەر" دېگەنلىكتۇر. Krolayna خەنزۇ تىلىدىكى 楼兰 نىڭ ئېتىمولوگىيە مەنبەسى. 楼兰 نىڭ "شەھەر" دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكى خەنزۇچە ۋە كارۇشتىچە ماتېرىياللار ئارقىلىق بېكىتىلگەن» ⑩ . يۇقىرىقى رىۋايەتتە ئېيتىلغان 曷劳落迦 شەھىرى بىلەن كارۇشتى يېزىقىدىكى kroraina نىڭ تەلەپپۇز يېقىنلىقى بىر نامنىڭ ئىككى خىل خاتىرىسى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مۇشۇ رىۋايەت بىلەن 14 ـ ئەسىردىكى شەھىرى كىتىك ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ ئوخشاشلىقى، ئەينى زاماندا 曷劳落迦 ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ ناھايىتى كەڭ تارقالغانلىقىنىڭ دەلىلى بولۇشى مۇمكىن. 曷劳落迦 دېگەن نامنىڭ ئەينى زاماندىكى تەلەپپۇزى مەسىلىسى مۇھىم ھالقىلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. فرانسىيەلىك ھېنرى ماسپېرو (1883 ـ 1945)نىڭ تەتقىقاتىغا قارايدىغان بولساق، 曷 خېتى 7 ـ ئەسىردە [Ɣɑt]، 8 ـ ئەسىردە [ðɑƔ] دەپ ئوقۇلغان، ئەينى زاماندا ياپونچىغا katu، ۋېتنام تىلىغا hat دەپ تەلەپپۇز تەرجىمىسى قىلىنغان. 劳 خېتى 7 ـ ~ 8 ـ ئەسىرلەردە lau دەپ ئوقۇلغان، ياپون تىلىغا rō ، ۋېتنام تىلىغا lao دەپ تەلەپپۇز تەرجىمىسى قىلىنغان. 落 خېتى 7 ـ

www.uyghurkitap.com



ئەسىردە lak، 8 ـ ئەسىردە laɣ دەپ ئوقۇلۇپ ram، raḥ سۆزلەملىرىنى تەلەپپۇز تەرجىمىسى قىلىشتا قوللىنىلغان. 迦 خېتى كۆپىنچە هاللاردا ka غا تەڭداش ئوقۇلغان ⑪. مانا مۇشۇنىڭغا پاكىتلارغا ئاساسلانغان ئالىملار يۇقىرىقى نامنى كىروران شەھىرىنىڭ نامى، krova سۆزلىمىگە ئەنەتكەكچە ئۇلانما ka ـ ئۇلانغان، Kroraimna نامىنىڭ ئۆزى دەپ قارىغان ⑫.

Kroraina نىڭ ئوقۇلۇشى مەسىلىسىگە دوكتۇر، ئارخېئولوگ فولك بېرگمانمۇ دىققەت قىلغان، ئۇ «تارىم ئويمانلىقىدا تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە، بۇ يەرنىڭ نامى kroraina ياكى kroraiṃna دەپ ئاتالغان. كېيىنچە يەنە بىر خىل raurata دەپ تەلەپپۇز قىلىش شەكىللەندى. پروفېسسور كارلگېرىن ماڭا ياخشى كۆڭلىنى ئىزهار قىلىپ، kroraina نىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى glulan بولۇشى كېرەك، دەپ ئۇقتۇرغانىدى، بۇنداق تەلەپپۇز قىلىش كارۇشتى يېزىقىنىڭ تەلەپپۇزىغا ناهايىتى يېقىنلاشقان ⑬. مانا مۇشۇلاردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، 楼兰 ھەرگىزمۇ روران دېگەن نامنىڭ تەلەپپۇز تەرجىمىسى ئەمەس، بەلكى kroraina نامىنىڭ ياكى krora نىڭ تەلەپپۇز تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. بۇ نامدىكى kr كارۇشتى يېزىقىدا تەلەپپۇزى بارلىقىنى ئۇنىڭ ئېلىپبەسىدىن كۆرۈش مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە هازىرقى ئەسەرلىرىمىزدە قوللانغىنىمىزدەك كىروران دەپ ئېلىشنى خاتا دېگىلى بولمايدۇ.

دېمەك، كىروران ئەسلىي كىروران شەھىرىنى مەركەز قىلغان بىر ئەلنىڭ نامى بولغان. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ نام قەدىمدە روران كۆلى دەپ ئاتالغان لوپ كۆلىنىڭ نامىدىن كەلگەن دەيدۇ، مەيلى قانداق بولمىسۇن ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا شۇ زېمىندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ تىلىدىكى جاي نامى سانسكرىتچىلاشتۇرۇلغان هالدا kroraina دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ 楼兰 مانا مۇشۇ نامنىڭ ياكى يەرلىك خەلقنىڭ تىلىدىكى نامنىڭ تەلەپپۇز تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. بۇ نام ئەسلىدىن چاقىلىق ناهىيەسى تەۋەسىدە بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ ھەمدە شۇ شەھەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان بىر خانلىقنىڭ نامى بولغان، شۇندىن كېيىنكى يازمىلاردا چاقىلىق رايونىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئەسلىي قەيەرلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشتە ئېنىقلىغۇچى قىلىپ ئىشلىتىلگەن. بۇ شۇ شەھەرنىڭ قەدىمدىنلا ناهايىتى مەشھۇرلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، kroraina نامىنى كىروران دەپ ئوقۇش بىر قەدەر مۇۋاپىق، بۇ نامنىڭ ئەسلىي يەرلىك ئاهالە تىلىدىكى شەكلى كىرورا بولۇشى مۇمكىن ، يۇقىرىقى نامنىڭ سانسكرىتچىلاشقان شەكلى بويىچە يەشمە بەرگەندە "شەھەر" دېگەن مەنانى ئاڭلاتقان.

كىروران خانلىقى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن بۇرۇن قۇرۇلغان ، بۇ ھەقتە «تارىخىي خاتىرىلەر»دە ناهايىتى قىممەتلىك ئۇچۇر قالدۇرۇلغان . مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلى بۇ خانلىق ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى ، بۇلار لوپ كۆلى بويىدىكى كىروران شەھىرىنى مەركەز قىلغان كىروران خانلىقى ۋە چاقىلىق بازىرى ھەم مىرەننى مەركەز قىلغان چەرچەن خانلىقىدىن ئىبارەت . چەرچەن خانلىقى گەرچە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 77 ـ يىلى ئاۋۋال مىرەن كونا شەھىرىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان بولسىمۇ مىلادىيەنىڭ باشلىرىدا چاقىلىق بازىرىنى مەركەز قىلغان، ئوتتۇغۇچخان شەھىرى خانلىق ئاستانىسى بولغان. «كېيىنكى خەننامە»دىكى ئۇچۇرغا قارىغاندا، مىلادىيەنىڭ 25 ـ يىلىدىن 50 ـ يىللىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە چەرچەن خانلىقى قۇدرەتلىنىپ ، ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئەسكى تۇخرى بالىق بەگلىكى (小宛، ئەندىر خارابىلىقى) ، ئوغاي بالىق بەگلىكى (精绝، چادوتا، نىيە قەدىمكى شەھىرى) ، يول ئارىش بەگلىكى (戎卢)، سارمادان (هازىرقى چەرچەن) خانلىقلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. 3 ـ

ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەرچەن خانلىقى كروران بەگلىكىنى ئۆز ھۆكۈمىگە ئېلىپ ، شۇ دەۋر تارىم ۋادىسىدىكى كۈچلۈك ھاكىمىيەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئەينى دەۋردىكى كروران ۋە چەرچەن خانلىقىدا كارۋشتى قاتارلىق يېزىقلىرىنىڭ رولى ئالاھىدە بولغان، كارۋشتى يېزىقى مەزكۇر خانلىقنىڭ ھاكىمىيەت يېزىقلىق رولىنى ئوينىغان . كارۋشتى يېزىقىدىكى ئۈچۈرلاردىن قارىغاندا ، ھاكىمىيەت ئىزچىل تۇردە كروران دېگەن نامدا ئاتالغان ، خەنزۇچە يازمىلاردا ئىزچىل چەرچەن (鄯善) دەپ يېزىلغان ، ئەمما ھەمىشە «ئەسلىدىكى كروران» دەپ ئىزاھلاش ئۇنتۇلمىغان . مۇشۇلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ يەرلىك ھاكىمىيەت نامى چەرچەن دېگەندىن كۆرە كروران نامىدا مەشھۇر بولغان. بۇ ھاكىمىيەت كۈچەيگەن زامانلاردا يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىنى مەركەز قىلغان ھالدا چەرچەن ، نىيە ناھىيىلىرىنى ھەمدە لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ بىر قىسمىنى تېروتورىيە قىلغان ئىدى . يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان بۇ ھاكىمىيەت ـ كروران خانلىقى يىپەك يولىدىكى سودا ، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىگە زور تۆھپە قوشۇپ قالماستىن ، ئىچكى جەھەتتىن تۈزۈلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى ، قانۇن ـ تۈزۈمىنىڭ قاتتىقلىقى ، مەدەنىيىتىنىڭ پارلاقلىقى بىلەن شۆھرەت تاپقان بۇ ئەل قاچان ۋە نېمە سەۋەبتىن ئاغدۇرۇلدى ، دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ . بۇ ھەقتە تارىخىي يازمىلاردا خېلى ئېنىق ئۇچۇرلار قالدۇرۇلغان.

«سۇڭنامە» نىڭ 99 ـ جىلد «دى غۇزلىرى» قىسمىدا مۇنداق دېيىلگەن: «(مىلادىيە 441 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا شەھەردە ئوزۇق ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئاچارچىلىقتا ئۆلدى. جۈرچى تارگۇ ئۆز خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈپ لەشكەرلىرىگە ئوزۇق قىلىپ بەردى . توغبات تاۋ جۈرچى تارگۇنى تىرىك تۇتۇپ ، پىڭچېڭ قەلئەسىگە ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى . ... 11 ـ ئايدا جۈرچى ئۇرغۇنىڭ ئىنىسى جۈرچى ئارغۇنى 5000 لەشكەر بىلەن چەرچەنگە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ ، ئۇ يەرنى ئىگەللىيەلمىدى. يۈەنجيا19 ـ يىلى (مىلادىيە 442 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا جۈرچى ئۇرغۇ 10 مىڭدىن ئارتۇق تۇتۇننى باشلاپ دۇنخۇاڭنى تاشلاپ كۇن پېتىشقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ جۈرچى ئارغۇننىڭ يېنىغا كەتمەكچى بولدى . ئۇلار چەرچەنگە بارغۇچە چەرچەن بېگى بەگروڭ 4000 دىن ئارتۇق تۇتۇننى باشلاپ قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن جۈرچى ئۇرغۇ چەرچەننى ئىگىلىۋالدى»⑭ دېيىلگەن .

بۇ يازما ئۇچۇر خەنزۇچىسىغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق 鄯善 نىڭ پىشامىشان دەپ ئېلىنغانلىقىغا ئاساسەن چەرچەن دەپ ئېلىندى . ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇچۇردا سۆزلىنىۋاتقىنى چاقىلىق ناھىيىسىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان چەرچەن خانلىقى ھەققىدە بولماقتا. بۇ باياندىكى جۈرچى فامىلىلىك كىشىلەر يۈچۈنتۇركلىرى (ھۇنلار)نىڭ ئەۋلادى بولۇپ 397 ـ يىلىدىن 460 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھۆكۈم سۈرگەن شىمالي لياڭ سۇلالىسى خان جەمەتىنى كۆرسىتىدۇ. مىلادىيە 439 ـ يىلىغا كەلگەندە يەنە بىر تۈركىي قوۋم تابغاچلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ۋېي سۇلالىسى شىمالي لياڭ سۇلالىسىغا ھۇجۇم قىلىپ جياڭيې ، ۋۇۋېي ، جيۇچۈەن قاتارلىق جايلانى ئىگىلىگەن . جۈرچى جەمەتىدىكىلەر دۇنخۇاڭغا قېچىشقا مەجبۇر بولغان . دۇنخۇاڭدا ئادەمنىڭ كۆپىيىشى ، ئاشلىقنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ ، ئاچارچىلىقتىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن. 441 ـ يىلى 5000 دىن ئارتۇق لەشكەرنى جۈرچى ئارغۇ باشچىلىقىدا چەرچەن خانلىقىنى ئىگىلەشكە بۇيرۇلغان بولسىمۇ، ئۇلار چەرچەن خانلىقىنى يېڭەلمىگەن . 442 ـ يىلى يازغا كەلگەندە دۇنخۇاڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تەرەپلەردە قەد كۆتۈرۈش ئىمكانىيەتلىرىدىن مەھرۇم قالغان جۇرچى جەمەتى 10 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئىچىرقىغان ئاھالىنى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلغان. مۇشۇ مەلۇماتتىن خەۋەر تاپقان چەرچەن خانى بەگروك ئاھالىنىڭ يېرىمى بولغان 4000 ئۆيلۈكنى باشلاپ، خاندانلىقنىڭ غەربتىكى مۇھىم جايى سارمادان (چالمادانا ، ھازىرقى چەرچەن) قاراپ كۆچكەن ، چوڭ ئوغلى چەرچەننى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ ئۇ ھۇنلارغا بېقىنغان. خان بەگروكنىڭ كۆچۈشى چەرچەن خانلىقىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرغان ، چۈنكى خان ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىنى ، نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك، ئات ، تۆگە قاتارلىق قاتناشتا لازىم بولىدىغان ھايۋانلارنى، بىر قىسىم چېرىك ۋە خاندانلىق ئەربابلىرىنى باشلاپ كەتكەن ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خانلىقنىڭ لەشكەرلىرىدىن پۇقرالىرىغىچە روھىي ۋە مەنىۋىي تۈۋرۈكىدىن ئايرىلغان. مۇشۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا جۇرچى ئۇرغۇ ئىنىسى جۇرچى ئارغۇنى چەرچەنگە ھۇجۇم قىلىپ يول ئېچىشقا بۇيرىغان . نەتىجىدە چەرچەن خاندانلىقىنىڭ مەركىزى (شۇ ۋاقىتتا كروران شەھىرى بولۇشى مۇمكىن) جۇرچى ئۇرغۇ تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىكى بايانلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولا ئادىمى قۇملۇقتىن ئۆتۈش داۋامىدا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كەتكەن . چەرچەن خانى جېندا (真大) داۋاملىق خان بولۇپ قارام بولغان، يۇقىرىقى ئەھۋالدىن قارىغاندا جېندا چەرچەن خانى بەگروكنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇشى مۇمكىن . شۇ يىلى 8 ـ ئايغا كەلگەندە كرورانلار قوچو (تۇرپان) غا ھۇجۇم قىلغانلىقتىن جۇرچى ئۇرغۇ جىيەنى جۇرچى پۇرگۇنى چەرچەننى ساقلاشقا قالدۇرۇپ قوچوغا قاراپ يولغا چىققان. كۇنسېرى كۈچلىنىۋاتقان تابغاچلارنىڭ ۋېي سۇلالىسى ئۈزلۈكسىز تۈردە غەربىي يۇرتقا ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلىدى . جۇرچى ئۇرغۇ چەرچەن خانى جېنداغا يولنى توسۇپ ئۆتكۈزمەسلىك توغرىلىق يارلىق قىلغان بولغاچقا ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئارىدا زىددىيەت پەيدا بولغان. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» غا قارىغاندا ، ئەمەلىيەتتە چەرچەن خانلىقى « ‹كالپۇك بولمىسا چىش مۇزلايدۇ ، ھازىر ۋېي سۇلالىسى ۋۇۋېينى يوقاتتى . ئەمدى نۆۋەت بىزگە كېلىدۇ . ئەگەر ئۇنىڭ ئەلچىلىرى كېلىپ ئېلىمىزنىڭ ئىشلىرىنى بىلىۋالسا ، ئېلىمىز ئۆزۈنىغا قالماي يوقۇلىدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇلاردىن ئالاقىنى ئۈزسەك، ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرەلەيمىز› دەپ قاراپ ، چېگرىدىكى يوللارنى توسىۋەتتى...» ⑮. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا مۇنداق دېيىلگەن : «(مىلادىيە 445 ـ يىلى) كۈز ، 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ، چەۋەنداز مەھرەم بېگى ، چېگىجى گۈڭى ۋەن دۇگۇي يېنىك قوراللانغان چەۋەندازلارنى باشلاپ چەرچەنگە بېرىپ ، چەرچەن خانى جېندانى تۇتۇپ ، پايتەختكە قايتىپ كەلدى » ⑯ . يەنە مۇشۇ ئەسەردە بايان قىلىنىشىچە ۋەن دۇگۇي 5000 دىن ئارتۇق چەۋەندازنى باشلاپ چەرچەنگە ھۇجۇم قىلىپ خان جېندانى تۇتۇپ ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسىگە ئېلىپ كەلگەن . ۋېي پادىشاھى جياۋجى گۈڭى خەن با (韩拔) نى مۇۋەققەت ئەلچى ، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن ، غەربىي رۇڭلارنى قوغدىغۇچى چېرىكچى ، چەرچەن بېگى دېگەن مەنسەبلەر بىلەن چەرچەنگە ئىبەرتىپ ۋىلايەت ، ناھىيىلەرنى تەسىس قىلىپ باج ، ئالۋاڭ ـ ياساق يىغقان. ۋېي سۇلالىسى مىلادىيە 448 ـ يىلى چەرچەندە ھەربىي بازار تەسىس قىلىپ ئىدارە قىلغان.

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا ، چەرچەن خانلىقى مىلادىيە 445 ـ يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقۇتۇلۇپ ، ئاخىرقى خان جېندا ۋېي سۇلالىسى ئاستانىسىگە ئېلىپ كېتىلگەن . گەرچە ۋېي پادىشاھىنىڭ ئاخىرقى چەرچەن خانى جېنداغا ياخشى مۇئامىلە

قىلغانلىقى يېزىلغان بولسىمۇ كېيىنكى تەقدىرىدىن خەۋەرسىزمىز، شۇنىڭغا ئوخشاش ئالدىنقى خان بەگروڭنىڭ سارمادانىغا كۆچكەندىن كېيىنكى تەقدىرىدىنمۇ خەۋەرسىزمىز. شۇندىن باشلاپ بۇ يەر ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولدى. مۇشۇ ئۇچۇرلارغا قارىغاندا چەرچەن خانلىقى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 - يىلىدىن مىلادىيە 445 - يىلىغىچە 522 يىل هۆكۈم سۈردى ، ناۋادا كروران خانلىقىدىن هېسابلىغاندا تېخىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ . ۋېي سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن چاقىلىق رايونىغا دەسلەپ خەن با ئىسىملىك بىرى باسقاق بەگ بولغان ، ئۇندىن كېيىن ، يەنى مىلادىيە 466 - يىلىدىن 471 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەلۇم ۋاقىت «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 84 - جىلدىغا تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلگەن كى بۇبا (乞伏保) ئىسىملىك ئۇيغۇر (قاڭقىللاردىن) باسقاق سانغۇنى (镇将) بولغان. تارىخشۇناسلارنىڭ هۆكۈمىچە، ۋېي سۇلالىسىنىڭ چاقىلىق رايونىغا بولغان هۆكۈمرانلىقى كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيە 472 - يىلىغىچە داۋام قىلغان. مۇشۇ ۋاقىتلاردا خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 柔然، 蠕蠕 ، 茹茹 دېگەندەك ناملاردا ئاتالغان قوۋم - رورانلار بۇ يەرنى ئىگىلىگەن . رورانلار بۇرۇنقى تارىخ كىتابلىرىنىڭ تەرجىمىسىدە جورجان دەپ ئېلىنغان، لېكىن بۇ نامنىڭ مەنبەئىي ھەققىدە ئېنىق بىر قاراش بولمىغانلىقتىن مۇشۇنداق ئېلىپ تۇردۇق. رورانلارنى توڭغۇس سيانپىلاردىن، يۇچۇنتۇركلىرى (هۇنلار) دىن ، ئارىلاشما غۇزلاردىن ، تۈركىي قوۋملاردىن كېلىپ چىققان دېگەندەك ھەر خىل قاراشلار بار. ئۇلارنىڭ هاكىمىيىتى 402 - يىلىدىن 555 - يىلىغىچە داۋام قىلغان. 460 - يىلىدىن كېيىن ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوچو (تۇرپان) رايونىدىكى هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان، شۇندىن كېيىن چەرچەن، كىنگىت قاتارلىق خانلىقلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغانلىقى يازمىلاردا يېزىلغان. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا چەرچەن خانلىقى تەۋەسى 460 - يىلىدىن كېيىن ، رورانلار دۇنخۇاڭغا هۇجۇم قىلغان 472 - يىلىدىن بۇرۇن رورانلار تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن . رورانلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا نۇرغۇن تۈركىي تىللىق قوۋملار بار ئىدى ، ئۇلارنى رورانلار تۆمۈرچىلىك ئىشلىرىغا سالغان . 487 - يىلى رورانلارغا تەۋە ئۇيغۇر قوۋملىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىللىق جاكارلىدى، رورانلارنىڭ كۈچىمۇ زور دەرىجىدە ئاجىزلىدى. چۈنكى بۇ قېتىم قوچو (تۇرپان) دا هاكىمىيەت قۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 100 مىڭ چېدىردىن ئاشاتتى . پروفېسسور دۇەن لىيەنچىننىڭ هۆكۈمى بىلەن ئېيتقاندا 492 - يىلى 8 - ئايدىن كېيىن، 493 - يىلىدىن بۇرۇن ئۇيغۇر قاڭقىل خانلىقى چەرچەن خانلىقىنى رورانلاردىن تارتىۋالغان. مىلادىيە 500 - يىللار ئەتراپىدا چەرچەن خانلىقى تېروتورىيىسى تۇيغۇنلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان . تۇيغۇنلارنىڭ خانلىقى 6 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىنى هۆكۈمرانلىقىغا ئېلىپ ، تاكى 7- ئەسىرنىڭ 30 - ، 40 - يىللىرىغىچە بۇ يەرگە هۆكۈمرانلىق قىلىدى. 7- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تۇبۇتلەر كۈچىيىشكە باشلىغان ھەمدە تېزلىك بىلەن شەرققە كېڭەيگەن. مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى (مىلادىيە 663 - يىلىدىن سەل كېيىن) كۆكنۇر (چىڭخەي) نىڭ غەربى، شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىنى ئىگىلەپ تۇيغۇنلارنى بويسۇندۇردى تارىم ۋادىسىغا باستۇرۇپ كىردى. تۇبۇتلەر تارىم ۋادىسىغا كىرىشتە ئالدى بىلەن ئاياققۇم كۆلى بويىدىكى شەھىرى سابىزنى ئىگىلىگەن ھەمدە ئۇ يەرنى ئارقا سەپ قىلىپ ئالتۇن تاغدىن ھالقىپ تارىم ۋادىسىغا كىرگەن، شۇنداقلا هۆكۈمرانلىق مەركىزى قىلغان. تۇبۇتلەر چاقىلىق رايونىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن چوڭ چەرچەن (بۇ ۋاقىتتىكى چوڭ چەرچەن مىرەن كونا شەھىرى بولۇشى مۇمكىن) ۋە شەھىرى سابىزدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىردىن تۇمەنباشى قويۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان .

ئىزاھات:

① سىما چيەن «تارىخىي خاتىرىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 407 ـ بەت.

② سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 490 ـ بەت.

③ ھېرمان «كىروران» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 58 ـ بەت.

④ مېلڭ فەنرېن «كىرورانىنىڭ يېڭى تارىخى» نۇر گېزىتى نەشرىياتى ۋە يېڭى زېللاندىيە ھوللاند نەشرىيات چەكلىك شىركىتى 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 20 ـ بەت.

⑤ستەيىن «كىروراندىن ئۆتۈش» گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 124 ـ بەت.

⑥جياڭ شوپېڭ «جۇڭگودىكى "پومپېي" ـ سىرلىق شەھەر كىروران» «شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى» 2007 ـ يىللىق خەنزۇچە سان 20 ـ بەت.

⑦ مېڭ فەنرېن «كىرورانىنىڭ يېڭى تارىخى» جۇڭگو نۇرلۇق گېزىتخانىسى نەشرىياتى، يېڭى زېللاندىيە ھوللاند نەشرىيات چەكلىك شىركىتى 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 21 ـ بەت.

⑧ شۈەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» يۆلۈ نەشرىياتى 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 699 ـ ، 700 ـ بەتلەر.

⑨سۇ بەي «شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش ۋە غەربىي يۇرت كۇلتۇرى» ئاۋرېل ستەيىننىڭ شياڭدا تەرجىمە قىلغان «ستەيىننىڭ غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسىدىن خاتىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2010 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرىگە كىرگۈزۈلگەن باشلانما ماقالە 4 ـ بەت.

⑩ سۇ بەي «شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش ۋە غەربىي يۇرت كۇلتۇرى» ئاۋرېل ستەيىننىڭ شياڭدا تەرجىمە قىلغان «ستەيىننىڭ غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسىدىن خاتىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2010 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرىگە كىرگۈزۈلگەن باشلانما ماقالا 2 ـ بەت.

⑪ ھېنرى ماسپىرو «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن تەلەپپۇزى ئۈستىدە تەتقىقات» جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 2005 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرىگە قاراڭ.

⑫جوڭ شىڭ «غەربىي يۇرت يەر ناملىرىنى تەھقىقلەش » دۆلەتلىك كۇتۇبخانە نەشرىياتى 2008 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 390 ـ بەت.

⑬ فولك بېرگمان «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 75 ـ بەت.

⑭ «ئۇچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى جىننامە سۇڭنامە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 712 ـ بەت

⑮ لى يەنشۇ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 406 ـ بەت

⑯لى يەنشۇ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 14 ـ بەت

(ئاپتور : چاقىلىق ناھىيەلىك تېلېگراف شىركىتىدە )
تەھرىرلىگۈچى : ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# 吐鲁番学研究

吐鲁番学研究 2013 年第二期　维吾尔文 （总二十八期）

吐鲁番学研究编委会
主　任：阿布拉・卡斯木　副 主 任：艾里肯・巴拉提　艾尔肯・伊明尼牙孜
总　编：艾里肯・巴拉提　主　编：艾尔肯・伊明尼牙孜
编　辑：阿不都古力・阿部力米提、艾尔肯・伊明尼牙孜、祖力菲亚・买买提、吾买尔・卡得尔

## 目　录

**吐鲁番学研究**

吐鲁番考古与吐鲁番学展望 …… 阿布里木·可依木 … 2

高昌回鹘王国时期 …… 田卫疆文 … 阿不来提・努尔东 … 8

**考古研究**

明代瓷片靠 …… 阿布来提·阿布拉 … 24

论吐鲁番考古发现的民族服饰 …… 再同古丽・阿布都热合曼 … 30

**吐鲁番教育文化研究**

维吾尔小刀文化之桂冠“英吉沙小刀” …… 图尔洪·玉麦尔　阿布都西库尔·热西丁 … 38

浅谈维吾尔新时期教育 …… 马和木提·再以丁 … 44

**历史人物**

论高昌健儿塔塔统阿 …… 帕塔尔·吐尔逊 … 59

论 PETER WILHELM RADLOF 与突厥学研究 …… 玉苏普江·亚森 … 62

**西域古文字研究**

试论《五体清文鉴》及它对维吾尔辞书史上的重要地位 … 凯迪尔丁・努尔艾合麦提 … 82

论维吾尔语和突厥语语音学的对比 …… 米力古丽·合里力，古丽娜尔·米吉提 … 93

浅谈伊吾和吐鲁番方言 …… 阿卜拉江·玉苏甫 … 102

**吐鲁番文物研究**

伊朗语吐鲁番文书近期工作综述 …… 依明江·塔吉 译 … 119

试论“乌古斯可汗传”的变体 …… 艾麦提·代尔维斯 … 127

论罗兰地名和罗兰王国 …… 阿力甫·巴拉提 … 150



ئالتۇن قاداق



ئالتۇن ھالقا



ئالتۇن ئۈزۈك



ئالتۇن قاداق